ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

2014 - يىللىق 1 - سان (ئومۇمىي 29 - سان)

تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى: ئابلا قاسىم مۇئاۋىن مۇدىرى: ئەركىن بارات ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق
باش مۇھەررىرى: ئەركىن بارات مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق
تەھرىر: دۇگۇل ئابلىمىت ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق زۇلپىيە مۇھەممەت ئۆمەرجان ئابدۇقادىر

## بۇ ساندا

### تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

مۇزېيشۇناسلىقتىن تۇرپان مۇزېيىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا نەزەر ............. زەيتۇنگۈل ئابدۇرەھمان ... 2
تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ۋەسىقىلەرنىڭ سانى ۋە تۈرى توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات ...... گۈلنۇر ھەمدۇل ... 12

### تۇرپان مەدەنىيەت تەتقىقاتى

1898 - 1909 - يىللىرىدىكى رۇسىيە ئارخېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ تۇرپاندىكى ئىككى قېتىملىق تەكشۈرۈش پائالىيىتىدىن قىسقىچە بايان ............... ۋېيمىڭ ...تەرجىمان: ئىمىن تاجى ... 22
تۇيۇق مىڭئۆيى ۋە تام رەسىم ھېكايىلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە ............................ ۋۆمەر قادىر ... 32

### قوچو ئۇيغۇرمەدەنىيىتى تەتقىقاتى

تۇرپان بوستانلىقىنىڭ 4 - 10 - ئەسىرلەردىكى مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان ......ئەنۋەر قاسىم ... 62
غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆرسەتكەن تەسىرى ............ يۇسۇپ ئەخمىدى ... 84
قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى پۇللار .................................. مۇھەممەد تۇرا ... 88

### مەشھۇرشەخسلەر

بىزنىڭ قوشاقچى ئانىلىرىمىز ...................................... ياقۇپ ئىسمائىل قورولچى ... 95
ئۇيغۇر ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدىكى ئايال ئوبرازلار ھەققىدە ...... .ئو.ئۇتغۇر ... تەرجىمان: مۇھەممەتئېلى ئەنۋەر ... 97

### تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقاتى

خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان كارىز چېپىش تېخنىكىسى توغرىسىدا يۈزەكى ئىزدىنىش ... ئابلەت ئابلا ... 127
تارىخ ئاتالغۇچىلىقى ۋە ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم ............... ئېلشات ئەيسا ... 135
گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ................. ئەخمەت مۆمىن تارىمى ... 145

### مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى

تاللىقبۇلاق مىڭئۆيى توغرىسىدا ............................ئەنۋەر مۇھەممەت ... 154

# مۇزېيشۇناسلىقتىن تۇرپان مۇزېيىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا نەزەر

زەيتۇنگۈل ئابدۇرەھمان

مۇزېي - ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق تارىخى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى؛ ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئەقىل پاراسىتى ۋە ئۇزاق يىللىق جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق ياراتقان ماددىي مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى يىغىپ، ساقلاپ تەتقىق قىلىدىغان، كۆرگەزمە قىلىدىغان، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئىجتىمائىي بىلىم تەربىيەسى ئېلىپ بارىدىغان مۇھىم ئورۇن. ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ يېتىشكەن مەلۇم باسقۇچنىڭ مەھسۇلى، جەمئىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ مۇزېي ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ كەلگەن.

غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەردە قەدىمكى ئاسارە-ئەتىقىلەرنى يىغىپ ساقلاش قىزغىنلىقى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتلاردا، ئەنگلىيەدىكى ھانس سىلون، روبېرت كوتتون ۋە روبېرت خاررىي قاتارلىق ئاقسۆڭەكلەر قەدىمكى بۇيۇملارنى يىغىپ ساقلىغان ئىدى. 1753-يىلى، ھانس سىلون ئۆزى ساقلاپ كەلگەن 80 مىڭ دانە شەخسىي بۇيۇمنى دۆلەتكە تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۇزاق ئۆتمەي قالغان ئىككى كىشىمۇ ئۆيىدىكى تارىخىي كىتاب، قوليازما قاتارلىقلارنى تاپشۇرۇپ ئەنگلىيە خان جەمەتى مۇزېيىنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ لەپتىكى ئاساسىنى سالغان. 1759-يىلى 15-ئۆكتەبىردىن باشلاپ دۇنيادىكى تۇنجى مۇزېي ئەنگلىيە خان جەمەتى مۇزېيى كەڭ ئاممىغا ھەقسىز ئېچىۋېتىلگەن. 19-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن باشلاپ ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەردە مۇزېينىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى.

يەنى ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئىلىم-پەن مۇزېيى، تەبىئىي پەن مۇزېيى ۋە تارىخىي مۇزېيلارنى قۇرۇش دولقۇنى بارلىققا كېلىپ، مۇزېيلار ئاممىغا پەيدىنپەي ئېچىپ بېرىلىپ، يىغىپ ساقلاش، تارقىتىش، تەلىم-تەربىيە بېرىش ۋە تەتقىق قىلىش فونكسىيىسىگە ئىگە بولغان. مۇزېي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەردە يىغىپ ساقلاش ئېڭى، تارقىتىش ئېڭى، تەلىم-تەربىيە ئېڭى ۋە تەتقىق قىلىش ئېڭى تەدرىجىي شەكىللەنگەن.

ئىسلاھات ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 30 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، ئېلىمىز ئىقتىسادى زور تەرەققىي قىلدى، ئېلىمىزنىڭ ئۇنۋېرسال دۆلەت كۈچى كۆرۈنەرلىك زورىيىپ، خەلقئارادىكى ئورنى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، مەنىۋى ئېھتىياجى ۋە تەلىپى تېخىمۇ ئاشتى. دۆلەتنىڭ يۇمشاق دېتال، مەدەنىيەتكە سالىدىغان مەبلىغى كۆپىيىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقى، مۇزېي

www.uyghurkitap.com



ئىشلىرىمۇ تەرەققىي قىلدى. يېقىنقى بىرقانچە يىل مابەينىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ يېڭى زامانىۋى مۇزېيلار ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلدى ھەمدە دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، 2008 - يىلدىن باشلاپ مۇزېيخانىلا ھەقسىز ئېچىۋېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئېكىسكۇرسىيەچىلەرنىڭ سانى زور دەرىجىدە ئاشتى. ئېكسكۇرسىيەچىلەر قاتلىمىدا ئۆزگىرىش بولدى. ئىلگىرى ئىقتىسادى بىر قەدەر ياخشى كىشىلەر ۋە خىزمەتچىلەرلا مۇزېيخانىلارغا بارالايتتى. ھەقسىز ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن نۇرغۇن پۇقرالار مۇزېيخانىلارغا كېلىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلالايدىغان بولدى. بۇنىڭغا ماس ھالدا نۇرغۇن مۇزېيلار قايتا سېلىنىپ، قاتتىق دېتال قىسمى ئاساسىي جەھەتتىن ياخشىلاندى. نۆۋەتتىكى مەسىلە باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قوشۇننى سەرخىللاشتۇرۇش، سەرخىل كۆرگەزمىلەرنى يارىتىش، مۇلازىمەتنى تېخىمۇ ياخشىلاش ھەم مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، ھەرخىل زامانىۋى ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، تەشۋىق تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، مۇزېينىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا بولۇپ قالدى.

تۇرپان مۇزېيخانىسىنى مىسالغا ئالساق تۇرپان مۇزېيى كۆرگەزمە، يىغىپ ساقلاش، قوغداش، تەتقىقات بىرلەشتۈرۈلگەن ئۈنۈېرسال خاراكتېرىدىكى مەملىكەتلىك 2 - دەرىجىلىك مۇزېي. ئومۇمىي كۆلىمى 17570 كۋادرات مېتىر بولۇپ، كۆرگەزمە كۆلىمى 4278 كۋادرات مېتىر. مۇزېينىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىدە 56 مېتىر كېلىدىغان كۆزۈتۈش مۇنارى بار بولغان زامانىۋى مۇزېيخانا. تۇرپان مۇزېيىدا ساقلانما مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىككى تۈمەندىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچى دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن 878 ئىككىنچى دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن 29، ئۈچىنچى دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن 131 427. ساقلانغان بۇيۇملار تۇرپاندىكى ھەرقايسى مەزگىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، قەدىمكى دەۋردىكى بۇيۇملار كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تۈرلىرىدىن ساپال بۇيۇملار، لاي قونچاق، ياغاچ بۇيۇملار، بىرونزا - تۆچ بۇيۇملار، خەت - چەك، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار، كەركىدان تاشقاتمىسى، قۇرۇق جەسەت قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۇرپان مۇزېيىدا ھازىر 10 بولۇپ، نۆۋەتتە ئاساسلىق كۆرگەزمە زالىدىن بەشىسى يەنى، تۇرپاننىڭ ئومۇمىي تارىخىي كۆرگەزمە زالى، كەركىدان تاشقاتمىسى كۆرگەزمە زالى، خەت - چەك كۆرگەزمە زالى، قۇرۇق جەسەت كۆرگەزمە زالى، قەدىمكى پۇللار كۆرگەزمە زالى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. كۆرگەزمىگە قويۇلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلاردىن 666 سى 666. ئۈچ مەخسۇس كۆرگەزمە زالى بار. 2008 - يىلى 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن باشلاپ سىرتقا ھەقسىز ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان بولۇپ، يىلدا 345 كۈن ئېچىۋېتىلىدۇ. بۇ مۇزېيخانا ھەقسىز ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى 51 تۈمەندىن ئارتۇق ئېكىسكۇرسىيەچىنى كۈتىۋالدى. ساياھەتچىلەر سانىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ھازىر مۇزېيخانىمىزدا

خىلمۇ خىل مۇلازىمەتلەر كۆپەيدى. يەنى مەخسۇس نەرسە - كېرەك ساقلاش ئۆيى تەسىس قىلىندى، ئېكىسكۇرسىيەچىلەر ئارام ئالىدىغان ئورۇنلار كۆپەيتىلدى، بوۋاقلار هارۋىسى، مېيىپلار هارۋىسى، هاسا14 مېنىرال سۇ دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن هەقسىز تەمىنلەيدۇ. تازىلىق ئۆيى كۆپەيتىلدى ۋە شارائىتى ياخشىلاندى. بۇلارنىڭ هەممىسى مۇزېيخانىنىڭ ئادەمنى ئاساس قىلىش ئىدىيەسى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. لېكىن خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى، ئىستېمال سەۋىيەسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشى . مۇزېيخانىلار يەنىمۇ كۆپ مۇلازىمەتلەرگە ئېهتىياجلىق بولماقتا. بۇنىڭ ئۈچۈن:

1. تۇرپان مۇزېيخانىسىدا هازىر ئاۋازلىق يېتەكچىلەر ئاپاراتى قويۇلدى، بۇ ساياهەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تارىخ مەدەنىيەت بىلىملىرىگە بولغان ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇپ، مۇزېيخانىغا بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. تۇرپان ئومومىي تارىخى كۆرگەزمىسى ۋە كەركىدان تاشقاتمىسى كۆرگەزمىسىدە ساياهەتچىلەر ئادېفوننى تاقاپ، ئۆزى قىزىققان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ نومۇرىنى باسسا ماس كېلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلىيالايدۇ، بۇ ئۇسكۇنىنىڭ بولۇشى ساياهەتچىلەرگە چۈشەندۈرگۈچى بولمىسىمۇ ئۆز ئالدىغا ئۆزى قىزىققان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى بىمالال ئاڭلىيالايدىغان بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن قالغان ئۈچ ئاساسى كۆرگەزمىگىمۇ ئورنىتىش هەمدە بەزى ۋەكىل خاراكتېرلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ قىزىقارلىق هېكايىلىرىنى چوڭلارغا، ياش ئۆسمۈرلەرگە ماس كېلىدىغان مەزمونلار بىلەن تولۇقلاش، مۇزېينى ئېكىسكۇرسىيە قىلغۇچىلارنى تېخىمۇ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇشقا مۇهتاج.

2. تۇرپان مۇزېيخانىسى مۇزېيخانا تور بېتىنى قۇردى. http://www.tlfbwg.com》 بۇ تور بەتكە چىقىپ مۇزېي ساهەسىدىكى يېڭى بەلگىلىمە قانۇنلاردىن، تۇرپان مۇزېيىخانىسىغا ۋە باشقا مۇزېيلارغا ئائىت يېڭى ئۇچۇرلاردىن خەۋەردار بولغىلى بولىدۇ. تۇرپان مۇزېيىدىكى بارلىق زاللارنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى، ئەتراپتىكى ئەڭ يېقىن ئايلىنىپ كېلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىلىرىنىڭ چۈشەندۈرىشىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ساياهەتچىلەر توردىن ئۆزى قىزىققان نۇرغۇن ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيدۇ. تۇرپان مۇزېيى تور بېتىگە هازىر بار بولغان مەزمونلاردىن با ttp ئېكىسكۇرسىيەچىلەر مۇزېيخانىغا كىرىشتىن ئىلگىرىكى، كىرگەن چاغدىكى، كۆرۈپ بولغاندىن كېيىنكى تاماق، ياتاق، يول، ساياهەت قىلىش ۋاقتى، نەرسە- كېرەك، سوۋغات سېتىۋېلىش، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلىسە، يەنە ئۇنىڭدىن باشقا مۇزېيغا ئاممىۋى قاتناش .ارقىلىق قانداق بارىدۇ؟ مۇزېيخانا تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ هاۋارايى ئەهۋالى قانداق؟ قانداق ئالاهىدە يېڭى ۋاقىتلىق كۆرگەزمىلىرى بار؟ قانداق تەشۋىق - تەربىيە پائالىيەتلىرى بار؟ دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاپ بېرىلسە ئېكىسكۇرسىيچىلەرگە تېخىمۇ ياخشى ۋە ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلغىلى بولىدۇ.

3. تۇرپان مۇزېيخانىسىنىڭ بىر كىنو قويۇش زالى بار، چوڭلۇقى 100 كۇۋادىرات مېتىر كېلىدىغان چىرايلىق بىزەلگەن بۇ كىنوخانىدا تۇرپاننىڭ يەرلىك ئالاهىدە

www.uyghurkitap.com



مەنزىرلىرىنى، ساياھەت نۇقتىلىرىنى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى، ئارخېئولوگلارنىڭ تۇرپاندىكى - ئالىيەتلىرىنى چۈشەندۈردىغان لېنتىلار قويۇلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئېكىسكۇرسىيىچىلەرنىڭ تۇرپاننى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشى ئۈچۈن ئاساس سېلىنىپ، تۇرپاندىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلماقتا، ھەمدە ئارخېئولگلارنىڭ يېڭى ئارخېئولوگىيە نەتىجىلىرى نامايان قىلىنماقتا. بۇنىڭدىن كېيىن تۇرپان مۇزېيى بۇ خىلدىكى فىلىملەردىن باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئائىت ياش ئۆسمۈرلەر قىزىقىدىغان 4D كىنولىرىنىمۇ قويۇشى كېرەك، ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ بۇ كىنولار ئارقىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلارغا بولغان چۈشەنچىسى ۋە قىزىقىشى تېخىمۇ چوڭقۇرلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار كەلگۈسىدە ئاستا- ئاستا مۇزېيغا دائىم كېلىپ - كېتىدىغان دائىملىق تاماشىبىنلارغا ئايلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە جېجياڭ تەبىئەت مۇزېيى (3 -ئىرا) ترىئاس ئېراسى(三叠纪) دېڭىز مەخلۇقى ناملىق 4D كىنوسى ئىشلەپ، ئەينى چاغدىكى دېڭىز مەخلۇقلىرىنىڭ ھايات كەچۈرۈش ھالىتىنى ئىنتايىن جانلىق تەسۋىرلەپ، ئېكىسكۇرسىيىچىلەرنىڭ بولۇپمۇ ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

4. سەييارە كۆرگەزمە ئۆتكۈزۈش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىلىشى كېرەك. بۇ ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئۈنۈملۈك شەكىلنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل شەكىلنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۆتكۈزۈلۈشى تېز، ئۆسكۈنىلىرى يەڭگىل، تەنەرقى تۆۋەن، ئۈنۈمى يۇقىرى، كىچىك ۋە چاققان، جانلىق، ئامىمىغا قۇلايلىق بولۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيەنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىگە ۋاقتىدا ماسلىشالايدۇ. تۇرپان مۇزېيخانىسى نەچچە يۈرۈش كۆرگەزمە تاختىسى ياسىتىپ، مەكتەپلەرگە، ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرىغا، يېزىلارغا چۈشۈپ، تۇرپاننىڭ ئومۇمىي تارىخى كۆرگەزمىسى، كەركىدان تاشقاتمىسى كۆرگەزمىسى، يارغول قەدىمكى شەھىرى، قوچو قەدىمكى شەھىرىنى دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئىلتىماس قىلىش كۆرگەزمىسى توغۇرلۇق سەييارە كۆرگەزمىلەرنى ئۆيۈشتۇرۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆستۈرۈشكە قولايلىقلارنى يارىتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىخچام ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى كىرىشتۈرۈش ئارقىلىق تەشۋىقات ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ھەمدە نۇرغۇن ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. مەكتەپلەردە كومپيۇتېر، پرويېكسىيە ئاپپاراتى ئارقىلىق لىكسىيە سۆزلەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت بىلىملىرى چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭدىن كېيىن تۇرپان مۇزېيى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تەقلىدىي بۇيۇملىرىنى ياساپ ئېلىپ چىقىپ، يېزىلارغا، مەكتەپلەرگە، ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرىغا بىللە ئېلىپ كىرىشى كېرەك. بۇ ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا بولغان تونۇش، قوغداش چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شەھەر- يېزىلاردا ئۆزگىچە تارىخىي مەدەنىيەت مەزمۇنىنى تولۇق نامايان قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى تېخىمۇ كۈچەيتكىلى بولىدۇ. ھازىر

مەملىكىتىمىزدىكى تەرەققىي قىلغان شەھەرلەردىكى مۇزېيخانىلار يېزا - قىشلاقلارغا، بازارلارغا، مەكتەپلەرگە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ياكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تەقلىدىي بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كىرىپ سەييارە كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرماقتا. يەنە بەزىلىرى سودا - سارايلار بىلەن توختاملىشىپ، بىر قىسىم كۆرگەزمىلەرنى سودا سارايلار ئىچىگە قويىۋاتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سودا - سارايلارغا كىرگەن كىشىلەر بىر ياقتىن بازار ئايلىنىپ، بىرياقتىن بالىلىرى بىلەن بىرقەدەر يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ۋە كۆرۈش قىممىتىگە ئىگە كۆرگەزمىلەرنى كۆرۈپ ھوزۇرلىنىشقا قولايلىق يارىتىلدى. مەسىلەن: جېجياڭ تەبىئەت مۇزېيخانىسى بىلەن خاڭجۇ جۇڭئەن سودا مەركىزى بىرلىشىپ ‹‹تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئاجايىپ ساياھەت›› كۆرگەزمىسىنى ئۇيۇشتۇرغان، نۇرغۇن ھايۋانات ئەۋرىشكىلىرىنى سودا ساراي ئىچىگە قويۇپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

5. ھازىر مەملىكىتىمىزدىكى تېخنىكىسى تەرەققىي قىلغان نۇرغۇن مۇزېيلاردا پىدائىيلار خىزمىتى تۈزۈملىشىپ، مۇكەممەللىشىش باشلىدى. بۇ مۇزېي خىزمىتىدىكى بىر يېتەرسىزلىكنى تولۇقلىدى. تۇرپان مۇزېيخانىسىدا ھازىر تەربىيەلەنگەن پىدائىيلار 200 نەپەردىن ئاشىدۇ. بۇ پىدائىيلار شەنبە - يەكشەنبە كۈنلىرى مۇزېيخانىغا كېلىپ، مۇزېيخانىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېكىسكۇرسىيىچىلەرگە چۈشەندۈرۈشنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ تارىخ، پەن- مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە مۇزېيخانىدا خالىس مۇلازىمەت قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ساياھەتچىلەرگە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاددىي تىلدا چۈشەندۈرۈپ، ساياھەتچىلەر بىلەن مۇزېيخانا ئوتتۇرىسىدا ياخشى كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىماقتا. ھازىر تۇرپان مۇزېيخانىسىدا پىدائىيلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، شۇڭا تەتىلدىن باشقا چاغلاردا پىدائىيلارنىڭ مۇزېيغا كېلىپ، سۆزلەپ بېرىدىغانلىرى ئاز. كۈندىن كۈنگە ئېشىۋاتقان ساياھەتچىلەر سانىغا، ھەم يۇقىرى ساپالىق ساياھەتچىلەرگە ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيەسىدىكى پىدائىيلارلا بولسا بولمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بىز پىدائىيلارنىڭ ياش قۇرۇلمىسى، مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە يەنىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيەسىدىكى جەمئىيەتتىكى ئاكتىپ كۈچلەردىن پايدىلىنىپ، پىدائىيلار قوشۇنىنى سەرخىللاشتۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ جەھەتتە دۆلىتىمىزدىكى مۇزېيلار ئىچىدە شاڭخەي، سۇجۇ مۇزېيخانىلىرىنىڭ پىدائىيلار خىزمىتى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ئۇلار ھەر يىلى پىدائىي قوبۇل قىلىش توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇش چىقىرىدۇ. ئىلتىماس قىلغۇچىلار جەدۋەل تولدۇرىدۇ. جەدۋەلگە ئوقۇش تارىخى، كەسپىي ئارتۇقچىلىقى، قىزىقىشى، ئارزۇسى، خىزمەتكە چىقالايدىغان ۋاقتى، تەلىم - تەربىيىنى قوبۇل قىلالامدۇ- يوق قاتارلىقلارنى تەپسىلىي تولدۇرىدۇ. مۇزېينىڭ ئالاقىدارلىرى ئىلتىماسنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن يۈز - تۇرانە سۆھبەتلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن مۇددىئاسى، مىجەزى، پوزۇتسىيىسى، قىزىقىشى، تەجرىبىسى، ئىپادىلەش ئىقتىدارى، كەسپىنى قەدىرلەش روھىغا قاراپ پىدائىيلىقا دەسلەپكى قەدەمدە تاللىۋالىدۇ.

www.uyghurkitap.com



قوبۇل قىلىنغۇچىلارغا نەچچە كۈن ۋاقىت ئاجرىتىپ ئادەتتىكى مەشىق ۋە زۆرۈر بولغان مەخسۇس كەسپىي مەشىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. تەربىيەلەش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يازمىچە ئىمتىھان ئېلىپ ئاندىن لاياقەتلىك بولغانلىرىنى پىدائىيلىققا تاللىۋالىدۇ. قوبۇل قىلىنغۇچىلار ئوقۇتۇشتا ئەڭ تەجرىبىلىك، جەمئىيەتتە ئابرويى بار، مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بولغان خىزمەتتىكى ياكى دەم ئېلىشقا چىققان ئىدارە ئورگان ياكى شەخسىي ئورۇنلاردىكى خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، مۇزېي ھېچقانداق بەدەلسىزلا مۇنەۋۋەر ئادەم كۈچى ۋە ئىختىساسلىقلار بايلىقىغا ئېرىشكەن.

6. مۇزېي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ ساقلايدىغان ھەم ئىلمىي ئۇسۇلدا قوغدايدىغان، تەتقىق قىلىدىغان، كۆرگەزمە قىلىدىغان ۋە تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ بارىدىغان تارىخىي مەدەنىيەت كۆزنىكى، شۇنداقلا بىباھا مەدەنىيەت - سەنئەت جەۋھەرلىرى خەزىنىسىدۇر. مۇزېينىڭ مەقستى ۋە ۋەزىپىسى ئەجدادلار ياراتقان شانلىق تارىخىي مەدەنىيەتنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، كىشىلەرگە، بولۇپمۇ ياشلار ئۆسمۈرلەرگە ئەنئەنىۋىي مەدەنىيەت ئېڭى ۋە مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى، مىللىي غورۇر يېتىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، تارىخنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، ئېسىل ئەنئەنە تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك ۋە ماددىي مەدەنىيلىك قۇرلۇشىغا ئاكتىپ تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت. تۇرپان مۇزېيى ھازىر شەنبە - يەكشەنبە كۈنلىرى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ رەسىمىنى سىزىشقا، مودېلىنى ياساشقا قىزىقىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشى ئاساسىدا يېتەكلەپ ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەققىدىكى بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە، ئۇلارنىڭ كۈزۈتۈش، تەتقىق قىلىش، تەقلىد قىلىش، ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىپ ئۆز قىزىقىشىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، كەركىداننىڭ، دىنازاۋورلارنىڭ، ساپال بۇيۇملارنىڭ، قەدىمكى مىس پۇللارنىڭ رەسىمىنى سىزىدىغان، بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ مودېلىنى سېغىز لايدا ياسايدىغان قولھۈنەر پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۆرۈپ-ئەنئەنىلىرىمىزنى ئۆگۈتىدىغان پائالىيەتلەردىن نورۇز بايرىمىدا نورۇز ئېشى ئېتىپ، نورۇز قوشاقلىرىنى ئوقۇپ، نورۇزنىڭ كېلىش تارىخى، ئەھمىيىتىنى سۆزلەپ چۈشەندۈرىدۇ. باھار بايرىمىدا ھۆسنىخەت يېزىپ، رەسىم قىيىپ بارلىق ئەنئەنىۋى بايراملارنى چۈشەندۈرىدىغان ئەمەلىي پائالىيەتلەرگە تەشكىللەپ كەلدى. بۇنىڭدىن كېيىن تۇرپان مۇزېيى يۇقىرىقى خىزمەتلەرنى ئۈزلۈكسىز ياخشى ئىشلەشتىن باشقا ،تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىنى ئۇزۇن مۇددەت پىلانلاپ، يېتەكچىلەر قوللانمىسى ۋە مۇزېي تور بېتىدە بالدۇر ئوقتۇرۇش چىقىرىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، پائالىيەتكە قاتنىشىشنى خالايدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزلىرى ئالدىن تىزىملىتىدىغان، ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ.

تۇرپان مۇزېيخانىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات يۆلىنىشى

1. تۇرپان مۇزېيخانىسىدا يېتەكچىلەر قوللانمىسى بولۇشى كېرەك. قوللانما ئىچىدە مۇزېيخانىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىشتىكى ئاددى تەلەپلەر، ۋەكىل خاراكتېرلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ چۈشەندۈرمىسى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئائىت ئاددى بىلىملەر ھەمدە قىزىقارلىق زېھىن سىناش سوئاللىرى، مۇزېيخانىغا ئەڭ يېقىن ساياھەت قىلىدىغان ئورۇنلار، خاتىرە بۇيۇملار، مۇزېيخانىنىڭ شەنبە ـ يەكشەنبىلىك تەشۋىق ـ تەربىيە پائالىيەتلىرى ئۇچۇرى، ئەڭ يېقىن سودا سارايلار ئۇچۇرى، ئاممىۋى قاتناش ئۇچۇرى دېگەندەك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. ھەرقايسى قەۋەتلەردىكى ئەسلىھەلەرنىڭ ئاددى خەرىتىسى بولۇشى، بۇ خەرىتىگە قاراپ ئېكىسكۇرسىيەچىلەر ھەرقايسى قەۋەتلەردىكى كۆرگەزمىخانا، يىغىن زالى، كىنو قويۇش زالى، تازىلىق ئۆيى، چىقىش ئىشىكى قاتارلىق ئورۇنلارنى باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز تاپالايدىغان بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى مۇزېيخانىسىنىڭ يېتەكچىلەر قوللانمىسى ئىنتايىن ئەتراپلىق لايىھىلەنگەن دېيىشكە بولىدۇ.

2. ھازىر ساياھەتچىلەرنىڭ ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىكى ئېھتىياجى كۆنسېرى ئېشىپ بارماقتا. تۇرپان مۇزېيخانىسى مۇزېيخانا ئىچىگە كىتاب، رەسىم، خاتىرە بۇيۇم، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ياكى تەقلىدىي بۇيۇملار، سوۋغات بۇيۇملار دېگەندەك ساياھەتچىلەرگە زۆرۈر نەرسە ـ كېرەكلەرنى قويۇشى كېرەك. مۇشۇنداق ۋاستىلەر ئارقىلىق ئاممىغا مۇزېينىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى ۋە رولىنى تونۇشتۇرۇش، كۆرگەزمىنىڭ مەزمونى ۋە موزېيخانا مەدەنىيەت يادىكارلىقى ساقلانما بۇيۇملىرىنى تونۇشتۇرۇشى لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا كۆرگەزمىلەرنى كۆرۈپ چارچىغاندا ئولتۇرۇپ ئارام ئالغاچ ئىچىملىك ئىچىدىغان ياكى قەھۋە ئىچىدىغان ئورۇن ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئېكىسكۇرسىيەچىلەرگە قولايلىق يارىتىلىپ، يۇرۇشلەشكەن مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. تەرەققىي قىلغان دۆلەت ۋە شەھەرلەردىكى مۇزېيخانىلار بۇ جەھەتتە ئالدىدىن تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. مەسىلەن، ئامېرىكا نيۇيورك مەركىزى شەھەر مۇزېيى ھەر يىلى 6000 خىلدىن ئارتۇق كىتاب ساتىدىكەن. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قانۇنلۇق تەقلىد قىلىپ ياساپ سوۋغات بۇيۇم قىلىدىكەن. قەھۋەخانا ئىچىملىك ئىچىش ئورنى بار بولۇپ، بۇ ئارقىلىق مۇزېيخانا بەلگىلىك ئىقتىسادى ئۈنۈمگە ئېرىشىدىكەن، ھەم ئېكىسكۇرسىيەچىلەرنى نۇرغۇنلىغان قولايلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلەيدىكەن.

3. تۇرپان مۇزېيخانىسى رەقەملەشكەن موزېيخانىغا ئايلاندۇرۇلىشى كېرەك. كۆرگەزمە مەزمونى مول، بىر قەدەر مۇھىم، ۋەكىل خاراكتېرلىك كۆرگەزمىلىرىمىز رەقەملەشتۇرۇپ، ئېكىسكۇرسىيەچىلەر ئۈچۈن قولايلىق يارىتىلىشى كېرەك، ئادەتتە مۇزېيخانىلارنىڭ ئېچىلىش ۋاقتى تەخمىنەن 8 سائەت ئەتراپىدا بولىدۇ. 8 سائەتتىن كېيىن مۇزېيخانا ئىچىدىكى كۆرگەزمىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ. مۇزېيخانىغا ۋە كۆرگەزمىگە ئائىت ئۇچۇرلار رەقەملەشتۇرۇلسە ئېكىسكۇرسىيچىلەر

www.uyghurkitap.com



ۋاقىت، ئورۇن چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. خالىغان ۋاقىتتا، خالىغان جايدا مۇزېيخانا ۋە كۆرگەزمە بۇيۇملىرىغا ئائىت ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنالايدۇ. مۇزېيخانىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئېنىق بولمىغان جايلىرىنى، ياكى مۇھىم ۋاقىتلىق كۆرگەزمىلەرنى كۆرەلمەي قالسا، رەقەملەشكەن مۇزېي ئارقىلىق بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

4. باللار كۆرگەزمىلىرى قۇرۇلۇشى كېرەك. دۆلىتىمىزدە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بويان كۆپ قىسىم ئائىلىلەرنىڭ ئائىلە نوپۇس قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، يالغۇز پەرزەنتلىك ئائىلىلەر كۆپلەپ شەكىللەندى. باللارنى بېقىش - تەربىيەلەش جەريانىدا پەرزەنتلەرنىڭ خۇشاللىق- خاپىلىقى ئاتا - ئانىلارنىڭ زور باش قېتىنچىلىقى ياكى دىققەت نۇقتىسىغا ئايلاندى. ئادەتتە يالغۇز پەرزەنتلىك ئائىلىلەرگە نىسبەتەن باللارنىڭ مەكتەپتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا باشقىلار بىلەن كوللېكتىپ ھەرىكەت قىلىش، بىرەر ئىشقا ئۆز - ئارا ھەمكارلىشىش پۇرسىتى يوق دېيەرلىك. بۇ خىل رېئاللىق ئۇلارنىڭ پسىخىكىسىدا ئاسانلا ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنىلا مەركەز قىلىپ ياشاشتەك شەخسىيەتچىلىك، جۇرئەتسىزلىك خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. بۇ خىل تۇرمۇش ئادىتى قۇرامىغا يەتمىگەن ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا توغرا بولغان قىممەت قارىشى، ئىتپاقلىشىش قارىشى، كۆيۈمچانلىق، ھەمكارلىشىش ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە پايدىسىز. مۇشۇ نۇقتىدىن تەھلىل قىلغاندا، ئاساسىي قاتلام مۇزېيلىرى «4 - ماي ياشلار بايرىمى» ۇنى، «1 - ئىيۇن باللار بايرىمى» كۈنى، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغان خاتىرە» كۈنى، «دۆلەت بايرىمى كۈنى» قاتارلىق ئالاھىدە خاتىرىلەش ئەھمىيىتىگە ئىگە ياكى كوللېكتىۋىزملىق روھى كۈچلۈك بولغان بايرام - خاتىرە كۈنلىرىگە ئاتاپ قاراتمىلىقتا ئىگە بولغان كۆرگەزمە تەشكىللەپ، كۆرگەزمە بۇيۇملىرىدىن بىر قىسمىنى باللار خالىغانچە تۇتۇپ سىلاپ باقالايدىغان، ئوينىيالايدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. باللارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىغا ماس كېلىدىغان پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئۆگىنىش مۇھىتى يارىتىلىشى كېرەك. ئوقۇغۇچىلارغا ئەھمىيەتلىك مەزمۇنلارنى سۆزلەش - چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىش، يەنە ئۇلارغا تارىخ- پەن مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىتىش، مۇزېيلاردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېكسكۇرسىيەچىلەرگە چۈشەندۈرۈشنى ئۆگىتىش، ئاممىۋى قائىدە يوسۇنلارنى ئۆگىتىش، ئادەتتىكى ساقلانما بۇيۇملارنى تازىلاش، رەتلەش، مۇزېينىڭ ئىچى - تېشىدىكى مۇھىتنى باشقۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالالايدىغان پىدائىيلاردىن بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش، رىغبەتلەندۈرۈش ۋاستىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كوللېكتىپنى سۆيۈش، ئىتپاقلىشىش ئىرادىسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ. بۇ مۇزېيلارنىڭ تەلىم - تەربىيە ئىقتىدارىنى كېڭەيتىشنىڭ يېڭىچە يۈنىلىشى. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ بوستون مۇزېيخانىسىغا ئوخشاش باللار كۆرگەزمىسى قۇرۇلۇپ بارلىق نەرسىلەرنى باللار تۇتۇپ، سىلاپ باقالايدىغان،

بالىلارنىڭ خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈشىگە يول قويالايدىغان بولۇشى كېرەك، مەسىلەن، بوستون مۇزېيخانىسىدا مۇزېيخانىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە سۇ، قۇم، سۈرەت، نۇر قاتارلىق ئاساسى مەزمۇنلار بولۇپ، بالىلار شاقىراتمىدىن سۇ ئېلىپ، توغان سېلىپ، پاراخوت ياساپ سۇنىڭ ئېقىش سۈرئىتى ۋە ئېتىرىش كۈچى قاتارلىقلارنى ئويناش ئارقىلىق بىلەلەيدۇ. تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ. بوستون بالىلار مۇزېيخانىسىنىڭ ئاساسى مەقسىتى بالىلارنىڭ ئاساسى ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغاشتىن ئىبارەت. بۇ مۇزېيخانىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددى بولۇپ، يەن ـ تېخنىكا مۇزېيلىرىغا ئوخشاش نۇرغۇن پۇل خەجلەنمىگەن، يۇقىرى يەن ـ تېخنىكا ئىشلەتمىگەن ھەم بەك ئالاھىدىمۇ بېزەلمىگەن، بىراق نۇرغۇن بالىلار بېرىپ ئويناشقا ئامراق. بۇ مۇزېيخانىغا نۇرغۇن بالىلارنىڭ بېرىشقا ئامراق بولۇشىدا ئۇلارنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشىگە يول قويۇشتىن باشقا يەنە بىر سەۋەپ بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىغا ماس كېلىدىغان پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئۆگىنىش مۇھىتى يارىتىلغانلىقىدىندۇر.

5. «مۇزېي دوستى» تەشكىللەش: مۇزېي خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئاسرايدىغان ۋە قوللايدىغان بىر تۈركۈم ئىجتىمائىي تەشكىلات، شەخسلەرنى تەشكىللىگەن ۋە مەشىقلەندۈرگەندىلا، ئۇلار ئارقىلىق ئامما ئىچىدە مۇزېي ئىشلىرىغا پايدىلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا، مۇزېينى ئامما بىلەن ئالاقە باغلايدىغان كۆۋرۈك دېيىشكە بولىدۇ. «مۇزېي دوستى» تەشكىللەشتە زاۋۇت، قىسىم، ئورگان، مەكتەپ قاتارلىق كوللېكتىپ ئورۇنلار ياكى شەخسنى ئۇنىڭ ئوبيېكتى قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئەمما مۇزېي «مۇزېي دوستى» نىڭ ئەزالىرىغا گۇۋاھنامە تارقىتىپ، ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. مەسىلەن، مۇزېينىڭ ئېكسكۇرسىيىگە تەشكىللەش، ماتېرىيال ئىزدەش، لىكسىيە ئاڭلاش قاتارلىق پائالىيەتلىرىدە ئەزالار مۇزېينى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن تەمىن ئېتىش، ئاممىغا مۇزېي كۆرگەزمىسىنىڭ مەزمۇنىنى تەشۋىق قىلىش، ئاممىنىڭ پىكرىنى ئىنكاس قىلىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك قاتارلىقلار.

6. ھازىر مۇزېيخانىلارغا كىرىدىغان ئېكسكۇرسىيەچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك يانفونى بار. ھازىر تەرەققىي قىلغان شەھەرلەردىكى مۇزېيخانىلار ئالاقە تورى، سودا تورى قاتارلىق ئالاقىدار تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىپ، ساياھەتچىلەر ئۆزىدە بار بولغان كۆچمە تېرمىنال ياكى مەخسۇس يېتەكلى ئۈسكۈنىسىدىن پايدىلىنىپ قىسقا ئۇچۇر، RFID بەلگىنى قوزغۇتۇش، ئىككى ئۆلچەملىك رەقەمنى ئوقۇش، رەسىم ئىزدەش قاتارلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، مۇزېيخانىغا، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا، كۆرگەزمىلەرگە، ساقلانما بۇيۇملىرىغا، مۇزېيخانا خەۋەرلىرى، پائالىيەتلەرگە ئائىت ئۇچۇرلارنى ئېكسكۇرسىيەچىلەرنىڭ يانفونلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىش ئارقىلىق، ئېكسكۇرسىيەچىلەرگە نۇرغۇن قولايلىقلارنى يەتكۈزمەكتە. يەنى مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئاستىدىكى نومۇرنى كىرگۈزسە مەدەنىيەت يادىكارلىقىغا ئائىت نۇرغۇن ئۇچۇرلار يانفوندا كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. قەيەردىن قازغان، قايسى دەۋرنىڭ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تارىخى ھېكايىلەر، قىممىتى

www.uyghurkitap.com


قانداق قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئېكىسكۇرسىيىچىلەر قىزىقىدىغان مەسىلىلەردە تولۇق جاۋاپقا ئېرىشەلەيدۇ. ھەمدە يانفوندا بۇ ئۇچۇرلار ئۆزۈنغىچە ساقلىنىپ ھەر ۋاقىت كۆرگىلى بولىدىغان بولۇپ، نۇرغۇن قولايلىقلارنى يارىتىدۇ. كەلگۈسىدە ھەتتا ئۇچۇر ئارقىلىق ياكى ئۈندىدار ئارقىلىق نەق مەيداندىكى مۇتەخەسسىسلەر ياكى كەسپىي خادىملار بىلەن پىكىرلەشكىلى، ھەمدە ئېكىسكۇرسىيە قىلغاندىكى تەسىراتىنى بايان قىلغىلى بولىدۇ، بۇ يېڭى تېخنىكىلارنى قوللىنىپ مۇزېيخانىلارنى ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت بىلەن تونۇشۇپ، چوڭقۇر تەربىيىۋى پائالىيەتلەر ، ئىلغار ئۇسۇللار بىلەن كىشىلەرنىڭ دۇنيانى تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى ۋە ئاچقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، نەنتوڭ خۇئەنخاۋخې مۇزېيخانىسى بۇ تورنى قوللىنىپ نۇرغۇن تەجرىبىلەرگە ئېرىشكەن.

## خۇلاسە

پەن - تېخنىكىنىڭ مۇزېي ئىشلىرىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىدا ئوينايدىغان رولىمۇ ناھايىتى زور بولىدۇ. شۇڭا، دۆلىتىمىزدە زامانىۋى پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مۇزېينىڭ زامانىۋىلىشىشىمۇ پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇلماقتا. تۇرپان مۇزېيىدا مەدەنىيەت يادىكارلىقى ساقلانما بۇيۇمىنى باھالاش - باشقۇرۇش، ئاسراش، كۆرگەزمىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلى، تەشۋىق- تەربىيە ۋاستىسى، ئاخبارات ماتېرىياللىرى خىزمىتى، قۇرۇلۇش ئۇسكۇنىلىرى ۋە بىخەتەر تېخنىكا ئەسلىھەلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە پەيدىنپەي ئەڭ يېڭى ئىلمىي ئۇسۇل ۋە زامانىۋى پەن- تېخنىكا ئەسلىھەلىرى تەدرىجىي قوللىنىلىشى، بۇ ئارقىلىق مۇزېيخانىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئىشقا ئاشۇرلۇشى لازىم.

تۇرپان مۇزېيىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇزېيلارغا سېلىشتۇرساق نۇرغۇن جەھەتلەردە ئەڭ ئالدىدا دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن تەرەققىي قىلغان ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بەزى مۇزېيلارغا سېلىشتۇرساق خېلىلا ئارقىدا، تېخنىكىلىق سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن، مۇزېيشۇناسلىق ئىلمىي تەتقىقاتىدىمۇ پەرقلىرىمىز خېلى زور. شۇڭا،تۇرپان مۇزېيىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىلغار جايلار ۋە خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ ۋە باشقۇرۇشنى، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قوشۇننى سەرخىللاشتۇرۇپ، سەرخىل كۆرگەزمىلەرنى يارىتىپ، مۇلازىمەتنى تېخىمۇ ياخشىلاپ ھەم مۇلازىمەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ھەرخىل زامانىۋى ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، تەشۋىق تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، مۇزېينىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى تولۇقلاپ جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي تىرىششىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

(ئاپتور تۇرپان مۇزېينىڭ كەسپىي خادىمى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ۋەسىقىلەرنىڭ سانى ۋە تۈرى توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات

گۈلنۇر ھەمدۇل

تۇرپان ۋىلايىتىدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن قېزىۋېلىنغان ۋەسىقىلەرنىڭ سانى 150مىڭغا يېقىنلىشىدۇ. قوللىنىلغان تىلى21 تۈرگە يېتىدۇ. بۇ تىللار بىر-بىرىگە قوشۇلۇش ۋە بىر-بىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق،تېخىمۇ بېيىدى- تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى. نەتىجىدە،ئېغىز تىلىنىڭ يېزىقچە ئىپادىلىنىشىگە تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتى.بۇ ۋەسىقىلەر تەتقىقاتچىلارنىڭ بىر قىسىم يوقالغان تىللارنى تەتقىق قىلىشىدا مۇھىم ماتېرىيال بولغۇسى.

تۇرپان قەدىمدە يىپەك يولىدىكى مۇھىم شەھەر، شۇنداقلا شەرق-غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچرىشىش تۈگۈنى بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىختا ئۆزگىچە بوستانلىق مەدەنىيىتىنى ياراتتى. كېيىنچە بۇ مەدەنىيەت دىنىي ئېتىقاتنىڭ ئۆزگۈرۈشى، ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاھالىلارنىڭ كۆچىشى ۋە خان جەمەتىنىڭ ئاستانىنى تاشلاپ كېتىشى قاتارلىق سەۋەبلەردىن بارا-بارا ئۇنتۇلۇپ كەتتى.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بوستانلىق مەدەنىيىتى قالدۇقلىرىنىڭ بايقىلىشى، تۈركۈم-تۈركۈم چەتئەل ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. بۇ ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى تۇرپاندا ئۆزلىرىنىڭ تەكشۈرۈش، بايلىق ئىزدەش پائالىيىتىنى باشلىۋەتتى ھەمدە قېزىش، سېتىۋېلىش قاتارلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كەتتى. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئىچىدە قەدىمكى غەربىي يۇرتتا قوللىنىلغان ھەرخىل يېزىقتىكى نۇرغۇن ۋەسىقىلەرمۇ201.

## *بىرىنچى چەتئەللەردە ساقلىنىۋاتقان تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ۋەسىقىلەر*

تۇرپاندا تەكشۈرۈش، قېزىش بىلەن شۇغۇللانغان چەتئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ئاساسلىقى: ۋىسىيلىك كلېمېنتز، ئەنگلىيەلىك كارك ئولېر ستەيىن، ېرمانىيەلىك گرۇنۋېدېل ۋە ئاربوت فون لېكوك، ياپونىيەلىك ئوتانى كوزۇي قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن ۋەسىقىلەر چەتئەللەردىكى ھەرقايسى مۇزېي، ۇ ۇپخانا ياكى شەخسلەرنىڭ قولىدا ساقلانماقتا. تۆۋەندە چەتئەللەردە ساقلىنىۋاتقان ۋەسىلەرنىڭ تىلى، سانى توغرىسىدا يۈزەكى ئىستاتىستىكا قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

### 1. ياپونىيە

ياپونىيەلىك بۇددا دىنى ئالىمى ئوتانى كوزۇي 1902-يىلىدىن 1914-يىلىغىچە، ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ، شىنجاڭ،گەنسۇ قاتارلىق جايلاردا ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى①.ئۇ تۇرپاندا ئاستانە، قاراغوجا قەبرىستانلىقىنى قېزىپ، نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ ئېلىپ

www.uyghurkitap.com



كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يازما يادىكارلىقلار خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئاسىيادىكى ئېكسپېدىتسىيە ساياھىتىم- يىپەك يولى ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى» ناملىق كىتاب» مۇنداق دەپ يازغان «مەن تۇرپان ئەتراپىدا ئېلىپ بارغان ئەڭ ئاخىرقى قېزىشتا باشقا ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى ئېرىشكەندىنمۇ كۆپ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقە پارچىلىرىغا ئېرىشتىم. بۇ پارچىلار ئارىسىدا بىزنىڭ سۇكخاۋاتى سېكتىنىڭ ئۈچ مەشھۇر سۇتراسى ئىچىدىكى بىر بۆلەك ‹ئامىتايۇردخيانا سۇترا› ››②.

ياپونىيەدە ساقلىنىۋاتقان تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ياپونىيە كيوتو ليوتانى (京 都 龙 谷) ئۇنىۋېرسىتېتى ئومىيا (大宫) (ۇ(ۇپخانىسىدا بولۇپ، بىرقىسمى ھەرقايسى جايلاردىكى مۇزېيلاردا، ھەتتا شەخسلەرنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. كيوتو ليوتانى ئۇنىۋېرسىتېتىدىن باشقا جايدا ساقلىنىۋاتقانلىرىنىڭ سانى ئاز، يىغىپ ساقلىغان ئورۇن كۆپ ھەم تارقاق.

ياپونىيە كيوتو ليوتانى ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئومىيا كۇ ۇپخانىسىدا تۇرپان ۋەسىقىلىرى (ئوتانى يازما ھۆججەتلىرى) دىن 5863 014ۋاراق،تام رەسىم،سىزما رەسىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) 863.بۇنىڭ ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىلغىنى 1887
خەن63 2401 سۇغدى63 182
تىبەت 19 ، خەنزۇ يېزىقى/ تۈرك-ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغىنى بىر پارچە، خەنزۇ يېزىقى/ سۇغدى يېزىقى پارتىئان تىلىدا يېزىلغىنى بىر پارچە، مانى يېزىقى سۇغدى تىلىدا يېزىلغىنى 13 پارچە، سۇغدى يېزىقىدا يېزىلغان پارتىئان تىلى مانى دىنى ھۆججىتى بىر پارچە، مانى يېزىقىدا يېزىلغىنى ئالتە پارچە،تىلى نامەلۇم بولغان مانى يېزىقىدا يېزىلغىنى ئۈچ پارچە، باسپا يېزىقى/ موڭغۇل يېزىقىدا يېزىلغىنى ئىككى تىبەت يېزىقىدا يېزىلغان سانسكرىت تىلى ھۆججىتى بىر پارچە، سۇغدى يېزىقى ئاھاڭ تەرجىمىسىدىكى غەربى ئىران تىلى ھۆججىتى بىر پارچە، خەنزۇ يېزىقى/ تىبەت يېزىقىدا يېزىلغىنى ئالتە پارچە،قەدىمكى تۈرك-ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان مانى دىنى ھۆججىتى بىر پارچە، سان-سىپىرلار 428 پارچە، غۇز تىلىدا يېزىلغىنى ئۈچ پارچە، سۇغدى يېزىقى/ خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغىنى 229 قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى/ خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغىنى 76 پارچە، مانى يېزىقىدا يېزىلغان غەربى ئىران تىلى بىلەن سۇغدى يېزىقى سېلىشتۇرۇپ تەرجىمەن قىلىنغان سۆزلۈك بىر پارچە، مانى يېزىقىدا يېزىلغان غەربى ئىران تىلى ياكى غەربى ئىران تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان ۋە سۇغدى يېزىقىدا يېزىلغىنى بىر پارچە، خەنزۇ يېزىقى/مانى يېزىقىدا يېزىلغان غەربى ئىران تىلى ھۆججىتىدىن بىر پارچە، خەنزۇ يېزىقى/مانى يېزىقىدا يېزىلغان پارتىئان تىلى ھۆججىتى ئالتە پارچە، ئۇدۇن يېزىقىدىكى تۆت پارچە، مانى يېزىقىدا يېزىلغان پارتىئان تىلى ھۆججىتى 51 پارچە، مانى يېزىقىدا يېزىلغان قەدىمكى پارس تىلى ھۆججىتى 27 قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى/ سۇغدى يېزىقىدا يېزىلغىنى 14 ، مانى يېزىقىدا يېزىلغان قەدىمكى پارس تىلى/ مانى يېزىقىدا يېزىلغان پارتىئان تىلى ھۆججىتى بىر پارچە، سۇغدى يېزىقىدا يېزىلغان خەنزۇتىلى/ سۇغدى يېزىقىدا يېزىلغىنى ئىككى پارچە، سۇرىيە يېزىقى ئالفاۋىتى بىر ، سۇغدى يېزىقى بىلەن سانسكرىت يېزىقى سېلىشتۇرۇلۇپ تارانى يېزىقىدا يېزىلغىنى بىر پارچە، قەدىمكى پارس تىلى بىلەن سۇغدى تىلى سېلىشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىنغان مانى يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەت بىر پارچە،

قەدىمكى پارس تىلى بىلەن پارتىئان تىلىدىكى مانى يېزىقى ھۆججەتتى بىر پارچە، سوغدى تىلىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى/ خەنزۇ يېزىقى/ سوغدى يېزىقىدا يېزىلغىنى بىر پارچە، مانى يېزىقىدا يېزىلغان سوغدى تىلى ھۆججەتتى بەش پارچە، مانى يېزىقىدا يېزىلغان پارتىئان تىلى ھۆججەتتى بىر پارچە، غوز ۋە خەنزۇچە قوش تىلدا يېزىلغان ھۆججەت 426 براھمان يېزىقىدا يېزىلغىنى توت پارچە، خەنزۇچە براھمان يېزىقى بىلەن خەنزۇچە، براھمان يېزىقىدا يېزىلغىنى ئۈچ پارچە، ئوقۇش مۇمكىن بولمىغان يازما ھۆججەت 50 .

ياپونىيە كيوتو ليوتانى ئۇنىۋېرسىتېتى ئومىيا كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ۋەسىقىلىرى (橘瑞超 ككۇزىيچىئاۋ - ھۆججەتلىرى) دىن 27 بولۇپ، خەنز27 يېزىلغىنىدىن 23 ماند23 يېزىلغىنىدىن ئىككى سانسكرىت23 يېزىلغىنىدىن بىر پارچە، تاڭغىت26 يېزىلغىنىدىن بىر .

كيوتو دۆلەتلىك مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ۋەسىقىلىرىدىن بىر (خەنز يېزىلغان). كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات بۆلۈمى خانىدا (羽田) خاتىرە سارىيىدا ساقلىنىۋاتقان تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ فوتو سۈرىتىدىن 13 (خەنز13 يېزىلغان) . كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان ناكامۇراخوشى كيۇزوسېتىسى (《中村不氏旧藏折》)نامىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىدىن ئال)

كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى خىبي نو جيو بو. (《日比野丈夫》) تۇرپان ۋەسىقىسىدىن 21 (7-1 10-ئەسىرگە تەۋە پىچان مەھكىمىسىنىڭ ھۆججەتتى) .

كيوتو خاشىموتوكاڭسېتسۇ (桥本关雪 خاتىرە سارىيىدا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ۋەسىقىسى ئۈچ (خەنز ) يېزىلغان).

كيوتو فۇجىي ئىيۇ لىكان (藤井有邻馆) سارىيىدا ساقلىنىۋاتقان ھۆججەتتىن 58 بۇنىڭ ئىچىدە 57 پارچىسى خەنچە،1 . پارچىسى سانسكرىت57 يېزىلغان .

توكيو دۆلەتلىك مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ۋەسىقىسىدىن ئىككى (خەنز يېزىلغان) .

توكيو شيودو (书道) مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان (تۇرپان يازما يادىكارلىقىدىن 207 پارچە،خەنز 205 قەدىمكى ئۇيغۇر ئىككى .

توكيو سېكادوبۇنكو (静 嘉 堂 文库) ئامبىرىدا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان يازما يادىكارلىقىدىن 620 (رەسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)620. بۇنىڭ ئىچىدە خەنز يېزىلغىنى 611 قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىلغىنى توققۇز .

توليونالا (东 良 宁 乐) گۈزەل-سەنئەت سارىيىدا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرى 128 (خەنچە)128.

توليو تېنلى (东良天理) ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ۋەسىقىسىدىن بىر (خەنە)128.

ئوساكاشتېننو (大 阪 四 天 王) ئىبادەتخانىسى دېگۇچى جيو جيۇن (出口常顺) دا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ۋەسىقىلىرىدىن 121 بۇنىڭ ئىچىدە،خەنز يېزىلغىنى. 118 قەدىمكى ئۇيغۇر / خەنز يېزىلغىنى ئىككى پارچە،تاڭغىت يېزىلغىنى بىر .

ياپونىيە نالاكان (宁 乐 观) سارىيىدا ساقلىنىۋاتقان پىچان ۋەسىقىلىرىدىن 110 پارچە بولۇپ، خەنز يېزىلغان تېخى نومۇر قويۇلمىغىنىدىن 29 .

«ليۇسازاڭباتىسى» (《流 沙 残 阙》) 10 ساقلانغان تۇرپان يازما يادىكارلىقىدىن 10 (بۇنىڭ ئىچىدە خەنز » يېزىلغىنى بىر قەدىمكى ئۇيغۇر » يېزىلغىنى بىر

سوغدى تىلى خەت15 يېزىلغىنى بىر
). تىزىملانمىغان ئوتانى ساقلىغان يازما
يادىكارلىقى جەمئى 80 بولۇپ،
خەت يېزىلغىنى 65 پارچە، قەدىمكى
ئۇيغۇر65 يېزىلغىنى يەتتە تاڭغىت65
يېزىلغىنى تۆت پارچە، سانسكرىت ۋە قەدىمكى
ئۇيغۇر65 سىپلىشتۇرۇپ يېزىلغىنى ئىككى
موڭغۇل يېزىقىدا يېزىلغىنى بىر
پارچە، سانسكرىت يېزىلغىنى بىر .
شىزۇئوكا (静冈) ناھىيە(سىدىكى سونوبې
تاكېناك (矶部武男) دا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان
يازما يادىكارلىقلىرى (خەت
يېزىلغان). ئۇئەنوجيون ئىچى (上野淳一
يىغىپ ساقلىغان تۇرپان ۋەسىقىسى بىر
(خەت يېزىلغان). مىتسىيى يارو ئۇتائېموك
(三井八郎右卫门) يىغىپ ساقلىغان تۇرپان
يازما يادىكارلىقى بىر (خەت يېزىلغان).
ئۇندىن باشقا،ياپونىيەنىڭ باشقا
جايلىرىدا اق ساقلىنىۋاتقان تۇرپان يازما
يادىكارلىقى ئىككى پارچە بولۇپ، خەت
يېزىلغىنى ئىككى رچە، قەدىمكى ئۇيغۇر
يېزىلغىنى تۆت .

2. گېرمانىيە

1902 - يىلى 8 - ئايدا گرۇنۋېدېل ،خوت،
بارتۇس قاتارلىق ئۈچ كىشىدىن تەركىپ تاپقان
ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاندىن 44
ساندۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىلىپ
كەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە باسما ۋە يازما
نۇسخىدىكى سانسكرىت يېزىقى، تۈرك -
ئۇيغۇر يېزىقى،خەنزۇ يېزىقى،تىبەت يېزىقى ۋە
موڭغۇل يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەتلەر بار.
ېرمانىيە دۆلەتلىك كۇ.ۇپخانىسىد
ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ۋەسىقىلىرى 6098
(رەسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)
بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر / خەت ۋەسىق
2123 پارچە، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقە
1447 فوتوسۈرەت 70 ە.

ېرمانىيە دۆلەتلىك كۇ.ۇپخانىدا
ساقلىنىۋاتقان (ئىلگىرى مائىنز mainz
پەن-تەتقىقات ئورنىدا ساقلانغان) تۇرپان
ۋەسىقىلىرىدىن 916 447
قەغەز،رەسىم،تام رەسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە
ئالمايدۇ) بار بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر )
يېزىلغىنى 816 خەت ) يېزىلغىنى 17
پارچە، تاڭغىت 17 يېزىلغىنى 816
پارچە،براھما يېزىقى سانسكرىت تىلى —
قەدىمكى ئۇيغۇر17 يېزىلغىنى 22
سوغدى يېزىقى خەنزۇ تىلىدا يېزىلغىنى بىر
تۈرك-رونك يېزىقى قەدىمكى ئۇيغۇر
تىلىدا يېزىلغىنى 13 پارچە، تۈرك-رونك
يېزىقى پارس تىلىدا يېزىلغىنى بىر
قەدىمكى پارس تىلىدا يېزىلغىنى بىر
پارچە،تۈرك-رونك يېزىقى قەدىمكى ئۇيغۇر
تىلى/ خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغىنى ئىككى
سوغدى يېزىقى خەنزۇ تىلى / براھمان
يېزىقى— قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا
يېزىلغىنى بىر پارچە، براھمان يېزىقى
سانسكرىت تىلى — قەدىمكى ئۇيغۇر
يېزىقى/خەت يېزىلغىنى 447 تىبەت
يېزىقى قەدىمكى ئۇيغۇرتىلى/ خەنزۇ تىلىدا
يېزىلغىنى ئىككى پارچە، براھمان يېزىقى
قەدىمكى ئۇيغۇرتىلى/ خەنزۇ تىلىدا
يېزىلغىنى پارچە، خەت / / قەدىمكى
ئۇيغۇر / يېزىلغىنى ئۈچ سوغدى
يېزىقى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى/ قەدىمكى
ئۇيغۇر / يېزىلغىنى بىر mainz.
ېرمانىيە دۆلەتلىك كۇ.ۇپخانىدا
ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ۋەسىقىلىرىدىن (447
نومۇرى Tu ۋە Tib بولغان قىسمى) 93
پارچە بار بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر Tib
تىبەت يېزىلغان قوش تىللىق ھۆججەتتىن
بىر تىبەت /خەت / يېزىلغان
ھۆججەتتىن ئالتە تىبەت / يېزىلغان
ۋەسىقىدىن 86 .
.ېرمانىيە دۆلەتلىك كۇ.ۇپخانىدا

ساقلىنىۋاتقان تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرىدىن (رەت نومۇرى MongHT بولغان قىسمى) 100 پارچە بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر موڭغۇل تىلىدىكىسى ئۈچ پارچە،باسپا يېزىقى ئالفاۋىتى بىر پارچە،قالماق تىلى موڭغۇل يېزىلغىنى بىر .

.گېرمانىيە ھىندىستان گۈزەل-سەنئەت مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرى (رەت نومۇرى MIKIII بولغان قىسمى) 241 پارچە بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇ بېغىشلىما يېزىلغان ۋە تېما قويۇلغان قەغەز رەسىم 25 پارچە، قەدىمكى ئۇيغۇر25 ۋەسىقە 50 خەن50 بېغىشلىما ۋە ۋەسىقە MongHT63 تاڭغۇت63 ۋەسىقە ئۈچ سوغدى63 ۋەسىقە 21 MongHT سوغدى21 قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ۋەسىقە تۆت پارچە، تۈرك-رونك يېزىقى-مانى يېزىقى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغىنى بىر پارچە، تۈرك-رونك يېزىقى ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ۋەسىقە بىر پارچە، مانى يېزىقى ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلىدا يېزىلغان مانى دىنى ۋەسىقىسى ئالتە ئېفتالىت يېزىقىدىكى بىر201 خەن - —قەدىمكى ئۇيغۇر- بىر پارچە،تىبەت - ئىككى باسپا يېزىقى موڭغۇل تىلىدا يېزىلغىنى بىر MongHT ئىنجىل بىر ۇرىيە يېزىقىدىكى خىرىستىئان دىنى ۋەسىقىسى بىر پارچە، ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلى، پارتىئان تىلى، سوغدى تىلىدا يېزىلغىنى بىر MongHT قەدىمكى ئۇيغۇر- ئوتتۇرا ئەسىر ئىران تىلىدا يېزىلغىنى بىر پارچە،خەن —براھمان يېزىقىدا يېزىلغىنى بىر پارچە، پارتىئان ئۈچ مانى يېزىقى پارتىئان تىلىدا يېزىلغىنى ئىككى پارچە،براھمان يېزىقى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغىنى 16 پارچە، مانى يېزىقى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغىنى ئىككى پارچە،خەنچە/ قەدىمكى ئۇيغۇر / يېزىلغىنى ئۈچMongH قەدىمكى ئۇيغۇرچە / مانىچە يېزىلغىنى بىر خەنچە/ باسپاچە/ قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىلغىنى بىرMongH سۈرىيە ۋە سوغدىچە يېزىلغان قوش تىللىق ېلىشتۇرما سۆزلۈكلەر جەدۋىلى بىرMongH/ ماند / يېزىلغىنى ئىككى ماند / ئوتتۇرا ئەسىر ئىران تىلىدا يېزىلغىنى ئۈچ پارچە، مانى يېزىقى(a)، مانى يېزىقى ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلى(b,c)دا يېزىلغىنى بىر پارچە، مانى يېزىقى ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلى، مانى يېزىقى ئوتتۇرا ئەسىر پارس يېزىقى، مانى يېزىقى سوغدى تىلىدىكى مانى دىنى ۋەسىقىسى بىر ماند سوغدى تىلى(a,b)دا يېزىلغىنى بىر پارچە، مانى يېزىقى ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلىدا يېزىلغىنى / پارچە، مانى يېزىقى پارتىئان تىلى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلىدا يېزىلغىنى ئىككى پارچە، ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلىدا يېزىلغىنى بىر پارچە، ماند پارتىئان تىلى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغىنى بىر پارچە،خەنچە/ براھماند / يېزىلغىنى بىرMongH.

قوشۇمچە:ھازىر قەيەردىلىكى ئېنىق بولمىغان گېرمانىيەدە ساقلىنىۋاتقان تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرى 220MongH.

### 3. رۇسىيە

ھازىر رۇسىيە سانكت-پېتېربۇرگ شەرقشۇناسلىق ئاكادېمىيەسىدە ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ۋەسىقىلىرى (رەت نومۇرى Ф ۋە xД بولغان قىسمى) جەمئىي MongH473:خەن ( 455 خەنچە/ قەدىمكى ئۇيغۇر ( 16 تىبەت16 بىر پارچە، سانسكرت16 بىرMongH.

.ۇسىيە سانكت - پېتېربۇرگ شەرقشۇناسلىق ئاكادېمىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ۋەسىقىلىرى ئۈچ خىل رەت نومۇرىغا بۆلۈنگەن: رەت نومۇرى S1 بولغان ۋەسىقىلەر 163 پارچە ،خەن : /

قەدىمكى ئۇيغۇر17 59 پارچە، خەنزۇ59 بىر پارچە، قەدىمكى ئۇيغۇر 11 (ئەسلىدىكى رەت نومۇرى يوق) ۇرىيە بىر (201 18)، قەدىمكى ئۇيغۇر18 77 قەدىمكى ئۇيغۇر77 خەن تىلىدىكىسى 14 پارچە؛رەت نومۇرى Kle-Rob بولغان ۋەسىقىلەرنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىلغان بولۇپ،جەمئى تۆت پارچە؛ رەت نومۇرى Rob بولغان يازما ھۆججەتلەرمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىلغان بولۇپ،جەمئى ئۈچ .

ۇسىيە شەرقشۇناسلىق ئاكادېمىيە سىنىڭ سانكت-پېتېربۇرگ تارمىقىدىكى قولىيازمىلارنى ساقلاش ئورنىنىڭ مەسئۇلى ۋالىياۋاجېشياتو فۇسكايانىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئورۇندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ۋەسىقىلىرى 3082 پارچە بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر ob يېزىلغىنى 3000 ،خەنچە يېزىلغىنى 51 سۇغدى51 يېزىلغىنى 31 . بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ ھەممىسىنى 1909-يىلىدىن 1910-يىلىغىچە ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق رۇسىيە كونسۇلخانىسىنىڭ باش كونسۇلى لوتكوف يىغقانىكەن⑤.

4. ئەنگلىيە

ئۇنىڭ كەينىدىن كەلگىنى ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ۋىنگىرىيەلىك كارىك ئولېر ستەيىن. ستەيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 3-قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىدە، تۇرپاندا ئېرىشكەن خەنچە، سۇغدىچە ، قەدىمكى ئۇيغۇرچە-تۈركچە يېزىقلاردا يېزىلغان يازما ھۆججەتلەر ھازىر ئەنگلىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئەنگلىيە ۇ ۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ۋەسىقىلىرى 573 پارچە بولۇپ،خەنزۇ73 525 قەدىمكى ئۇيغۇر25 27 تىبەت25 10 سۇغدىچە تۆت پارچە تۈرك-رونىكچە ئىككى پارچە مانى يېزىقىدىكى بىر پارچە، موڭغۇل يېزىقىدىكى بىر پارچە، قەدىمكى ئۇيغۇر- —خەنزۇ- بىر قەدىمكى ئۇيغۇر- /- نچە بىر پارچە، سۇغدىچە/ خەنچە بىر پارچە.

5. تۈركىيە

تۈركىيە ئىستانبول 5ۇ5ۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرى 38 پارچە ،بۇنىڭ ئىچىدە ،قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى 13 ، خەنزۇ يېزىقىدىكى 11 قەدىمكى ئۇيغۇر11/ خەنزۇ11 توققۇز پارچە سانسكرىت11 بىر پارچە خەنزۇ تىلى/كونا ئۇيغۇر يېزىقى (چاغاتايچە)/ خەنزۇ )/ بىر پارچە،خەنزۇ )/ /براھماز )// سانسكرىت )/ ئىككى پارچە، خەنزۇ )//براھمانچە بىر پارچە.

*ئىككىنچى 1950 - يىللاردىن كېيىنكى تېخنىكىلىق قېزىش ۋە رەتلەش*

1. ئاستانا، قاراغوجا قەدىمكى قەبرىستانلىقى

1950-يىللاردىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ ئارخېئولوگلىرى تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدا 1959-يىلدىن باشلاپ قوتقۇزۇش خاراكتېرلىق قېزىش ئېلىپ بېرىپ نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىپ چىقتى. رەتلەپ،نومۇر قويۇش ئارقىلىق ئېرىشكەن ۋەسىقىلەر: 1959-يىلى قېزىۋېلىنغان ۋەسىقە 32 1960-يىلى 126 1963-يىلى 14 1964-يىلى 231 1965-يىلى 34 1966-يىلى 129 1967-يىلى 148 1968-يىلى 63 1969-يىلى 51 1972-يىلى 273 1973-يىلى 532 1 ⑥ بولۇپ، جەمئى 1633 يازما ھۆججەت163.

تۇرپان قاراغۇجا قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان رەتلىنىپ، نومۇر قويۇلغان يازما ھۆججەتلەر: 1969 ـ يىلى قېزىۋېلىنغىنى 21 1969 ـ يىلى 19 1975 ـ يىلى 112 پارچە بولۇپ، جەمئىي 152 يازما ھۆجج ـ 197⑦.

2. بېزەكلىك مىڭئۆيى

1980 ـ يىلى10 ـ ئايدىن 1981 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە، بېزەكلىك مىڭئۆيىدە قۇم دۆۋىلىرىنى تازىلاش جەريانىدا يېڭى غارلار بايقىلىپ، غارلارىن قەدىمكى ئۇيغۇرچە، خەنچە ۋە باشقا تىل ـ يېزىقتا يېزىلغان يازما، باسما شەكىلدىكى ھۆججەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلدى. ئىستاتىستىكا قىلىش نەتىجىسىدە بىزگە مەلۇم بولغان يازما ھۆججەتلەر: خەنچە 530 پارچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە 73 پارچە، سوغدىچە 8 براھمانچە 27 پارچە، خەنچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە بىرلەشتۇرۇپ يېزىلغىنى 112 براھمانچە/ خەنچە/ قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىلغىنى 12 9 يېزىلغىنى ئالتە پارچە، رۇس تىلىدا يېزىلغىنى بىر پارچە، موڭغۇلچە يېزىلغىنى بىر پارچە، ئارىسىغا خەنچە خەت قىستۇرۇلغان قەدىمكى ئۇيغۇر12/سوغدىچە يېزىلغىنى بىر پارچە، قەدىمكى ئۇيغۇر براھمانچە ئىككى پارچە، خەنچە/ براھمانچە 12 قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە براھمانچە ئارىلاش يېزىلغان نامەلۇم تىلدىكىسى بىر پارچە، يىپەككە سىزىلغان رەسىم 15 نامەلۇم يېزىقتا يېزىلغىنى بىر پارچە، ئاق قەغەز بىر پارچە بولۇپ،جەمئىي 803 .

يۇقىرىدا بايانلاپ ئۆتكەنلىرىمىز رەت نومۇرى 80 TBI بولغان يازما ھۆججەتلەر. ئۇندىن باشقا، نومۇر قويۇلمىغان بېزەكلىك مىڭئۆيى يازما ھۆججەتلىرى ئۈچ پارچە بولۇپ، بىر پارچىسى تاڭغۇتچە، ئىككى پارچىسى سانسكرىت . يېزىلغان، قېزىۋېلىنغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس.⑧

3. باشقىلار

1971 ـ يىلى سىنگىم ئۆرتەڭ قەبرىستانلىقىدىن بىر پارچە خەنچە يېزىلغان ھۆججەت قېزىۋېلىنغان، رەت نومۇرى 71TWM.

1981 ـ يىلى تۇيۇق مىڭئۆيىنى تازىلاش جەريانىدا خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان ئالتە ھۆججەت قېزىۋېلىندى. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ ئىشارەتلىك بەلگىسى T 81S ⑨.

1997 ـ يىلى ۋە 2006 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پىچان يانقىر (ياڭخى) قەبرىستانلىقىدىكى بىر ئوغرىلانغان قەبرىنى تازىلاش جەريانىدا 33 پارچە خەنچە33 يېزىلغان ھۆججەت بايقالدى. 2006 ـ يىلى، بۇ قەبرىستان ـ لىقتا بىر قەبرىنى قوغداش خاراكتېرلىك قېزىش جەريانىدا 56 خەنچە56 يېزىلغان ۋەسىقىلەر بايقالدى. بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ ئىشارەتلىك رەت نومۇرى ئايرىم ـ ئايرىم: 97TSYM1; 2006TSYM4 ⑩.

2002 ـ يىلى يارغول قەدىمكى شەھىرىدىن 43 ۋەسىقە تېپىلغان بولۇپ، بۇنىڭ 40 پارچىسى خەنچە40 يېزىلغان، بىر پارچىسى قەدىمكى ئۇيغۇر40 يېزىلغان، بىر پارچىسى ئاق قەغەز. بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ ئىشارەتلىك رەت نومۇرى: 2002TJI.

2004 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، تۇرپان شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى قانۇنسىز قەبرە قازغۇچىلارنى قولغا چۈشۈرۈپ، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئىدارىسى بىلەن ئالاقىلاشتى. تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئىدارىسى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن

www.uyghurkitap.com



باداملىق قەبرىستانلىقىدا قېزىش،تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، جەمئىي 82 قەبرىنى تازىلاپ چىقتى، بۇ جەرياندا 38 يازما ھۆججەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 700 دىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقى قېزىۋېلىندى. بۇ ھۆججەتلەردىن ئۇچ پارچىسى سوغدىچە يېزىلغان، قالغانلىرى خەنچە يېزىلغان بولۇپ، ئىشارەتلىك رەت نومۇرى 2004TBM [11].

2004 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم، مۇنار قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى ئوغرىلانغان قەبرىلەرنى ئارخېئولوگىيەلىك تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، يازما ھۆججەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 310 دانە مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى قېزىپ چىقتى[12]. رەتلەش ئارقىلىق ئېرىشكەن يازما ھۆججەت 20 پارچە بولۇپ، خەنچە يېزىلغان. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ ئىشارەتلىك رەت نومۇرى 2004TMM.

2005 - يىلى تەيزاڭ (بۇدتەكچىسى) مۇنارىنى تازىلاش جەريانىدا 55 پارچە خەنچە يېزىلغان يازما ھۆججەت تېپىلدى. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ ئىشارەتلىك رەت نومۇرى 2005TST.

2006 - يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۈچ جۈپ قەغەز كەشنى يىغىۋالدى. بۇ ئۈچ جۈپ كەشنى سۆكۈپ، رەتلەپ، نومۇر قويۇش نەتىجىسىدە 196 پارچە خەنچە يېزىلغان ھۆججەتكە ئېرىشتى. بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ ئىشارەتلىك رەت نومۇرى 2005TZJI.

يېقىنقى بىرقانچە يىلدا، ئىلگىرى-كېيىن 10 پارچە يازما ھۆججەتنى تاللاپ، دۆلەتلىك قىممەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر تىزىملىكىگە ئىلتىماس قىلىنىپ، ئالتە پارچىسى كىرگۈزۈلدى، يەنە تۆت پارچىسى ئىلتىماسقا يوللاندى.

*ئۈچىنچى تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ۋەسىقىلەرنىڭ سانى ۋە تىل تەتقىقاتىدىكى قىممىتى*

تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان دۆلەت ئىچى ۋە چەتئەللەردىكى ھەرقايسى مۇزېي،كۇتۇپخانا ئورۇنلىرى ياكى شەخسلەرنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتقان ۋەسىقىلەرنىڭ ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغىنى تەخمىنەن 138000 پارچە، لېكىن بۇ سان تۇرپاندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقنىڭ ئاخىرقى سانى ئەمەس. 2010 - يىلىدىن 2011 - يىلىغىچە، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى تۇيۇق مىڭئۆيىنى قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىق قېزىش جەريانىدا، مىڭ پارچىدىن ئارتۇق خەنچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىلغان ۋەسىقىلەرنى بايقىدى. ھازىر بۇ ۋەسىقىلەر رەتلەش ۋە نومۇر قويۇش باسقۇچىدا. ئۇندىن باشقا، تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىنىڭ ئىككىنچى قەبرە رايونى ھازىرچە قوغداش ھالىتىدە بولۇپ، بۇ جايدىكى قەبرىلەردا نۇرغۇن يازما يادىكارلىقلار ساقلانغانلىقى ئېھتىمال. شۇڭلاشقا، تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ئومۇمىي سانىنى مۆلچەرلەش تەس. ھازىرغا قەدەر تۇرپاندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىق تەخمىنەن 150 مىڭ پارچىغا يېتىدۇ.

1950 - يىللاردىن ئىلگىرى، چەتئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تۇرپان رايونىدا قېزىش، سېتىۋېلىش قاتارلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ ئېرىشكەن، ھازىر چەتئەللەردە ساقلىنىۋاتقان ۋەسىقىلەرنىڭ يېزىق تۈرىنى ئىستاتىستىكا قىلساق : (1) قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، (2) خەنزۇ يېزىقى، (3) سانسكرىت يېزىقى، (4) براھمان يېزىقى، (5) سوغدى يېزىقى، (6) تىبەت يېزىقى، (7) تۈرك-رونىك يېزىقى، (8) مانى يېزىقى، (9) باسپا يېزىقى، (10) تۈرك

يېزىقى، (11) مۇڭغۇل يېزىقى، (12) ئۇدۇن يېزىقى، (13) سۇرىيە يېزىقى، (14) تىبەت يېزىقىدا يېزىلغان سانسكرىت تىلى، (15) كونا ئۇيغۇر يېزىقى (چاغاتاي20)) (16) 0 يېزىقى (17) سوغدى يېزىقى ئاھاڭ تەرجىمىسىدىكى غەربى ئىران تىلى، (18) غەربى ئىران يېزىقى، (19) مانى يېزىقى قەدىمكى پارس تىلى ، (20) سوغدى يېزىقى پارتىئان تىلى، (21) پارتىئان يېزىقى قاتارلىق يېزىقلار بار. بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ مەزمونى مول، شەكلى رەڭدار بولۇپ، ھۆكۈمەت ھۆججىتى، رېتسېپ سودا-سېتىق توختامى، ھەمدەپنە بۇيۇملار تىزىملىكى، ئادەتتىكى خەت-2014 بۇددا نومى، كالىندار ۋە ھەر تۈردىكى قانۇن-تۈزۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1950-يىلىدىن كېيىن، تۇرپان رايونىدا ئىلمىي قېزىش ۋە قوغداش ئېلىپ بېرىلىپ، نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە يازما يادىكارلىقلار قېزىۋېلىندى. ھازىر تۇرپان مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان يازما يادىكارلىقلارنىڭ يېزىق تۈرى 12 خىل بولۇپ: (1) قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، (2) خەنزۇ يېزىقى، (3) سانسكرىت يېزىقى، (4) براھمان يېزىقى، (5) سوغدى يېزىقى، (6) تىبەت يېزىقى، (7) مانى يېزىقى، (8) پا يېزىقى، (9) كىنگىت يېزىقى، (10) تاڭغىت يېزىقى، (11) توخرا يېزىقى، (12) كۆسەن يېزىقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ يازما يادىكارلىقلار ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمونلار: ھۆكۈمەت ھۆججىتى، رېتسېپ سودا-سېتىق توختامى، ھەمدەپنە بۇيۇملار تىزىملىكى، ئادەتتىكى خەت-1950 بۇددا نومى، نوپۇس تىزىملىكى، كالىندار، شېئىر-قوشاق ۋە ھەرتۈردىكى قانۇن-تۈزۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۇرپاندىن مۇشۇنداق كۆپ خىل يېزىقنىڭ تېپىلىشى ، ئەينى دەۋردە يىپەك يولىدىكى مۇھىم سودا- -سېتىق مەركىزىدىن بىرى بولغان تۇرپان بوستانلىقىنىڭ جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ، تۇرپاننىڭ غەرب بىلەن شەرقنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ بوستانلىقتا ئەينى ۋاقىتتا، ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن ئوخشاش بولمىغان تىل-يېزىقنى قوللىنىدىغان ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا سودا ئالاقىسى قىلىشى ۋە بىر-بىرسىگە قوشۇلۇپ كېتىشىدەك ۋەزىيەتنى ئەكىس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ ۋەسىقىلەر بىزنىڭ قەدىمكى غەربى يۇرت ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ئىشلىتىلگەن تىل-يېزىقلارنى تەتقىق قىلىشىمىزدا قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىز بۇ ماتېرىياللار ئارقىلىق قەدىمدە بۇ رايوندا يۈز بەرگەن تىللارنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشى، بىر-بىرسىگە سىڭىشىشى، شۇ ئارقىلىق يېڭى بىر يېزىقنىڭ بارلىققا كېلىشىدەك جەريانلاردىن ۋاقىپ بولالايمىز. بۇ تىللار بىر-بىرىگە قوشۇلۇش ۋە بىر-بىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنى تېخىمۇ بېيىتقان ېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن. نەتىجىدە، ئېغىز تىلىنىڭ يېزىقچە ئىپادىلىنىشىگە تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشقان. بۇ ۋەسىقىلەر تەتقىقاتچىلارنىڭ بىر قىسىم يوقالغان تىللارنى تەتقىق قىلىشىدا مۇھىم ماتىرىيال مەنبەسى بولغۇسى.

پايدىلانمىلار:

① جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسى، ياپونىيە بۇددا دىنى ئۇنىۋېرسىتېتى نىيە خارابىسى ئىلمىي تەتقىقات ئورنى تۈزگەن يېقىنقى زاماندىكى چەتئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى «ئارخېئولوگىيەلىك پائالىيەتلىرى ئارخىپى تارىخى ماتېرىيالى» 303- (خەنزۇ ) شىنجاڭ گۈزەل-سەنئەت فوتوسۈرەت نەشرىياتى، 2001-يىلى 6-ئاي نەشرى.

② مونشۇ كوزۇي ئۇتانى قاتارلىقلار يازغان، جاڭ يىڭ ياپونچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان «ئاسىيادىكى ئېكسپېدىتسىيە ساياھىتى ـ يىپەك يولىدىكى ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى» «بۇددا دىنى ۋە ئۇيغۇرلار»» 267 ـ » «. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشرى.

. بۇ سانلىق مەلۇماتلار چېن گوشەن، ليۇئەنجى تۈزگەن «تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرى ئومۇمىي كاتالوگى (ياپونىيەدە ساقلانغان قىسمى)» (خەنچە) (ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2005 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ) دىكى مەزمۇنغا ئاساسەن ئىستاتىستىكا قىلىپ چىقىلدى. ياپونىيەدە ساقلانغان تۇرپان ۋەسىقىلىرى توغرىسىدىكى سانلىق مەلۇماتلار بۇ كىتاپتىن ئېلىندى، قايتا ئەسكەرتىش بېرىلمەيدۇ.

④ روڭ شىنجاڭ تۈزگەن «تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرى ئومۇمىي كاتالوگى (ياۋروپا ئامېرىكىدا ساقلانغان قىسمى)» (خەنچە) (ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2007 ـ يىلى نەشر قىلىنغان) دىكى مەزمۇنغا ئاساسەن ئىستاتىستىكا قىلىپ چىقىلدى. ياۋروپا ئامېرىكىدا ساقلانغان تۇرپان يازما ھۆججەتلىرى توغرىسىدىكى سانلىق مەلۇماتلار بۇ كىتاپتىن ئېلىندى، قايتا ئەسكەرتىش بېرىلمەيدۇ.

⑤ جاڭ خۇيمىڭ: «رۇسىيە ئەرمىتاژ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ساقلانما بۇيۇملىرى» «دۇنخۇاڭ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» (10 ـ قىسىم) (خەنچە)) 223 ـ بەت ئىزاھات ② دىكى ئەسكەرتىش، شاڭخەي قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى،2007 ـ يىلى نەشرى.

⑥مۇشۇنىيڭ:‹‹ تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان يازما ھۆججەتلەر جەدۋىلى ›› ‹‹شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى››2000 ـ يىلى 3 ـ 4 ـ قوشما سان (خەنچە)ـ 254 ـ بەتتىن 304 ـ بەتكىچە.

⑦مۇشۇنىيڭ: ‹‹تۇرپان قاراغوجىدىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار جەدۋىلى›› ‹‹شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى››2000 ـ يىلى 3 ـ 4 ـ قوشما سان (خەنچە)ـ 305 ـ بەتتىن 309 ـ بەتكىچە.

⑧بۇ يەردە بېرىلگەن سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسى تۇرپان مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان ئارخىپ شۇنداقلا، ئۇمېمۇرا ئەپەندىم تۇرپان مۇزېيى بىلەن ھەمكارلىشىپ تۈزگەن ‹‹بېزەكلىك مىڭئۆيدىن قېزىۋېلىنغان غەيرىي خەنزۇ يېزىقىدىكى يازما ھۆججەتلەر كاتالوگى››دىكى سانلىق مەلۇماتلار .لېكىن ليۇ خوڭلياڭ يازغان ‹‹بېزەكلىك مىڭئۆيى خارابىسىنى تازىلاش خاتىرىسى›› ( شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىلى نەشر قىلغان‹‹يېڭىدىن قېزىۋېلىنغان تۇرپان ھۆججەتلىرى ۋە ئۇلار ئۈستىدىكى تەتقىقات››206 ـ 206)ماقالىسىدىكى ۋەسىقىلەر تىزىملىكى جەدۋىلىدىكى ئومۇمى سان 804 پارچە بولۇپ، ئۈچ پارچىسى تاڭغۇت يېزىقىدا يېزىلغان، سانسكرىت يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەت يوق، ئۇندىن باشقا ھۆججەتلەرنىڭ يېزىق تۈرىدىمۇ ئوخشاشماسلىق بار. بىراق تاڭغۇت يېزىقى ۋە ئۈچ پارچە سانسكرىت يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەت 1980 ـ يىلىدىن 1981 ـ يىلىغىچە بولغان بېزەكلىك مىڭئۆيى خارابىسىنى تازىلاش جەريانىدا تېپىلمىغان، مەن بۇ سانلىق مەلۇماتلارنى مۇزېيىمىزنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ساقلاش بۆلۈمىدە ئۇزۇن يىل خىزمەت قىلىش،ئارخىپ تۇرغۇزۇش جەريانىدا ھەمدە‹‹بېزەكلىك مىڭئۆيدىن قېزىۋېلىنغان غەيرىي خەنزۇ يېزىقىدىكى يازما ھۆججەتلەر كاتالوگى››دىن ئېرىشتىم.

⑨ليۇ خوڭلياڭ :‹‹ يېڭىدىن قېزىۋېلىنغان تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرى ۋە ئۇلار توغرىسىدىكى تەتقىقات›› (خەنچە)‹‹ تويۇق مىڭئۆيى يازما ھۆججەتلىرى ›› )112 ـ بەت ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىلى نەشرى.

⑩ تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى : ‹‹تۇرپان ۋىلايەتى پىچان ناھىيەسى ياڭخىي (يانقىر)قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى يانتۇ يوللۇق قەبرىنى تازىلاپ قېزىش دوكلاتى›› ‹‹دۇنخۇاڭ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى›› (خەنچە) (10 ـ قىسىم)ـ 3 ـ ›› ‹ شاڭخەي قەدىمكى كىتاپلار نەشرىياتى نەشرى.

⑪تۇرپانشۇناسلىق ئاكادېمىيەسى تۈزگەن:‹‹ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى››:2006 ـ يىلى 1 ـ سان (خەنچە) ( ‹‹تۇرپان بادامлىق قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى تازىلاپ قېزىش دوكلاتى››( 18 ـ ‹‹.

⑫ تۇرپانشۇناسلىق ئاكادېمىيەسى تۈزگەن:‹‹ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى››:2006 ـ يىلى 2 ـ سان (خەنچە) ) ‹‹تۇرپان مۇنار قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى تازىلاپ قېزىش دوكلاتى››(15 ـ ‹‹.

(ئاپتور تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى تۇرپانشۇناسلىق ئاكادېمىيەسىنىڭ كەسپىي خادىمى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

جاڭ خۇيمىڭ

# 1898 -- 1909 -يىللىرىدىكى رۇسىيە ئارخېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ تۇرپاندىكى ئىككى قېتىملىق تەكشۈرۈش پائالىيىتىدىن قىسقىچە بايان

(فرانسىيە ئىنىستىتۇتى خەنزۇ، زاڭزۇ، ياپون تەتقىقات مەركىزى)

تەرجىمان: ئىمىن تاجى تۇرگۇن

1898-يىلىدىن 1909-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا رۇسىيەلىكلەر تۇرپاندا ئىككى قېتىملىق ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بىرىنجى قېتىملىقى 1898-يىلى كېلېمېنتىزنىڭ (1847-يىلىدىن 1914-يىلىغىچە ياشىغان) رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان. ئىككىنجى قېتىملىقى 1909-يىلى بولسا ئولدېنبورگنىڭ (1863-يىلىدىن 1934-يىلىغىچە ياشىغان) رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان. كېلېمېنتىزنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشى چەتئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ تۇرپانغا تۇنجى قېتىم تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا قىلغان تەكشۈرۈشى بولۇپ، ئۇنىڭ تۇرپاندىكى بۇ قېتىملىق ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشى گېرمانىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى گرۇنۋېدېلدىن بەش يىل بۇرۇن باشلانغان، ئۇنىڭ بۇ قېتىملىق ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشى گېرمانىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ كېيىنكى پائالىيەتلىرىگە موھىم ئاساس سېلىپ بەرگەن (مەسىلەن، ئارخېئولوگىيەلىك نىشان ۋە ئىزلارنىڭ تاللىنىشى دېگەندەك). شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىنسانشۇناسلىق ۋە جۇغراپىيە تەتقىقاتىنى ناھايىتى مول ئۇچۇر ۋە ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىن ئەتكەن.

كېلېمېنتىزنىڭ تۇرپاندىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشى ھەققىدە ئۇ تۇرپاندىن قايتىپ ئىككىنجى يىلىلا نېمىس تىلىدا يېزىپ ئېلان قىلغان «1898-يىلى رۇسىيە خانلىق پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۇرپان ئارخېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ دوكلاتى» ناملىق ئەسىرىدىن باشقا رۇس تىلىدا يېزىلغان ئىككى پارچە ماقالىسى كېلېمېنتىزنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. بۇنىڭ بىرى، 1900-يىلى رۇسىيە خانلىق پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى شەرقشۇناسلىق ئىلمىي مەجمۇئەسىنىڭ 12-ساندا ئېلان قىلىنغان. بۇ جەمئىيەتنىڭ تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ ئەھۋاللىرى ھەققىدە قىلغان خۇلاسىلىرى «دوكلات» قا كىرگۈزۈلگەن. بۇ دوكلاتتا كېلېمېنتىزنىڭ 1898-يىلى تۇرپاندىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش پائالىيىتى

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ھەققىدىكى تەييارلىق ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش جەريانلىرى ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. يەنە بىر پارچىسى بولسا، ئولدېنبورگ يازغان «1898 - يىلى كېلېمېنتزنىڭ تۇرپاندىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش پائالىيىتى» ناملىق ماقالە بولۇپ، بۇ كېلېمېنتزنىڭ تۇرپاندىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋاقتى ۋە ئورنى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى تولۇقلىغان ھەمدە ئۇنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ۋە نەتىجىلىرىگە باھا بەرگەن.

ئوردېنبورگ ئۆزىنىڭ 1909 - يىلى تۇرپاندا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى 1914 - يىلى يازغان « 1909 - 1910 - يىللىرى رۇسىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان 1 - قېتىملىق تەكشۈرۈ - پائالىيىتىدىن قىسقىچە دوكلات» ناملىق ماقالىسىدە تونۇشتۇرغان. دوكلات ئۇنىڭ قاراشەھەر، تۇرپان ۋە كۇچا قاتارلىق ئۈچ جايدا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەرنىڭ مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، تۇرپاندىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئەھۋالى «دوكلات» نىڭ 3 - بابىدا كۆرۈلىدۇ. بۇ باپتا ئۇ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بارغان جايلاردىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئىزلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تونۇشتۇرغان ھەمدە تېپىلغان بىر قىسىم بويۇملارنىڭ رەسىملىرى، نەق مەيداندا تارتىلغان سۈرەتلەر ۋە ئۇلار سىزغان خەرىتىلەر قوشۇمچە قىلىنغان. دوكلاتتا يەنە بىر قىسىم ئەسەرلەرمۇ بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى، ئولدېنبورگ بىلەن ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە بىللە بولغان ئەترەتنىڭ موھىم ئەزالىرىدىن بىرى دۇدىنىنىڭ (1863 - يىلىدىن 1929 - يىلىغىچە ياشىغان) پېتىربورگدا چىقىدىغان «قۇرۇلۇش سەنئىتى مەجمۇئەسى» دە ئېلان قىلىنغان « شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيەلىك ئىزلار» ناملىق ماقالىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى «تۇرپان بوستانلىقى» ناملىق بىر بابىدا ئارخېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ تۇرپاندىكى قۇرۇلۇش ئىزلىرىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئەھۋالى، شۇنداقلا يەنە نەق مەيداندا سىزىلغان قۇرۇلۇش تېز سىزما رەسىملىرى ۋە ئۆزى تارتقان سۈرەتلەرمۇ قوشۇمچە قىلىنغان. ئولدېنبورگ 1914 - 1915 - يىللىرى ئىككىنچى قېتىم رۇسىيە تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنى تەشكىللىگەن. كېيىن روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇدىرلىقىنى ۋاپ بولغىچە ئۆتىگەن. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ سانسكرېت تىلىنىلا بىلگەچكە ئۇنىڭ 1909 - 1910 - يىللىرى شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلىرىنىڭ نەتىجىسى گرۇنۋېدېل ۋە لېكوكلارنىڭ تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلىرىدەك سىستېمىلىق بولۇپ كەتمىگەن.

بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان رۇس تىلىدا يېزىلغان ماتېرىياللارغا ئاساسەن رۇسىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ تۇرپاندىكى ئىككى قېتىملىق ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش پائالىيىتىگە ئائىت ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

### 1. كېلېمېنتزنىڭ 1898 - يىلى تۇرپاندىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشى

1896 - يىلى رۇسىيە خانلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى خەنچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە سانسكرېتچە يېزىلغان قوليازمىلار قاچىلانغان بىر خالتىنى تاپشۇرۇپ ئالغان بولۇپ، بۇ قوليازمىلارنى روبروۋسكىي ئوتتۇرا ئاسىيادا،كېلېمېنتز تۇرپاندا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە بولغاندا يىغىۋالغان بويۇملار ئىدى. 1894 - 1895 - يىللىرى، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادا

ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە بولغاندا ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ قارا غوجا ۋە تۇيۇق قەدىمىي ئىزلىرىغا بارغان. خەنچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە سانسكرىتچە خاتىرىلەنگەن بۇ قولىيازمىلار رۇسىيە خانلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى كاتىبات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى گېرىگروىيفنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ئۇ سانسكرىت ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى مۇتەخەسسىلىرىدىن ئولدېنبورگ ۋە ئىۋانوفنى بۇ قولىيازمىلارنى ئوقۇپ يېشىشكە تەكلىپ قىلغان، شۇنداقلا بۇ قولىيازمىلارنى رۇسىيە خانلىق پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى رادلوفقا تاپشۇرۇپ بېرىشنى تاپىلاپ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە مۇناسىۋەتلىك قولىيازمىلار ھەققىدە دوكلات بېرىلگەن.

ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ تارىخ، پەلسەپە بۆلۈمى رادلوف، سىئالمان ۋە لوساندىن تەركىب تاپقان ھەيئەتنى سايلاپ چىققان، بۇ ھەيئەت كېڭىشىش ئارقىلىق ئىنسانشۇناسلىق مۇزېيىنىڭ باشلىقى كېلېمېنتىزنى تۇرپانغا ئالتە ئايلىق ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىشنى، ئارخېئولوگىيەلىك نىشانىنى قارا غوجا ۋە تۇيۇق قەدىمىي ئىزى قىلىپ، ئەگەر ئىمكانىيەت يار بەرسە تۇرپاننىڭ باشقا جايلىرىغىمۇ بېرىپ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلغان. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئۇلارنىڭ كېيىنكى قەدەمدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلىرىغا ئەڭ موھىم ئاساسلارنى سېلىپ بەرگەن.

ھەيئەت يىغىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئەترىتىنى سۈرەتكە تارتىش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ھەر خىل ئۆلچەش، سىزىش ئەسۋابلىرى بىلەن تەمىنلىگەن ھەمدە 3500 روبلى ئىقتىسادىي ياردەم بەرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە 400 روبلىنى پىرژېۋالسكىي دېگەن بىر ئادەم ئۆز يېنىدىن چىقارغان. ئۇ ئىلگىرى جۇڭغار داللىرى ئەتراپىدا تەكشۈرگەندە ياۋا ئاتلارنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇ قېتىمكى مەبلەغ ئارقىلىق يەنە ئاشۇنداق ياۋا ئاتلارنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسەت قىلىنغان ئىدى. ئارخېئولوگىيە ئەترىتى مۇشۇنداق ئىقتىسادىي ياردەملەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋەزىپىنى ئورۇنداشتىن باشقا يەنە يەرلىك ئورۇندىن ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىسىنى يىغىش ۋە ياۋا ئاتلارنى قولغا كەلتۈرۈپ ئېلىپ كېلىشى كېرەك ئىدى. تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى كېلېمېنتىز، ئۇنىڭ ئايالى يىلىز ئاۋىد.نىكولايىنىف. كېلېمېنتىز ۋە ئاندېروفلاردىن تەركىب تاپقان. خانلىق ئۆسۈملۈك باغچىسى ھەيئىتى كېلېمېنتىزنىڭ ئايالىنى ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرىنى يىغىشقا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتكەن. ئەترەتنىڭ يەنە بىر ئەزاسى تاشكەنتتىكى بىر ئىسلام مەكتىپىنىڭ مۇنەۋۋەر تۈرك تىلى ئوقۇتقۇچىسى ئاندېروف بولۇپ، ئۇ ئەترەتنىڭ تەرجىماللىقىنى ئۆز ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

ئۇلار 1898 -يىلى 5 -ئاينىڭ ئوتتۇرىدا پېتىربورگدىن يولغا چىقىپ، سىبىرىيە ئارقىلىق مۇڭغۇلىيە ،ئالتاي تېغى ۋە جۇڭغارىيە دالاسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ تەڭرىتاغنى بويلاپ 8 -ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن.

9 -ئاينىڭ 5 -كۈنى ئۇلار ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغا قاراپ يول ئالغان. 9 -ئاينىڭ 9 -كۈنى تەكشۈرۈش ئەترىتى يارغول قەدىمىي شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن. 9 -ئاينىڭ 9 -كۈنىدىن 14 -كۈنىگىچە شەھەر قۇرۇلۇش ئىزلىرىنى سۈرەتكە ئالغان. 15 -كۈنىدىن 16 -كۈنىگىچە ئۇلار تۇرپان كونا شەھىرى، قارا غوجا قەدىمىي شەھىرى، ئاستانە ۋە قارا غوجا قەبرىلىرىدە سۈرەتكە تارتىش ، بىر قىسىم قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىش بىلەن مەشغۇل بولغان. 17 -18

www.uyghurkitap.com



كۈنلىرى سېڭگىم ئېغىزىغا كەلگەن. 19 ـ كۈنى مۇرتۇققا بېرىپ بېزەكلىك مىڭئۆيىنى زىيارەت قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە تۇيۇققا بېرىپ 26 ـ كۈنى ئۇ يەردىن ئايرىلغان. 28 ـ 29 ـ كۈنلىرى تەكشۈرۈش ئەترىتى سىركىپقا كېلىپ، ئۇ يەردىكى بۇددىزم قۇرۇلۇش ئىزلىرىنى تەكشۈرگەن. 30 ـ كۈنى لۈكچۈنگە بارغان، 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ھاسار قەدىمىي شەھەر خارابىسىگە يېتىپ بارغان، 2 ـ كۈنى لۈكچۈندىن ئايرىلىپ تۇيۇق ۋە ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقىغا بېرىپ ئۇ يەردە قىسقا مۇددەت بىر قېسىم كىچىك ھەم كىشىلەرگە ئانچە تونۇش بولمىغان ئىزلارنى تەكشۈرگەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تۇرپاندىن ئايرىلغان. 17 ـ ئوكتەبىر ئۇلار داۋانچىڭ ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن. ئۈرۈمچىدە 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىگىچە تۇرغاندىن كېيىن روسىيەگە قايتقان.

كېلېمېنتىز تۇرپاندا تۆت ئايلىق تەكشۈرۈشتە بولغان، ئەمما ئۇنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتى سەپەر بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ ، تۇرپاندا تۇرغان ۋاقتى ئاران بىر ئاي ئەتراپىدا. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ ئۇ تۇرپاندىكى مۇھىم ئارخېئولوگىيەلىك ئىزلارنى ھەممىسىنى دېگۈدەك تەكشۈرۈپ چىققان، ئۇلار يېتىپ بارغان مۇھىم ئارخېئولوگىيەلىك ئىزلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. يەنى، يارغول قەدىمىي شەھىرى خارابىسى، يارغول مىڭئۆيى، يارغول ئەتراپىدىكى قەبرىلەر، تۇرپان كونا شەھىرى، قاراغوجا قەدىمىي شەھەر خارابىسى، ئاستانە كەنتىدىكى تېزاك مۇنارى، سېڭگىمغا كىرىش ئېغىزىدىكى خارابە، سېڭگىم غارىدىكى بۇتخانا خارابىسى، سىركىپ كەنتىدىكى بۇددا مۇنارى، لەمجىندىكى بۇددا مۇنارى، ھېسار ئەتراپىدىكى بۇددا مۇنارى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئۇلار قىسقا مۇددەت تەكشۈرۈشتە بولغان بىر قىسىم خارابە ئىزلىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.



بۇ رەسىم سېڭگىم ئېغىزى بۇددا خارابىسى مەركىزىي تۆۋرۈكلۈك غارلارنىڭ تەكشىلىكتىكى خەرىتىسى ، كېلېمېنتىز تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1898 ـ يىلى سىزغان.

تۇرپاننىڭ شىمالىغا جايلاشقان كۆلچەك كەنتى ئەتراپىدىكى جىلغىلاردىكى بىر قىسىم كىچىك ھۇجرا ۋە مىڭئۆيلەرگە مەسىلەن، سېپسىق898 بۇلاق ۋە شىبەن بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى، تۇرپاننىڭ شەرقى شىمالىدىكى مۇرتۇق ئەتراپىدىكى بىر قىسىم كىچىك مىڭئۆيلەردىن بەش غار ،چىچان بۇنىڭدىن باشقا يەنە تۇرپاننىڭ لەمجىننىڭ شەرقىدىكى بىر قىسىم مىڭئۆيلەرنى تەكشۈرگەن.

كېلېمېنتىزنىڭ تۇرپاندىكى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى يارغول، سېڭگىم ئېغىزى، مۇرتۇق ۋە تۇيۇق قاتارلىق جايلاردىكى 150 كە يېقىن مىڭئۆينى تەكشۈرگەن. تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئۇلار مىڭئۆي ۋە بۇددا قۇرۇلۇش خارابىلىرىگە نومۇر

قويۇپ ماڭغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خارابە ئىزلىرىنىڭ رەسىمىنى كۆپلەپ تارتىپ ، بۇددا ئىبادەتخانىسى قۇرۇلۇشىنىڭ چىرتيوژىنى سىزىۋالغان. بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنى كېلېمىنتىز «1898 - يىلى رۇسىيە خانلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى» خېلى بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما ئولدېنبورگ كېلېمىنتىزنىڭ تۇرپاندىكى ئارخېئولوگىيەلىك پائالىيىتىنى مەزمۇن قىلىپ يازغان «كېلېمىنتىنىڭ 1898 - يىلى تۇرپاندىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشى» ناملىق ماقالىسىدە دېيىلىشىچە، سۈرەت تارتىش تېخنىكا شارائىتىنىڭ چەكلىملىكى بىلەن ئەينى ۋاقىتتا تارتىلغان سۈرەتلەرنىڭ ياخشى تارتىلمىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇ يىلى ئۇلارنىڭ قاتتىق تالاشلار ئارقىلىق ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىنىڭ نەشىر قىلىنغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن. بۇلاردىن باشقا يەنە تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى تارتقان سۈرەتلەر، قۇرۇلۇش چىرتيوژ خەرىتىلىرى، ئەترەتنىڭ يول خەرىتىسى ۋە كېلېمىنتىزنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى قاتارلىقلارمۇ بار. بۇ ماتېرىياللار بىر قۇر رەتلەنگەندىن كېيىن مۇتلەق كۆپ قىسمى ئېرمىتاژ مۇزېيىغا ساقلاشقا قويۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاز بىر قىسىم سۈرەتلەرنى رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ (كېيىن رۇسىيە پەنلە. ئاكادېمىيىسى شەرق قولىيازمىلىرى تەتقىقات ئورنى دەپ ئۆزگەرتىلگەن) سانكىت پېتىربورگ شۆبىسىگە ساقلاشقا قويۇلغان.



2 - رەسىم تام رەسىملىرىنىڭ تەكشىلىكتىكى خەرىتىسى بولۇپ، كېلېمىنتىز تەكشۈرۈش ئەترىتى 36 - غار دەپ نومۇر قويغان ۋە بۇنى 1898 - يىلى سىزغان.

كېلېمىنتىزنىڭ تەكشۈرۈش ئەترىتى بارغانلىكى يېرىدە تام رەسىملىرىنى كېسىپ ئېلىشتەك ئېغىر بۇزغۇنچىلىقلارنى قىلغان. ئولدېنبورگ ئۇنىڭ (كېلېمىنتىزنى دېمەكچى) تام رەسىملىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بولمايدىغان دەرىجىدىكى بۇزغۇنچىلىقدىن قاتتىق ئاغرىنغان. كېلېمىنتىز تۇرپاندىكى بۇددا ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشى ۋە مىڭئۆيلەردىكى تام رەسىملىرىنى تۇنجى بولۇپ كېسىپ، تالان - تاراج قىلغان تۇنجى ياۋروپالىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن گرۈنۋېدىل، ستەيىن ۋە لېكوكلارمۇ مۇشۇنداق قىلغان. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ خىلدىكى بۇزغۇنچىلىقى بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىغان. ئۇلارنىڭ كەسپى سەۋىيەسى ئىنسانشۇناسلىق ئىلمي بىلەنلا چەكلىنىپ قىلىپ، تارىخ، تىلشۇناسلىق ۋە سەنئەت ئارخېئولوگىيەسى قاتارلىق ئىلىم ساھەسىدىكى بىلىملىرى كەمچىل بولغاچقا ئادەتتە ئۇلار تام رەسىملىرىنى كېسىپ ئالغاندا تام رەسىملىرىدىكى ئوبرازلار ۋە مەنشلىمىلارنى ئايرىپ كېسىۋېتىپ ، ئۇلارنىڭ باغلىنىشچانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى بىر پۈتۈنلۈكىنى يوقىقا چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن، بۇلاردىكى تەرتىپ بۇزۇلۇپ

ئۇنىڭدىكى مەزمۇننى چۈشەندۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان ھالەتكە بېرىپ قالغان. كېيىنچە بۇ بويۇملارنىڭ ساقلىنىش ئورنىمۇ كۆپ قېتىم ئۆزگىرىپ تۇرغان. ئىلمىي، مۇكەممەل بولمىغان خاتىرە ماتېرىياللاردا كۆرۈلگەن يېتەرسىزلىكلەر بار بولۇپ، ئۇ كېيىن تام رەسىملىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىگە ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن. 1899-يىلى 10-ئاينىڭ 17-كۈنى رىمدا ئېچىلغان خەلقئارا شەرقشۇناسلىق يىغىنىدا كېلېمېنتىز ئۆزىنىڭ تۇرپان بوستانلىقىدا ئادەمنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان بايقاشلىرى ۋە ئارخېئولوگىيەلىك ئەھۋاللىرىدىن دوكلات بەرگەن. ئۇنىڭ بۇ بايقىشى گېرمانىيە، ئەنگىلىيە، رۇسىيە ۋە ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئارخېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئەترەتلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى قىزغىنلىقىنى قوزغىغان.

2. ئولدېنبورگنىڭ 1909-يىلى تۇرپاندىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشى

1900-يىلى رۇسىيە ئارخېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى تارىم ئويمانلىقىدا ئۈچ ئايلىق ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلىپ، تەكشۈرۈلىدىغان ئورۇنلاردىن خوتەن، كۇچا، تۇرپان ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى باشقا جايلارنىمۇ تەكشۈرۈش ئورنى قىلىپ بېكىتكەن. بۇ جەرياندا كېلېمېنتىز ناھايىتى ئەتراپلىق بىر ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش پىلانىنى تۈزۈپ چىققان. 1904-يىلى 3-ئاينىڭ 22-كۈنى كېلېمېنتىز بۇ پىلانىنى رۇسىيە ئوتتۇرا-شەرقى ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىگە تونۇشتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ جەرياندا كېتىدىغان ئىقتىسادىي چىقىملارنى ھەل قىلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان. بۇ مەسىلە ھەل بولمىسا ئۇ بۇ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايتتى. شۇڭا ئۇ دۇجىنىنى ( دۇجىن كېيىن ئولدېنبورگ رەھبەرلىكىدە 1909-يىلى تۇرپاندا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئىككى موھىم ئەزالىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان) تۇرپانغا بېرىشقا ، بىلىژوۋسكىينى كۇچارغا بېرىشقا كۆرسەتكەن. ئەمەلىيەتتە كۇچاردىكى تەكشۈرۈشنى 1905-يىلى 11.11ينىڭ 2-كۈنىدىن 1906-يىلى 2-ئاينىڭ 6-كۈنىگىچە ئۇ ئىنىسى نىكولاي بىلىژوۋسكىي بىلەن بىرلىكتە تاماملىغان.

1908-يىلى خانلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى (خان سارىيى) رۇسىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە قولغا كەلتۈرگەن ماددىي بويۇم ۋە باشقا ماتېرىياللارنى كۆرگەزمە قىلغان. بۇ كۆرگەزمە خانلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنى شىنجاڭغا يەنە بىر قېتىم ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنى ئەۋەتىشكە ھەمدە رۇسىيە شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنى تەشكىللەپ، ئىككى يىللىق ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولغان.

باشلىقلىقىنى رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ دائىمىي سېكرېتارى، مائاۋىن ئاكادېمىك ئولدېنبورگ ئۈستىگە ئالغان. ئەزالىرىدىن رەسسام ، قوشۇمچە سىنئالغۇ ئېلىشنى ئۈستىگە ئالغان دۇجىن، كان ئىشلىرى ئىنژېنېرى سىمونوف خەرىتە سىزىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. ئارخېئولوگ كامېنىسكىي ئارخېئولوگىيەلىك

قىزىش، تەكشۈرۈش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كېرچ شەھەرلىك مۇزېيدا ئىشلەيدىغان بىرەنكونى خىزمەتلەرگە ھەمكارلىشىشقا تەكلىپ قىلغان. ئەمما كېيىن كامىنىسكىي ۋە بىرەنكو ئىككىسى كېسەل سەۋەبى بىلەن بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشكە قاتنىشالمىغان.

1909 - يىلى 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چاررۇسىيە پادىشاھى بۇ پىلانغا تەستىق سالغان ھەمدە چار رۇسىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ئارقىلىق بىرىپ - كېلىشنىڭ بارلىق رەسمىيەتلىرىنى بىجىرگەن.

1909 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تەكشۈرۈش ئەترىتى سانكىت پېتىربورگدىن ئايرىلىپ ئومبىسكىغا يېتىپ كەلگەن. بۇ يەردىن كېمىگە ئولتۇرۇپ سىمبالانىسكىي ئوبلاستىنىڭ مەركىزى بالانسكىيغا كەلگەن. چار رۇسىيەنىڭ ئوتتۇرا - شەرقى ئاسىيا ھەيئىتىنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ۋكالەتخانىسىنىڭ ياردىمىدە كېرەكلىك ماددىي بويۇملارنى يەنە بىر قېتىم تولۇقلىۋېلىپ ھەمدە خوتخۇ ئىسمىلىك بىر تەرجىماننى ياللىۋالغان، كېيىن بۇ ئادەم قومۇلنىڭ ھۆكۈمەت مەھكىمىسىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن. ئۇلار 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنىگىچە تارباغاتايدا تۇرغان. 29 - كۈنى ئولدېنبورگ ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ تارباغاتايدىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يول ئالغان. ئەمما يولدا كەلكۈنگە ۋە ماشىيەن دېگەن يەردە تارقالغان يۇقۇملۇق كېسەللىك سەۋەبى بىلەن سەپەرنى داۋاملاشتۇرالماي قالغان. شۇ سەۋەبتىن 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاران ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلەلىگەن. 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ئۈرۈمچىدىن قاراشەھەرگە قاراپ يول ئېلىپ، 28 - كۈنى يېتىپ بارغان ھەمدە يەتتە ئورۇندىكى خارابىلىكتە تەكشۈرۈش خىزمىتىنى باشلىۋەتكەن.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تەكشۈرۈش ئەترىتى قاراشەھەردىن يولغا چىقىپ 29 - كۈنى تۇرپانغا يېتىپ بارغان. ئۇلار بۇ يەردە ئالاھىدە يېرىم ئايلىق تەكشۈرۈشتە بولغان. ئۇلار كېلېمېنتز ۋە گرۈنۋېدېللار كۆرسەتكەن قەدىمكى خارابىلىككە ئاساسەن ئالدى بىلەن تۇرپاندىكى ئۈچ قەدىمىي خارابىلىكنى تەكشۈرگەن ، ئۇلار يارغول قەدىمىي شەھىرى، تۇرپان كونا شەھىرى ۋە ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىدىن ئىبارەت.



3 - رەسىم يارغول قەدىمىي شەھىرىدىكى بۇددا مۇنارلىرى بولۇپ، رۇسىيەنىڭ بىرىنچى قېتىملىق شىنجاڭ (ئولدېنبورگ) ئارخېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى دۇجىن 1909 - يىلى سىزغان



Планъ монастыря въ Идикут-Шари.

4 - رەسىم، ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنىڭ تەكشىلىكتىكى خەرىتىسى بولۇپ، روسىيەنىڭ بىرىنچى قېتىملىق شىنجاڭ (ئولدېنبورگ) ئارخېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى سىمونوف 1909 - يىلى سىزغان

كېيىن ئۇلار تەكشۈرگەن خارابە، ئىزلاردىن تۆۋەندىكىلەرمۇ بار.

ئاستانە كەنتىدىكى تەيزاڭ مۇنارى، تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى دادىك بۇلاق ئىبادەتخانا خارابىسى، زاشىڭ بۇلاق مىڭئۆيى، شىبەت رايونى، سىڭگىم بوددا ئىبادەتخانا خارابىسى، بېزەكلىك مىڭئۆيى، مۇرتۇق ئەتراپىدىكى مىڭئۆي خارابىلىرىدىن مەسىلەن، بەش غار مىڭئۆيى (بۇ غارغا گرۈنۋېدىل مۇرتۇق «2 - رايونلۇق» مىڭئۆيى ۋە سىتەيىن س رايون دەپ نۇمۇر سالغان)» خۇيسامۇ بۇلاگ ئىزى، چىكەنكۆل مىڭئۆيى ۋە تۆيۇق، لەمجىندىكى خارابىلەردۇر.



5 - رەسىم، قارا غوجىدىكى تەيزاڭ مۇنارى بولۇپ، رۇسىيەنىڭ بىرىنچى قېتىملىق شىنجاڭ (ئولدېنبورگ) ئارخېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى دۇجىن 1909 - يىلى سىزغان.



6 - رەسىم: خوجام بۇلاق مىڭئۆيىنىڭ سول تەرىپىدىكى تام رەسىملىرى

*(ئولدېنبورگ) ئارخېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇلارغا قويغان نومۇر ئېنىق ئەمەس. (گرۈنۋېدىل ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ مۇرتۇقتا 3 - رايون «G» نومۇرلۇق مىڭئۆي دەپ نومۇر سالغان).*

*روسىيەنىڭ بىرىنچى قېتىملىق شىنجاڭ (ئولدېنبورگ) ئارخېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى دۇجىن 1909 - يىلى سىزغان.*

شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، تەكشۈرۈش ئەترىتى تۇرپاندىكى خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، دۇجىن ۋە سىمىنوفلار قارا غوجىدىن ئايرىلىپ دۆلىتىگە قايتقان. ئولدېنبورگ ۋە تەرجىمان خۇخۇلار بولسا بىرلىكتە كۇچارغا بېرىش جەريانىدا قاراشەھەر ۋە كورلىدىن ئۆتكەن. 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كۇچارغا كېلىپ، كۇچاردىكى ئىككى يىللىق (1910 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگىچە) تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئاندىن دۆلىتىگە قايتقان.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى، ئولدېنبورگ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان تۇرپان ئارخېئولوگىيە

ئەترىتى پەقەت رۇسىيەنىڭ 1909 - 1911 - يىللىرىدىكى بىرىنجى قېتىملىق شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسىنىڭ بىر قىسمى. شۇڭلاشقا، ئۇنى مۇستەقىل بىر ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش دەپ ھېسابلانمايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرپاندا تۇرغان ۋاقتى تەخمىنەن سەككىز ھەپتە بولۇپ، ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان خىزمەت ۋاقتى يەتتە ھەپتىگىمۇ بارمايدۇ.

1909 - يىلى 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگىچە ئولدېنبورگ تۇرپاننىڭ ھەر قايسى يېرىدىكى خارابىلەردە ئىنچىكە تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان. ئۇلار كېلېمېنتىز ۋە گرۈنۋېدىللار نۇمۇر سېلىپ چىققان مىڭئۆي ۋە ئىبادەتخانا خارابىلىرىگە قايتىدىن نۇمۇر سېلىپ چىققان. مەسىلەن، قاراغوجا قەدىمىي شەھىرىدىكى «Z» نۇمۇرلۇق ئىبادەتخانا، «H» نۇمۇرلۇق چوڭ ئىبادەتخانا ئېزى، يارغول مىڭئۆيىدىكى 8 - نۇمۇرلۇق غار قاتارلىقلار. ئۇلار يەنە نەق مەيداندا سۈرەتكە تارتىش ۋە رەسىم سىزىش خىزمەتلىرى ئىشلىگەن. سىمونوف ئارخېئولوگىيەلىك قورۇلۇش ۋە مىڭئۆي غارلىرىنىڭ ئورنى ۋە تەكشىلىكتىكى رەسىملىرىنى سىزىشقا مەسئۇل بولغان. دۇجىن رەسىمگە تارتىشتىن باشقا، قورۇلۇش ئىزلىرىنىڭ تەكشىلىكتىكى چىرتيوژىنى ھەمدە يورۇقلۇق ئۆتكۈزگۈچ قەغەز ئارقىلىق تام رەسىملىرىنىڭ رەسىملىرىنى سىزىشقا مەسئۇل بولغان. بۇلار تام رەسىملىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالىنى چۈشىنىشىمىزدە ناھايىتى موھىم رول ئوينايدۇ.

ئۇلار ئارخېئولوگىيەلىك ئورۇننى تاللاش ۋە ئۆلچەش، رەسىمگە تارتىش قاتارلىق جەھەتلەردە كېلېمېنتىز ۋە گرۈنۋېدىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار خىزمەت جەريانىدا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئالدىنقىلار ئۆتكۈزگەن خاتالىقلارنى تۈزەتكەن. مەسىلەن، ئۇلار تۇيۇق مىڭئۆيىنى تەكشۈرگەن ۋاقىتتا ، كېلېمېنتىز نۇمۇر قويغان 38 - نۇمۇرلۇق غار ئىچىدىكى بۇزۇلۇپ كەتكەن تام رەسىمنى قايتىدىن سۈرەتكە تارتقان. كېلېمېنتىز بۇ تام رەسىمنى تەكشۈرگەن ۋاقىتتا ئۇ تام رەسىمنىڭ تېز سىزما رەسىمنى سىزىپ چىققان. ئۇ تەكشۈرۈش ئارقىلىق تام رەسىملىرىدە كېلېمېنتىز ئويلىغاندەك خوراز بېشى شەكىللىك ھايۋان ئوبرازىنىڭ يوقلۇقىنى، بۇ جەھەتتە كېلېمېنتىزنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما ئولدېنبورگ ئىنچىكە ئانالىز قىلىش ئارقىلىق شۇنداقلا يەنە دۇجىن ۋە سىمونوفنىلارنىڭ بېكىتىشى ئارقىلىق بۇ رەسىمدىكى ھايۋان بېشى ئوبرازىنىڭ خوراز بولماستىن، بەلكى ياۋا چوشقا ئوبرازى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان. شۇڭا، كېلېمېنتىزنىڭ خاتالىقى ئوبرازلارنى پەرقلەندۈرۈش جەھەتتىكى خاتالىق، ئەمەلىيەتتە بۇ ئوبراز ھازىرمۇ مەۋجۇت. يەنە مىسال كەلتۈرسەك، سىمونوف سىزغان بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ تەكشىلىكتىكى خەرىتىسى بىلەن گرۈنۋېدىل سىزغان خەرىتە ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇنلىغان ئىنچىكە پەرقلەر بۇ تەتقىقاتچىلارغا نىسبەتەن ناھايىتى . يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. ئولدېنبورگنىڭ تۇرپاندا تەكشۈرگەن ماتېرىياللىرى ئىچىدىن (مەسىلەن،

www.uyghurkitap.com



سىمونوف سىزغان قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى خارابىسى خەرىتىسى، دۈجىن ئىشلىگەن تام رەسىملىرىنىڭ چىرتىيوژى، سەپەر جەريانىدا ئولدېنبورگنىڭ خاتىرىلىرى ۋە ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرى قاتارلىقلار دېگەندەك ) ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا كۆپ قىسمى جامەئەت بىلەن يۈز كۆرۈشمىدى، ھەتتا رەتلەنمىگەن ھالەتتە ئىرمىتاژ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

ئولدېنبورگ تام رەسىملىرىنى كېسىپ، پارچىلاپ ئېلىشتا پىرىنسىپال خاتالىقلارنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ تەكشۈرۈشتىكى كونكېرت خىزمەتلەردە ئۇنىڭ تەشەببۇسلىرىغا ئاساسەن ئىش قىلمىغان. يەنىلا كۆپ مىقداردىكى تام رەسىملىرىنى كېسىپ ئېلىۋەرگەن. شۇڭا بۇ تەكشۈرۈش جەريانىدا قولغا كەلگەن بويۇملارنىڭ كۆپ قىسمى كېلېمېنتىزنىڭ تەكشۈرۈش ئەترىتىگە مەنسۇپ بولغان.

كېلېمېنتىز ۋە ئولدېنبورگنىڭ 1898 - يىلىدىن 1909 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا تۇرپاندىن قولغا چۈشۈرگەن بويۇملىرى سانكېت - پېتىربورگقا ئاپىرىپ بېرىلگەن. بىر قانچە قېتىملىق يۆتكىلىش ئارقىلىق 1930 - يىلىدىن كېيىن ئىرمىتاژ دۆلەتلىك مۇزېينىڭ شەرقشۇناسلىق بۆلۈمىگە ساقلاشقا قويۇلغان. مۇناسىۋەتلىك بويۇملارنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى ھەققىدە ئىلگىرى مەن «دۇنخۇاڭ - تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» نىڭ 10 - سانىدا تەپسىلىي تونۇشتۇرغانلىقىم ئۈچۈن بۇ يەردە قايتىلاپ ئولتۇرمايمەن.

بۇ تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلەش جەريانىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ەن - مائارىپ مەھكىمىسى يىپەك يولى فوندى جەمئىيىتىنىڭ ياردىمىگە ۋە رۇسىيە پەنلەر پەنلەر ئاكادېمىيەسى سانكېت پېتىربورگ شۆبىسىدىكى پوپوف ۋە ئىرمىتاژ دۆلەتلىك مۇزېيىدىكى رودۋۋا خانىملارنىڭ شۇنداقلا فىرانسىيەلىك پروفېسسور دېرەگېنىڭ قىزغىن ياردىمىگە ئېرىشتىم. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مېنى قوللىغان تەشكىلات ۋە شەخسلەرگە چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

*بۇ ماقالە «دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتى» نىڭ 2010 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.*

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# تۇيۇق مىڭئۆيلىرى ۋە تام رەسىم ھېكايىلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە

ئۆمەر قادىر

### *1. تۇيۇق مىڭئۆيلىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە*

قەدىمكى تۇيۇق قوچو دىيارىدىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۇيۇق قەدىمكى ئۇيغۇرچە «تۇيماق، تۇيغۇن، زىرەك»① دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، بەزى مۇتەخەسسىسلەر بۇ يۇرت نامىنى «ئاخىرى يوق» دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلايدۇ. بۇ يەردىكى مىڭئۆيلەر يالقۇنتاغنىڭ تۇيۇق ئېغىزىدىكى شەرق ۋە غەرب ئىككى قاسناقتىكى قىيالىقتا قېزىپ ياسالغان، غەرىپتە تۇرپانغا 55 كىلومېتىر ، قوچو قەدىمكى شەھىرىگە 15 كىلومېتىر، بېزەكلىك مىڭئۆيىگە 20 كىلومېتىر، ەرىقتە پىچان ناھىيەسىگە 40 كىلومېتىر كېلىدۇ. خەرىتىدىكى جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقى ئۇزۇنلۇق 89°33، شىمالى كەڭلىك 51°42 o. تۇيۇق مىڭئۆيى ئىبادەتخانە خارابىسى قەدىمكى دەۋرلەردىكى خەنچە مەنبەلەردە «دىڭگۇ» ئىبادەتخانىسى دەپ ئاتىلىپ بۇ يەردە ھەيۋەتلىك ئىبادەتخانە ۋە قەسىر - سارايلارنى بەنا قىلىنغان.

دۇنخۇاڭ - قۇمغارلىرىدىن

بايقالغان P.2009 نومۇرلۇق ۋەسىقە «غەربى يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەپسىراتى»» : «دىڭگۇ مىڭئۆيلىرىدە بۇتخانە ۋە ئېتىكاپخانىلار كۆپ، ئوڭ تەرەپتىن لىۇجوڭ (لۇكچۇن) ناھىيەسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شىمالى بىلەن بولغان ئارىلىقى 25 چاقىرىم كېلىدۇ. غەربكە 20 چاقىرىم ماڭسا ئاستانىگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. ئىبادەتخانىلار تاققا يانداشتۇرۇلۇپ سېلىنغان. بۇ يەرنىڭ ئەتراپى بۈك - باراقسان، ئىبادەتخانە، ئېتىكاپخانىلىرى كۆپ، ئادەملىرى ئېغىزنىڭ ئىچكىرىسىدە تۇرىدۇ. بايرام - مۇراسىملاردا ھەر - خىل ئۈچقۇن چىقىرىدىغان گۈلخانلار يېقىلىدۇ. بۇ كۈنى ئاسماندىكى ئاي - يۇلتۇزلارنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئىبادەتخانە يېنىدا ھەيۋەتلىك بۇددامۇنارى قەدكۆتىرىپ تۇرىدۇ. يەنە بۇ يەردە شەرقتىن -غەربكە ئۆتىشكىلى بولىدىغان كۆۋرۈك بولۇپ مۇئەللەقتىكى ھەسەن - ھۈسەنگە ئوخشايدۇ.» ②

خاتىرىلەنگەن. ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقلىرىدىنمۇ «دىڭگۇ» ئىبادەتخانىسىگە ئالاقىدار ھۆججەت - ۋەسىقىلەر بايقالغان بولۇپ، شۇ ۋەسىقىلەرنىڭ بىرى «قوچو يىخېنىڭ ئىككىنچى يىلى (615 - يىلى) 7 - ئايدىكى ئاتلارنىڭ يەم - خەشەك ھىساباتى» «دىڭگۇ» ئىبادەتخانىسى «ئاتلارنىڭ يەم - خەشىكى» خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى ھۆججەت - ۋەسىقە، تارىخى مەنبەلەردە تۇيۇقنىڭ خەنچە نامى «دىڭگۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. 1912 - يىللىرى تۇيۇق مىڭئۆيىدىن بايقالغان «تۇدۇم سارىنىڭ ئىبادەتخانە ياساتقانلىقى ئابىدىسى» (بۇ تاش ئابىدىنى 1928 - يىلى خۇاڭ ۋېنبي ئۈرۈمچى - -دېخۇا- بايقىغان )

www.uyghurkitap.com



تۇيۇقتا ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە خاتىرىلەر بايقالغان، ئۇنىڭدا تۇيۇق دېگەن يۇرت نامى tuyuq, toyuq 3 دەپ تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭدىن 9 - ئەسىرنىڭ ئالدى كەينىلىرىدىن باشلاپلا تۇيۇق دېگەن يۇرت نامىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

تۇيۇق قەدىمكى دەۋرلەردە قوچو دىيارىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ ھەم ئەڭ بالدۇرقى بۇددىزىم مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولۇپلا قالماي ئۇ يەنە ئەينى ۋاقىتتا غەربى يۇرتتا تارقالغان تۈرلۈك دىنلار تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇقەددەس جايلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. 1953 - يىلىدىكى بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، تۇيۇق مىڭئۆيلىرىدە 94 بۇددا غارى ساقلانغان. بىراق يېقىنقى زاماندا ئېلىپ بېرىلغان تۈرلۈك سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى، يەر تەۋرەش قاتارلىق تەبىئى ۋە ئادەملەردىن كېلىدىغان بۇزغۇنچىلۇق ئامىللىرىنىڭ سەۋەبىدىن بۇ غارلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆرىلىپ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ ۋەيران بولۇپ كەتكەن. 46 بۇددا غارى ۋە ئون نەچچە
: - پۇرات ساقلىنىپ قالغان تام رەسىملىرىلا قالغان. ھازىر غەرپ تەرەپ يارلىقتا 25 uyu (1 - 25 - غارغىچە)) uyu تەرەپ يارلىقتا 21 uyu (25 - 46 - غارغىچە) ساقلىنىپ قالغان . يەرلىك كىشىلەر يەنە 1953 تەرەپتىكى مىڭئۆيلەر جايلاشقان رايوننى «كونا تىما»، غەرب تەرەپتىكى مىڭئۆيلەر جايلاشقان رايوننى «ئاي تىما»6 يەنە غەرب تەرەپتىكى قىيالىقتىكى مىڭئۆيلەر جايلاشقان جايغا چىققىلى بولىدىغان تار چىغىر يولنى «قىرىق بىر تاتما» («قىرىق بىر پەلەمپەي» دېگەن مەنىدە) 953 ئاتايدۇ.

ھەرقايسى تارىخي سۇلالىلەردە، ھەرقايسى دىني مەزھەپلەر بولۇپمۇ بۇددا دىنى ساخاۋەتچى مۇخلىسلار بۇ يەردە - كۆلەمدە ئىبادەتخا، قەسىر، ئېتىكاپخانىلارنى بەرپا قىلغان. مىلادىيە 3 - 4 - ئەسىرلەردىن كۇي فامىلىلىكلەر قىڭوچودا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان تۈركلەر دەۋرلىرىدە (5 - 6 - ئەسىرلەردە) تۇيۇق مىڭئۆيلىرىدە كەڭ كۆلەمدە ئىبادەتخانە ياساش، مىڭئۆي غارلىرىنى قېزىشتەك ساۋاپلىق ئىش - پائالىيەتلەر ئەۋج ئالغان، خەنچە مەنبەلەردە «دىڭگۇ» ئىبادەتخانىسى دەپ ئاتالغان بۇ جاي ئەينى ۋاقىتتا قوچو ئېلىنىڭ خان جەمەتى ئىبادەتخانىسى قىلىنىپ، 7 - 8 - ئەسىرلەردىكى غەربى ئايماق مەزگىللىرى يەنىلا بۇ ئەلنىڭ مۇھىم بۇددزم مەدەنىيەت مائارىپ مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ تۇرغان. ھازىرقى مىڭئۆيلەرنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمىدىن قارىغاندا كۇي جەمەتى قوچو دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ بۇ جايدا بىر مەزگىل ئىبادەتخانە مىڭئۆي - غارلىرىنى قېزىپ - ياساش بولمىغان. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەپ بەلكىم تۇيۇق مىڭئۆيلىرى قېزىلغان ئەن تۇپراق قاتلىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. چۈنكى بۇگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ قالغان ئىبادەتخانە غارلىرىدىكى خەتەرلىك ئامىللاردىن قارىغاندا تۇيۇق مىڭئۆي قېزىلغان تۇپراق قاتلىمى بىرقەدەر قۇمساڭغۇ بولۇپ، بۇنداق قۇمساڭغۇ تۇپراقتا قېزىپ ياسالغان ئۆيلەر ئۇزاق مەزگىلگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئاسان دەز كېتىدۇ ياكى ئاسان گۈمۈرۈلۈپ چۈشىدۇ. شۇڭا ئەينى ۋاقىتتىكى قوچو خان جەمەتى نەزىرىنى مۇرتۇق غوللىرىدىكى قاتتىق، چىدامچان سېغىز تۇپا قاتلىملىق يار - غوللىرىغا يۆتكەپ بۇ جايدا بېزەكلىك مىڭئۆيلىرى (خەنچە مەنبەلەردە «نىڭ روڭ» ئىبادەتخانىسى دەپ ئاتالغان) دىن ئىبارەت خان جەمەتى ئىبادەتخانىسىنى بەرپا قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

يېقىنقى بىرقانچە يىلدا بۇ يەردە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش جەريانىدا بايقالغان قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىگە تەۋە ئىبادەتخانە خارابە ئىزلىرىدىن قارىغاندا

قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ ئالدى-كەينىدە (7-13-ئەسىرلەرگىچە) بۇ يەردىكى مىڭئۆيلەر يەنىلا خان جەمەتىدىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشىپ، - كۆلەمدە ئىبادەتخانىلار ياسىلىپ رىمۇنت قىلىنغان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى تۇيۇق مىڭئۆيلىرىدىن بايقالغان «تۇدۇم سارىنىڭ ئىبادەتخانە ياسىغانلىقى ھەققىدىكى تاش ئابىدە» «ئىبادەتخانە بۇزۇلۇپ ئىگىسىز قالغانلىقتىن، مەن ئەنسارى، مەن تۇدۇم سارىلار بۇ ئىبادەتخانىلارنى رىمۇنت قىلىپ باشقىدىن ئىبادەتخانە قىلىپ قۇرۇپ چىقتۇق، راھىپلارنىڭ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ئۈچۈن، مېنىڭ مال-مۈلكىم..... لارنى بۇ ئىبادەتخانىغا ساخاۋەت (ھەدىيە) قىلدىم» ⑤ دېيىلگەن.

تۇيۇق مىڭئۆيى 38-غار بولسا مەركىزى تۈۋرۈكلۈك غار بولۇپ ئىچىدىكى تام رەسىملەرنىڭ ساقلىنىشى بىرقەدەر ياخشى، بۇ بۇددا غارىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا نۇرغۇن جايلىرىنىڭ قايتا رىمۇنت قىلىنىپ ياسالغانلىقى بايقالدى. جۇڭگو ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تەجرىبەخانىسى 38-غاردىن ئەۋرىشكە سۈۋاقتا ئىشلىتىلگەن سامانغا قارىتا كاربون 14(C14) ئانالىزلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ 38-غارنىڭ يىل دەۋرىنى مىلادىيە8 (45+90-)950-يىللارغا توغرا كېلىدۇ دەپ بېكىتتى. بېكىتىلگەن يىل دەۋرىدىن قارىغاندا تۇدۇم سارىلار تۇيۇق مىڭئۆيلىرىدە ئىبادەتخانە رىمۇنت قىلغان دەۋر بىلەن بىردەك بولۇپ، بەلكىم تۇدۇم سارىلار رىمۇنت قىلغان غارلارنىڭ بىرى بولۇشى ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن. يۇقىرىقى ئەپسلاتلاردىن قارىغاندا قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدە چوڭ كۆلەمدە بۇزۇلغان ئىبادەتخانىلارنى رىمۇنت قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە يېڭىدىن ئىبادەتخانە قېزىپ-ياساش پائالىيەتلىرىنىڭ بولغانلىقى بۇ بىر ھەقىقەت. شۇڭا تۇيۇق مىڭئۆيلىرىدىن نۇرغۇن ساندا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بېغىشلىما ۋە نوم-پۈتۈك پارچىلىرىنىڭ بايقىلىشى، بۇ بىر تاسادىپىلىق بولمىسا كېرەك.

*2. تۇيۇق مىڭئۆيلىرىنىڭ تەكشۈرۈلۈشى ۋە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى*

19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ،چەتئەل ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى تۇيۇق ۋە بۇ جايدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق خارابىلىرىگە كەينى-كەينىدىن كېلىپ، تۈرلۈك شەكىلدىكى تەكشۈرۈشلەردە بولغان. 1879-يىلى رۇسىيەلىك بوتانىك رېگېل (Regel . . ) ئەڭ ئاۋال تۇرپان ر.يونىغا كېلىپ، بۇ رايوننىڭ ھەرقايسى يېزا قىشلاقلىرىدا تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەپ خەرىتىگە ئېلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان.1893-يىلى رۇسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى روبوروۋسكى (I. Roborovsky .)،كوزلوۋ (P.K.Kozlov) تۇيۇقتىن بىر قىسىم قەدىمكى قولىيازمىلارنى ئېلىپ كەتكەن. 1897-يىلى رۇسىيەلىك ئارخېئولوگ كلېمېنتز (D. .Klementz) تۇيۇق مىڭئۆيلىرىدىن كۆپ مىقداردىكى تام رەسىم ۋە ھۆججەت ۋەسىقىلەرنى ئېلىپ كېتىپ، بۇ ماتېرىياللارنى «1898-يىلى رۇسىيە سانكىت پېتېربورگ پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تۇرپاندىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى» دا ئېلان قىلغان.1912-يىلى رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى ئولدېنبورگ (S.F. ldenburg) باشلاپ ماڭغان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىمۇ تۇيۇقتا تەكشۈرۈشتە بولغان. گېرمانىيەنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىدە، تۇرپاندىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى تالان-تاراج قىلىش، ئۇلارنىڭ نۇقتىلىق نىشانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئۈچ قېتىملىق

www.uyghurkitap.com



ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتى جەريانىدا تۇيۇقتا بىرىپ بۇ يەردە تەكشۈرۈشتە بولۇشنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىغان. لېكوك ( . on. Lecoq) گېرمانىيەنىڭ 2 ـ قېتىملىق شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سالاھىتى بىلەن 1904 ـ يىلى تۇيۇقتا نۇرغۇن ساندا قىممەتلىك ۋەسىقىلەر، 1904زگە يېزىلغان رەسىم قاتارلىق بويۇملارنى بايقاپ ئېلىپ كەتكەن. 1906 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1907 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغىچە گرۈنۋېدېل ( lbert Grunwedel ) باشلاپ ماڭغان گېرمانىيەنىڭ 3 ـ قېتىملىق شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تۇيۇقتا 12 كۈن تۇرۇپ، ناھايىتى ئىنچىكە، تەپسىلى ئۆلچەپ سىزىش، خەرىتىگە ئېلىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

ياپونىيەنىڭ ئوتانى كوزوي ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۇيۇقتا تۆت قېتىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بۇلاڭ تالاڭ قىلغان. 1903 ـ يىلى كىزۇيتورۇ ۋە نومۇرا ساكامىس تۇيۇقتىن بىر تۇركۇم نوم ـ ۋەسىقىلەرنى ئېلىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە يىراق ـ يېقىنغا مەشھۇر بولغان «بورھانلار سۇتراسى» نىڭ كەمتۈك قىسىممۇ بار ئىدى. 1907 ـ يىلى كىزۇيتورۇ ۋە نومۇرا ساكامىس يەنە بىر قېتىم كېلىپ كۆپ مىقداردىكى ھۆججەت ۋەسىقە، بۇت ھەيكەللەرنى ئېلىپ كەتكەن. 1908 ـ يىلى نومۇرا ساكامىس 3 ـ قېتىم تۇيۇقتا كېلىپ نۇرغۇن ھۆججەت ۋەسىقىلەرنى ئېلىپ كەتكەن. 1912 ـ يىلى جى چۈەنشاۋيىلاڭ (吉川小一郎) مۇ تۇيۇقتا كېلىپ بۇ يەردىن ئاز بولمىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كەتكەن. ئوتانى ئېكسپېدىيسىيە ئەترىتى تۇيۇقتىن ئېلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىق ماتېرىياللىرىنى «غەربى يۇرت ئارخېئولوگىيە ئاتلىسى» دېگەن ئەسىرىدە ئېلان قىلغان. 1907 ـ يىلى ۋە 1914 ـ يىلى ئەنگلىيەلىك ستېئىن (Stein. ) ئىككى قېتىم تۇيۇققا كەلگەن. ئۇ بۇ يەردە سىزىپ ـ ئۆلچەش، خەرىتىگە ئېلىش بىلەن بىرگە خارابە ئىزلىرىدا قېزىپ ـ تازىلاش بىلەن شۇغۇللىنىپ بىر تۈركۈم خەنچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر، قولىيازمىلار ۋە تام رەسىملەرنى ئېلىپ كەتكەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ھەر قايسى چەتئەل ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىنىڭ تۇيۇقتا ئېلىپ بارغان نۇرغۇن قېتىملىق قېزىپ ـ تازىلاش، مەدەنىيەت ـ يادىكارلىقلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش پائالىيەتلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا گېرمانىيەنىڭ تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ۋە ئەنگلىيەلىك مۇتەخەسسىس ستېئىننىڭ تۇيۇقتا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى بىر قەدەر ئىلمىيلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ خەلقارادا ئېلان قىلغان تۇرپان ۋە تۇيۇق توغرىسىدىكى نوپۇزلۇق ئەسەرلىرى بىزنىڭ تۇيۇق ۋە بۇ يەردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق خارابە ئىزنالىرىنى تەتقىق قىلىشىمىزنى ناھايىتى يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇلوپمۇ بۈگۈنكى كۈندە بىر ئەسىر ئاۋالقى تۇيۇقتىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق خارابە ئىزنالىرىنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە قىممەتلىك ئۇچۇر بېرەلەيدۇ.

1916 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايىتىدە يۈز بەرگەن 6 بال يەر تەۋرەشتە تۇيۇق مىڭئۆي خارابە ئىزلىرى زور بۇزغۇنچىلۇققا ئۇچرىغان. 1928 ـ يىلى ۋە 1930 ـ يىلى خۇاڭ ۋېنبى تۇيۇققا ئىككى قېتىم كېلىپ بۇ يەردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەققىدە تەكشۈرۈشتە بولغان. 1953 ـ يىلى كۈز ۋە قىش پەسلىدە غەربى شىمال مەدەنىيەت ئىدارىسى شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۇيۇقتا تەكشۈرۈشتە بولغان. بۇ 1950 ـ يىللاردىن بۇيان ھۆكۈمەت تەشكىللىگەن تۇنجى قېتىملىق تەكشۈرۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ۋۇبولۇن (武伯纶) نىڭ

خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا تۇيۇق مىڭئۆيلىرىدىكى 90 تىن ئارتۇق مىڭئۆي غارلىرى گۆمۈرۈلۈپ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. 1961-يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرستېتىدىن پروفېسسور يەن ۋېنرۇ قاتارلىقلار جۇڭگو بۇددا دىنى جەمىيىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن تۇيۇق مىڭئۆيىگە قارىتا يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ئاساستا تەكشۈرۈپ خاتىرە قالدۇردى. 1957-يىلى تۇيۇق مىڭئۆيى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەرىپىدىن تۇنجى تۈركۈمدە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى، 2006-يىلى تۇيۇق مىڭئۆيى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن 6-تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى دەپ ئېلان قىلىندى. شۇ يىلى يىپەك يولىدىكى دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى قامۇسىغا ئىلتىماس قىلىشتىكى نامزات تىزىملىكىگە كىرگۈزىلدى. تۇيۇق مىڭئۆيلىرى جايلاشقان ئورۇننىڭ گېئولوگىيەلىك يەر شەكلى تۈزىلىشى مۇرەككەپ بولۇش، ئادەملەردىن كېلىدىغان بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئېغىر بولۇش، ھاۋا كېلىماتىدىكى ناچار ئامىللار سەۋەبىدىن، ئەسلىدىنلا قوغدىلىش مۇھىتى ئاجىز بولغان بۇ مىڭئۆيلەر تېخىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ ساقلىنىپ قېلىش ھالىتى تېخىمۇ ئېغىر خەۋپكە دۇچ كەلگەن ئىدى. يىپەك يولى شىنجاڭ بۆلىكىنى دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى قامۇسىغا كىرگۈزۈشكە ئىلتىماس قىلىش ۋە بۇ مىڭئۆي غارلىرىنى مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇش تۈرىگە ماسلىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلىرى ئاكادېمىيەسى، ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاكادېمىيەسى، كۇسەنشۇناسلىق تەتقىقات ئاكادېمىيەسىدىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 2010-يىلى ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە ئىككى قېتىم تۇيۇق مىڭئۆيلىرىدە قېزىش ئېلىپ باردى. قېزىلغان ئومۇمى كۆلەم 2500 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇ جەرياندا 200 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە يېڭى تام رەسىم بايقالدى. كۆپ مىقداردا خىلمۇخىل يېزىقتىكى ھۆججەت-ۋەسىقىلەر، نوم-پۈتۈك پارچىلىرى بايقىلىش بىلەن بىرگە شايىغا سىزىلغان رەسىم، ياغاچ ئەسۋاپلار، ساپال بۇيۇملار قېزىۋېلىندى. بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتا بايقالغان تام رەسىم ۋە كۆپ مىقداردىكى ھۆججەت-ۋەسىقىلەر، نوم-پۈتۈك پارچىلىرى، ياغاچ ئەسۋاپلار ۋە ساپال بۇيۇملار بۇندىن كېيىنكى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈچۈن مۇھىم قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ، قەدىمكى تۇرپان رايونىنىڭ دىن، ئۆرپ-ئادەت، تىل-يېزىق مەدەنىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

*3. تۇيۇق مىڭئۆيى 1-غارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى*

1-نومۇرلۇق غار تۇيۇق مىڭئۆيى تۈركۈمىدىكى غولنىڭ غەربىي تەرەپ، ئەڭ نۇبىدىكى غارلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئېغىزى شەرق تەرەپكە قارايدۇ. غارنىڭ ساقلىنىش ھالىتى ياخشى ئەمەس. گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈش بۇزغۇنچىلىقى ناھايىتى ئېغىر. غارنىڭ شەكلى تۆت چاسا ئەگمە تورۇسلۇق كەڭلىكى تۆت مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئالتە مېتىر كېلىدۇ. غەربىي تامدىن بۇ غارنىڭ كەينى خانىسىگە ئىشىك ئېچىلغان، شىمال ۋە جەنۇب تام تەرەپلىرىگە ئىككىدىن، تۆت ئېتىكاپ غارلىرى قېزىلغان. شەكلى تۇيۇق مىڭئۆيى 42- غار ۋە بېزەكلىك مىڭئۆيى 9- ئوخشاپ قالىدۇ. (مۇقاۋا2 ئىچىدىكى2-رەسىمگە قاراڭ) غاردىكى تام رەسىملەرنىڭ ساقلىنىشىمۇ تازا ياخشى ئەمەس. بى تام ئۈستى تەرىپىگە 7×7 جەمى 49 كاتەكچە ئىچىگە «ئامىتا ئايۇسى

www.uyghurkitap.com



سۇدۇر» (ياكى «ئەپەرىمىتايۇر سۇترا») ۋە «ئابىتاكى سۇدۇر» نوملىرىدىكى «پاك زىمىن- جەننەت» كە مۇناسىۋەتلىك تەسۋىر بايانلارغا ئاساسەن سىزىلغان «پاك زىمىن- جەننەت»»» «جەننەتتە غايىۋى تۇغۇلۇش»» «بۇددانىڭ ھېكمەت سۆزلىشى» دېگەندەك تېما مەزمۇنلاردىكى تام رەسىملەر سىزىپ چىقىلغان. تامنىڭ شىمالى تەرەپ ئاستىداراق «پادىشاھنىڭ كۆزىنى براھمانغا سەدىقە قىلىشى»بۇددا ھېكايىسى سىزىلغان. بۇ ئەسلى «ئاقىللىق ۋە نادانلىق سۇتراسى» دىكى بىر بۇددا ھىكايىسى بولۇپ، ئۇنە014 مۇنداق ۋەقەلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«بۇرۇنقى زاماندا سىبى ئېلىنىڭ پادىشاھى ئاردىپا شەھرىدە سەلتەنەت يۈرگۈزگەندە، ساكيامۇنى ۋەلى ئەھدى بولۇپ ئالەمگە قايتا تۆرەلگەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىسمى سىبى (Sibi) بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن پادىشاھ تەختىگە ۋارىسلىق قىپتۇ. ئۇ ھەق يولىدا خەير-ئېھسان سەدىقە قىلىپ كۆپرەك ساۋاپ تېپىش ئۈچۈن ئوردا ئالدىدا ئالتە ساخاۋەتخانە تەسىس قىلىپ يوقسۇللار ئۈچۈن ساۋاپلىق ئەمەللەردە بوپتۇ. ھەر ئاينىڭ 8-- 14-- 15 -كۈنلىرى شەخسەن ئۆزى سەدىقە ساخاۋەت ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىدىكەن. كېيىنچە ئۇ بۇ قىلغانلىرىدىن قانائەت تاپالماي بۇ قىلغانلىرىم بەدىنىمنىڭ سىرتىدىكى مال-دۇنيالىرىم تۇرسا قانچىلىك ساۋابى بولماقچىدى دەپ ئويلاپ ساخاۋەت قىلىشنى تېخىمۇ كېڭەيتمەكچى بوپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي كىم نېمەمنى خالىسا مەيلى قول-مالاي بولۇشۇمنى، مەيلى گۆشۈمنى ۋە مەيلى كۆزۈمنى تىلىسە ساخاۋەت قىلىمەن» ibi جاكالاپتۇ، ئۇ مۇنداق دەپتۇ: «ئالەم بىلەن ئادەمدە بار-يوقنى ئاتارمەن، ھەتتاكى كۆز چەشمەمنى بېرىشكە ھەم قىيارىمەن». ئۇ ھەر كۈنى شۇ يوسۇندا تازىلىنىپ - تارىنىپ، ئۆزىگە ئىپار -ئەنبەر سېپىپ سەدىقە - ساخاۋەت سورىغۇچىلارنى كۈتۈپ ساخاۋەتخانىدا تۇرىدىكەن. بۇنى ئالەم ئىلاھى ئىندىرا بىلىپ قېلىپ، ئاددى بىر قارغۇ براھمان قىياپىتىدە سىبى پادىشاھنى سىنىماقچى بولۇپ ئۇنىڭ ھوزورىغا كەپتۇ. ئۇ پادىشاھقا: «مەن بىر قېرى كېلىپتىمەن، بىر كۆز تىلەپ يىراقتىن، بىر كۆز ئاتا قىلىسىڭىز، تەڭ يەكچەشمە بولساقمىكىن؟» پادىشا سىبى بۇنىڭدىن قەۋەتلا خوش بولۇپ راسا ساۋاپ تېپىش پۇرسىتى كەلدى دەپ ئويلاپتۇ-: : «ئۈمىد بىلەن كېلىپسىز، بىلىپ مېنىڭ قەلبىمنى، ئۈمىدىڭىزگە بېرەي ئىككىلا كۆزۈمنى مەيلى» دەپتۇ. شۇئان ئوردا تىۋىبى ھېيىگانى چاقىرتىپ،كۆزلىرىنى ئويۇشنى بۇيرۇپتۇ. ئوردا ئىچى ئۆرە - تۆپە بولۇپ كېتىپتۇ. سەردارلار،خانىكە، مەلىكە، ئەمەلدارلار كېلىپ پادىشاھقا يالۋۇرۇپتۇ.يىغلاپ تۇرۇپ قۇشاقلار قېتىپتۇ. پادىشاھ سىبى ئۆز ۋەدىسىدە قاتتىق تۇرۇۋالغاچقا تېۋىب ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى ئويۇپ قېرى براھمانغا بېرىپتۇ. توساتتىن پادىشاھنىڭ كۆزى قايتا يورۇقلۇقنى كۆرۈپتۇ، پادىشاھ هارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ئوردىغا قايتىپ ئىبادەتكە مەشغۇل بوپتۇ.

قىلغانساخاۋىتىنىڭ توغرا بولغانلىقىنى ھېس قىلغان چاغدا ئەرشتىكى تەڭرى ئىندىرانىڭ تەختى قىزىپ كېتىپتۇ. پادىشا سىبىنىڭ مەرت ساداقەتمەن پەزىلىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆز كۆزلىرىنى بەرمەك بولۇشۇپتۇ. بۇ ھەقتە ھېكايىدا: «مىنىپ كەلدى ئالتۇن تەخىتراۋانغا، سۆيىچىكى يېنىدا بولدى پەيدا. دېدى، كەلدى ئىلاھ سېنىڭ قېشىڭغا، ساڭا قىلماق ئۈچۈن ئىنئامنى مۇندا.» ibi يېزىلغان. ھىكايىدە ئىلاھ ئىندىرانىڭ ئۇنىڭ كۆزىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكى، بۇ ئادەتتىكى كۆزدىن ئالاھىدە زىمىن كۆزى ئىكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن.بۇ بۇددىزىم ھىكايىسى تۆيۇق مىڭئۆيلىرىنىڭ 1-نومۇرلۇق غارىنىڭ غەربى تام، شىمالى تەرەپ ئاستىداراق تەرپىگە سىزىلغان (مۇقاۋ ئىچىدىكى 2-رەسىمگە قاراڭ) رەسىمنىڭ

ئوڭ تەرىپىدە قولىنى جۈپلەپ تۇرغۇنى براھمان، سول تەرەپتىكىسى بولسا پادىشاھ سىبى بولۇپ، براھماننىڭ سۇرىتىدە باش نۇر چەمبىرىكى بار، سىياقىدىكى ئىندىرا سىزىلغان. پادىشاھ سىبىنىڭ كەينىدە تۇتۇق بىر ئادەم ئوبرازى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىگىز كۆتىرىۋالغان قوللىرىنىڭ پادىشاھنىڭ باش قىسمىغا سۇنۇلغانلىقىنى ئۇچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ تام رەسىم ۋەقەلىكى يەنە قىزىل مىڭئۆي غارلىرىنىڭ 17ـ7 91ــ 114ــ 184ـ غارلىرىغىمۇ سىزىلغان. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان يېرى شۇكى، بۇ غار، تالاي يىللاردىن بۇيان سۇ ئىنشائات، ئېرىق ـ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىش سەۋەپلىك ھەمدە غارنىڭ ئاستىدىن ئۆتىدىغان سۇ يەر قاتلىمىنى يالاپ ئۇپۇرۇتۇپ غار ئۈلىنى يۇمشۇتىۋەتكەنلىكتىن 2013 ـ يىلى گۇمۇرۇلۇپ چۈشىپ، تۇرپاننىڭ بۇددىزم تارىخ بېتىدىن مەڭگۈلۈك ئۆچۈپ كەتتى.

### *4. تۇيۇق مىڭئۆيى 38 ـ غارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى*

38 ـ غار مەركىزى تۈۋرۈكلۈك غار بولۇپ، غول ئېغىزنىڭ شەرقىي يارلىقىغا جايلاشقان، غارنىڭ تورۇسىغا كاتەكچە شەكلىدىكى گۈللۈك نۇسخا بېزەك قىلىپ سىزىلغان. ئۆتۈشمە كارىدور ۋە كەينى خانە تاملىرىغا مىڭبۇددا، بۇدساتىۋالار رەسىملىرى سىزىلغان. ئالدى خانىدا بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان تام رەسىملىرى بار. تاملاردىكى رەسىم سىزىلغان قەۋەت ئىستونلارغا، كاتەكچىلەرگە «بۇددانىڭ ھېكمەت سۆزلىشى »گە ئالاقىدار بۇددا ھېكايە ۋەقەلىكى سىزىپ چىقىلغان. رەسىملەردە بىر خىل ئەندىزە ـ ئۇسلۇب ساقلانغان بولۇپ، يەنى ئوتتۇرىدا بۇددا ئولتۇرغان، ئەتراپىنى بۇتساتىۋالار، بىكسۇلار ئوراپ تۇرغان، كۆپ ئادەم ئوبرازلىرى بىللە گەۋدىلەندۇرۇلگەن رەسىم سىزىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. جەنۇبى تامدا ساكيامۇنى بۇددا ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان، ئوڭ قولىدا سەدىقە تىلەشتە ئىشلىتىلىدىغان چۆچەك (قاچا ياكى پاترە ) 201. ئەتراپىنى شاگىرتلىرى، بۇتساتىۋالار ئوراپ تۇرغان، ئۇنىڭ ئوڭ تەرەپ ئاستىدا ئۈچ نەپەر يالىڭاچ بالا بىرىنىڭ بويىنىغا بىرى مىنىپ ساكيامۇنىنىڭ قولىدىكى چۆچەككە (قاچىسىغا) قانداقتۇر بىر نەرسىنى سېلىۋاتقانلىقى سىزىلغان. بۇ رەسىم ۋەقەلىكى دەل «پادىشاھ ئاسۇكانىڭ مۇنار ياسىتىشى» ( «阿 育 王 起 塔 因 缘 » ) سەۋەبىيەت ھېكايىسىنىڭ تام رەسىمدىن ئىبارەت. «پادىشاھ ئاسۇكا سۇترىاسى» ( («阿 育 王 经 ») بايان قىلىنىشىچە، ساكيامۇنى بۇددا راجاگىرا شەھىرىدە تۇرغان بىر كۈنى ، شاگىرتلىرى بىلەن بىللە يىمەكلىك سەدىقىسى تىلەپ شەھەرگە كىرگەن، يولدا قۇمدا ئويناۋاتقان ئىككى بالا ئۇچراپ ئىخلاس بىلەن تاماق ئورنىدا قۇمنى ساكيامۇنىنىڭ سەدىقە قاچىسىغا سېلىپ قويغان. بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ چىن كۆڭلىدىن ساخاۋەت قىلىش ئىرادىسىنى بىلدۈرگەن. بۇددا بۇ ئىشتىن تەسىرلىنىپ يېقىن شاگىرتى ئانەنگە :«بۇ بالا مەن نىرۋانىغا يېتىپ يۈز يىلدىن كېيىن پەتەلى پۇترە شەھىرىدە تۇغۇلۇپ پادىشاھ بولىدۇ. ئىسمى ئاسۇكا........ كېيىن ئۇ ساخاۋەت قىلىپ بۇددا يولىدا 84 مىڭ شارىرا بۇددا مۇنارىنى ياسىتىدۇ.» دېيىلگەن. تام رەسىمدە پادىشاھ ئاسۇكانىڭ يارالمىش سەۋەبىيەت قىسسىسى سىزىلىپ ئۇنىڭ بۇددا ئەھكامىنى ھىمايە قىلغانلىقى مەدھىيەلەنگەن.

### *5. تۇيۇق مىڭئۆيى 44 ـ غارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى*

44 ـ غار بولسا تۇيۇق مىڭئۆيى توپى ئىچىدىلا ئەمەس قوچو رايونىدىكى مىڭئۆيى توپى ئىچىدىمۇ ساقلىنىشى بىر قەدەر ياخشى، تام رەسىملەرنىڭ مەزمۇنى بىرقەدەر مول بولغان تۆت چاسا گۈمبەز تورۇسلۇق غارلارنىڭ بىرى. 44 ـ غار غولنىڭ شەرقىدىكى

www.uyghurkitap.com



ئىگىز قىيالىقتا جايلاشقان بولۇپ تۆت چاسا، تۈز تورۇس ئوتتۇرىسىغا گۈمبەز شەكلى ئويۇپ چىقىرىلغان، تورۇس مەركىزىدىكى گۈمبەز شەكلى نەقىش بىلەن رەسىم سىزىش بىرلەشتۈرۈلۈپ خۇددى بىر تال سۆچىچەكنى (نىلۇپەر) نى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك شەكىل چىقىرىلغان. بۇ سۆچىچەكتىن نۇر چېچىلغان شەكىلدە 29 پارچە رەسىم ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بۇ رەسىملەردىكى ئادەم ئوبرازلىرىدا، ئۈستىدە ئۆرە بۇددا ئوتتۇر ۋە ئاستىدا ئولتۇرغان بۇددا سۈرىتى سىزىپ چىقىلغان. غار تورۇسىنىڭ تۆۋەندىكى قىسمىدا يەنى گۈمبەز تورۇسىنىڭ گىرۋەك قىسمىدا ئۈچ بۆلۈك-ھەرە چىشى شەكلىدە بېزەك گۈل نۇسخىسى سىزىلغان، ھەر بىر ھەرە چىشى نۇسخىسى ئىچىگە كىچىك ئۆرە بۇددا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. بۇ غارنىڭ تورۇسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۈمبەزسىمان قىسمىدىن باشقا يەنە تۈز تورۇس قىسمىغىمۇ كىچىك مىڭ بۇددا (بورھان). غارنىڭ ھەر بىر بۆلۈكىگە (بۇرجىكىگە) ماخاراجا (天王) رەسىمى سىزىپ چىقىلغان. ئۇدۇل تام ۋە يان تاملارنىڭ ئۈستى تەرەپ ئوتتۇرا قىسمىغا بىر بۇددا ئىككى بودساتۋا شەكلىدىكى ھېكمەت سۆزلەش رەسىمى، ھەر بىر بۆلۈكىدە بىردىن بۇددا مۇنارى سىزىلىش بىلەن بىرگە، قالغان قىسمىغا مىڭ بۇددا رەسسىمى سىزىلغان. ئۇدۇل تام ۋە يان تامنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا بۇددانىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى، ۋەج - سەۋەپ قىسسەلىرى سىزىلغان. تۆۋەن قىسمىغا بولسا ئۈچ بۆلۈك-ھەرە چىشى شەكلىدىكى بېزەك گۈل-نۇسخىلىرى سىزىلغان. بۇ غارنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا بىر بۇت سۇپىسى چىقىرىلغان، ئەپسۇسلىنارلىقى، سۇپا ئۈستىدىكى بۇددا ھەيكىلى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قېلىنمىغان. «بۇ خىلدىكى تۆت چاسا گۈمبەز تورۇسلۇق غارلار سامانىلار سۇلالىسى پېرسىيە (ئىران 波斯) مەدەنىيىتىدىن كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى مىلادىيە 3-7-ئەسىرلەردە پېرسىيەنىڭ جاي - جايلىرىدا، نەزىر-چىراغلاردا ئىشلىتىلىدىغان قۇياش ئىلاھى ئىبادەتخانىلىرى (火神庙) بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەكلى تۆت چاسا، تۈز تورۇسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يەنە گۈمبەز شەكلى چىقىرىلىپ، ئاسمان (قۇياش) مەركەز شەكلى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ تۆت چاسا شەكىلدىكى تۈز تورۇس گۈمبەز شەكلى چىقىرىلغان ئوتتۇرىسى مۇنارلىق ئىبادەتخانىلار (支提窟)نىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى بولۇپ، بۇ بىر تەرەپتىن پېرسىيە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى نامايەن قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن مىڭئۆي بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بارغانچە مۇكەممەللىشىپ مىللىيلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى بۇ خىل چېدىرغا تەقلىد قىلىنغان، گۈمبەز تورۇسلۇق بىناكارلىق ئۇسلۇبى، ئەينى ۋاقىتتىكى غەربىي يۇرتتىكى خەلقلەرنىڭ ئىستېتىك كۆز قارىشىغا ناھايىتى ماس كېلىدۇ.» ⑥ بۇنىڭدىن رايونىمىز تەۋەسىدىكى ھەرقايسى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقلىرىدا دائىم كۆزگە چېلىقىدىغان ۇمبەز تورۇسلۇق تۆت چاسا بىناكارلىق ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆپ بولۇشى بۇنىڭ بىر تەسادىپىلىق ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

### *6. تۇيۇق مىڭئۆي تام رەسىم ھېكايىلىرىدىن نەمۇنىلەر*

تۇيۇق مىڭئۆيىنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان غارلارنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا بۇ غارلارنى مەركىزى تۈۋرۈكلۈك غارلار، تۆت چاسا ئەگمە تورۇسلۇق غارلار، تۆت چاسا تۈز تورۇسلۇق غارلار، تۆت چاسا گۈمبەز تورۇسلۇق غارلار، تۆت چاسا شىڭ تۆۋى شەكلى تورۇسلۇق غارلار قاتارلىق بىرقانچە تۈرگە بۆلىنىدۇ. ئەمەلىي ئىشلىتىلىش ئېھتىياجىغا قاراپ ئىبادەت غارلىرى، راھىپلارنىڭ تۇرمۇش غار-ئۆيلىرى، نوم

ساقلاش ۋە نوم نوملاش (قىرائەت قىلىش) ئۆيلىرى، ئىستىقامەت (ئېتىكاپ) غارلىرى قاتارلىق بىرقانچە تۈرگە ئايرىلىدۇ. پۈتكۈل غارلارنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا تۇيۇق مىڭئۆيلىرىدە ھازىر ساقلىنىپ قالغان بىر قىسىم غارلار شەكلى قوچو دىيارىدىكى مىڭئۆي بۇددىزم غارلىرىدا ئاز ئۇچرايدۇ. مەسلەن، تۆت چاسا گۈمبەز تورۇسلۇق غارلار، تۆت چاسا، تۈز شىڭ تۇۋى شەكلى تورۇسلۇق غار قاتارلىقلار. بىراق كۇسەن مىڭئۆي غارلىرىدا بۇ خىل شەكىلدىكى غارلارنى كۆپلەپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسلەن، قىزىل مىڭئۆيى 39 -- 67 -- 129 -- 135 -- 183 -- 189 - قاتارلىق غارلار؛ قۇمتۇرا مىڭئۆيى 33 -- 34 -- 79 - 9 غول ئېغىزىدىكى 21 - 1 22 - ، قاتارلىق غارلار، قىزىلقاغا مىڭئۆيى 31 - غار قاتارلىقلار؛ توغراق ئېقىن مىڭئۆيى 4 - غار قاتارلىقلار؛ سىم - سىم مىڭئۆيى غارلىرىنىڭ 27 -- 39 - 9 42 - 2 47 - لىق غارلىرى؛ مازارباغ مىڭئۆيى 1 - 7 30 - غارلار قاتارلىقلار. يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، تۇيۇق مىڭئۆي غارلىرى قۇرۇلما جەھەتتە يەنە كۇسەن مىڭئۆيلىرىنىڭ خاس ئۇسلۇبىنى قوبۇل قىلغان. بۇ ئىككى رايوننىڭ بۇددىزم تەتقىقاتىدا ھەر ئىككىلىسى بىر بىرىنى تولۇقلاش، بىرى ئارقىلىق يەنە بىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتەك مۇناسىۋەتنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ.

44 - غاردىكى تام رەسىملەرنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مول بولۇپ، تامدىكى رەسىملەرنى ئاساسەن ئۈچ قەۋەتكە ئايرىشقا بولىدۇ. ئۈستى قەۋەتتىكى تاملارغا تەڭدىن تولىسى مىڭ بۇددا سۈرىتى سىزىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر بىر تامدىكى ئوتتۇرا قىسىمىغا بىر بۇددا ئىككى بۇدساتۋا شەكلىدىكى ھېكمەت سۆزلەش مەزمۇنى سىزىپ چىقىلغان. ئوتتۇرا قەۋەتكە بولسا بۇددانىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى، ۋەج - سەۋەپ قىسسىسى رەسىملىرى سىزىپ چىقىلغان. تۆۋەن قەۋەتكە ئۈچ بۆلۈك - ھەرە چىشى شەكلىدىكى بېزەك نۇسخىلار سىزىلغان. ئوتتۇرا قەۋەتتىكى يارالمىش ھېكايىلەر ۋە ۋەج - سەۋەپ قىسسەلەرنىڭ رەسىملىرى غار ئىچىنى ئايلاندۇرۇپ كاتەكچىلەر ئىچىگە سىزىلغان. ئۇلاردىكى ھەر بىر كاتەكچە ئىچىگە بىردىن بۇددا ھېكايىسىنىڭ رەسىمى سىزىپ چىقىلغان بولۇپ، ھەممىنى ھېسابلاپ كۆرگەندە 20 نەچچە پارچىگە يېتىدۇ. جەنۇبى تام شەرق تەرەپتىن باشلاپ بىرىنچى كاتەكچىگە «سۇچېچەكى خېنىم» ھېكايىسى سىزىلغان، ئۇنىڭدا مۇنداق بىر ۋەقەلىك بايان قىلىنغان.

رەسىمنىڭ مەزمۇنى «سامۇيۇكتاراتناكۇتا سۇترا» نىڭ 1 - جىلدىدىكى «سۇچېچەكى خېنىم» ھېكايىسىگە ئاساسلىنىپ سىزىلغان (مۇقاۋىدىكى رەڭلىك رەسىمگە قاراڭ). بۇ رەسىمدە مۇنداق بىر ھېكايە بايان قىلىنغان: «بۇرۇنسىدا قارلىق تاغنىڭ ئېتىكىدە براھمان تەبەقىسىدىن چىققان بىر پەرىشتە بولغانىكەن ئىسمى دىۋايان ئىكەن .براھمان يوسۇنىدا پەرزەنت كۆرمىگەنلەر ئەرىشكە چىقالمايتتى (جەننەتكە كىرەلمەيتتى).بۇ براھمان دائىم شۇ جايدىكى بىر تاش ئۈستىگە كىچىك تاھارەت قىلىدىكەن. ئۇنىڭ كىچىك تاھىرىتىدىن ئۇرۇق ئېقىپ چىقىپ، تاش كاۋىكىغا چۈشۈپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر مارال شۇ يەردىن سۇ ئىچكەن ئىكەن، مارالنىڭ بويىدا قاپتۇ. ئاي - كۈنلىرى توشقاندا پەرىشتە غارىغا كېلىپ بىر قىز توغۇپتۇ. ئۇ تۇغۇلغاندىلا بەدەنلىرى گۈلدار بولۇپ، سۇچېچەكى كىيىملىك قىز ئىكەن. ئانىنىڭ قورسىقىدىن چۈشكەندىلا شۇنچە گۈزەل سۈزۈك مەرۋايىتتەك گۈزەل قىز ئىكەن. پەرىشتە ئۆز قىزىنى تونۇپ بېقىپ چوڭ قىپتۇ. قىزى با. - بارا چوڭ بولۇپ ماڭالايدىغان بوپتۇ. ئۇنىڭ دەسسىگەن يېرىدىن سۇچېچەكى ئۈنۈپ چىقىدىكەن. براھمانلارنىڭ يوسۇنىدا كېچىسى ئوت دائىم

www.uyghurkitap.com



يېقىلىپ تۇرۇشى كېرەك ئىكەن. بىر كۈنى كېچىدە گۈلخان ئۆچۈپ قاپتۇ. قىزنى باشقىلاردىن ئوت تىلەپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ تاپىنى تەگكەن يېرىدىن سۈچېچىكى ئۈنىپ چىققىنىنى بىلىپ قالغاچقا ئۇنىڭغا، «يەتتە قېتىم ئايلىنىپ بەرسىڭىز چوغ بېرىمىز» دەپتۇ. ئۇ يەتتە قېتىم ئايلىنىپ بېرىپ، چوغقا ئېرىشىپ قايتىپتۇ.

بىر كۈنى ئوتياناخان شىكارغا چىققاندا،يەتتە قۇر سۈچېچىكىنى كۆرۈپ هەيران قېلىپ سوراپتۇ ـ ئۆيىڭلاردىكى بۇ سۈچېچەكلىرى قانداق پەيدا بولۇپ قالدى؟ ئۇلار شاهقا جاۋاپ بېرىپ: ـ تاغدىكى براهماننىڭ قىزى چوغ تىلەپ كەپتىكەن، شۇ قىزنىڭ ئىزىدىن مۇشۇ سۈچېچەكلەر ئۈنۈپ چىقتى ـ دەپتۇ. پادىشاھ قىزنىڭ ئىزىدىن ئىزلاپ پەرىشتىنىڭ قونالغۇسىغا كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ قىزنىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ ۋە پەرىشتىگە: ـ قىزىڭىزنى ماڭا نىكاھلاپ بەرگەن بولسىڭىز! ـ دەپتۇ. ئۇ دەرهال قىزنى پادىشاهقا ياتلىق قىلىشقا قوشۇلۇپتۇ هەم شاهقا: ـ قىزىم سىزگە 500 شاهزادە تۇغۇپ بەرگەي ـ دەپ دۇئا قىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى دەرهال ئەمرىگە ئاپتۇ. ئۇ 500 كېنىزىكى ئىچىدىكى ئەڭ ئەتىۋارلىقى بوپتۇ. چوڭ خانىش ئۇنىڭغا هەسەتخورلۇق قىلىپ، ئۇنى دائىم هاقارەتلەيدىكەن. ئۇ كۆڭلىدە ‹‹پادىشاھ ئۇنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ راستىنلا 500 شاهزادە تۇغىدىغان بولسا، بېشىمغا بالا بولىدۇ›› دەپ ئويلاپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، پەرىشتىنىڭ قىزى 500 تۇخۇم تۇغۇپ سېۋەتكە سېلىپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن چوڭ خانىش 500 تاۋار يىرتقۇزۇپ، ئۇ تۇخۇملارنى يۆگىتىپ، سېۋەتكە سېلىپ، ئاغزىنى پېچەتلەپ، گانگ دەرياسىغا تاشلىۋېتىپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن پادىشاھ: ـ مەلىكە نېمە تۇغدى؟ ـ دەپ سوراپتۇ. خانىش: ـ مەلىكەم، تاۋار تۇغدى! ـ دەپتۇ خانىش چېقىشتۇرۇپ. پادىشاھ خاپا بولغان هالدا: ـ پەرىشتە ماڭا يالغان ـ ئېيتىپ، جۆيلۈپتۇ! ـ دەپ كايىپتۇ. چوڭ خانىش يارلىق چۈشۈرۈپ مەلىكىنى زىندانغا تاشلاپ، شاهقا كۆرسەتمەپتۇ. 014 شۇ چاغدا سادەنپۇ شاھ گانگ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا كېنىزەكلىرى بىلەن دەريا بويىدا سەيلە قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ توساتتىن دەريادا ئېقىپ كېلىۋاتقان سېۋەتنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ كېنىزەكلىرى بىلەن سېۋەتنى سۈزۈۋاپتۇ. پادىشاھ :ـ بۇنى مەن بۇرۇن بايقىدىم، شۇڭا سېۋەت پېقىرغا مەنسۇپ ـ دەپتۇ. كېنىزەكلەر چۇرقۇرۇشۇپ: ـ ئۇنداقتا سېۋەت پادىشاھ ئالىيلىرىغا مەنسۇپ بولسۇن، ئىچىدىكى نەرسىلەر بىز كېنىزەكلەرگە مەنسۇپ بولسۇن ـ تۇرۇۋاپتۇ. پادىشاھمۇ نېرى ـ بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ئۇلارغا ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار پادىشاھ بىلەن كېلىشكىنى بويىچە سېۋەتنى ئوردىغا ئېلىپ بارغاندىن كېيىن 500 كېنىزەكنىڭ هەربىرى بىردىن تۇخۇمغا ئېرىشىپتۇ. هەر بىر تۇخۇمدىن بىردىن ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ. ئۇلارنىڭ تەقى ـ تۇرقى بەك كېلىشكەن ئىكەن. ئۇلار چوڭ بولۇپ يېتىشىپتۇ، 500 باتۇر بولۇپتۇ. ئوتيانا شاھ هامان سادەنپۇ شاهنى تارتۇق بېرىشكە زورلايدىكەن. سادەنپۇ شاهنىڭ بېشى قېتىپ بىئارام بوپتۇ. شاهزادىلىرى ئۇنىڭدىن: ـ نېمىگە شۇنچە بىئارام بولىسىز؟ ـ دەپ سوراپتۇ. شاھ: ـ مەن هازىر ئۇنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراۋاتىمەن ـ دەپتۇ. شاهزادىلىرى: ـ كىم بوزەك قىلىۋاتىدۇ ـ سوراپتۇ. شاھ: ـ ئوتيانا شاھ دائىم مېنى تارتۇق تۆلەشكە قىستايدۇ ـ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. شاهزادىلىرى: ـ نېمىلا بولسا ئوتيانانىڭ توغرا بولىشۇرمەيدۇ. مانا بىز تارتۇق بولۇپ بارايلى، شاهىمىز نېمىشقا تارتۇق بېرىسىز؟ ـ دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن 500 باتۇر شاهزادە ئەسكەر تارتىپ، ئوتيانا شاهقا جازا يۈرۈشى قىلىپتۇ. ئوتيانا بەك قورقۇپتۇ.

ئۇ: - بىر باتۇرغا كۆچۈم يەتمىگەن يەردە 500 باتۇرغا قانداقمۇ تەڭ كېلەلەيمەن "دەپتۇ. ئېلىدىكى ھەممە ئىقتىدارلىقلارنىڭ تاقابىل تۇرۇشىنى مۇراجىئەت قىلىپتۇ. ئۇ يەنە پەرىشتە بەلكىم ئامال قىلالارمىكىن، دەپ ئويلاپ، پەرىشتىنى ئىزدەپ تاققا چىقىپتۇ.ئۇ

ىشتىگە: - ئېلىمنىڭ بېشىغا بالا كەلدى! بىرەر ئامال چارىڭىز بارمىدۇ؟- دەپتۇ. پەرىشتە ئۇنىڭدىن: -بېشىڭىزغا نېمە كۈن چۈشتى؟- دەپ سوراپتۇ. شاھ ئۇنىڭغا:- سادەنپۇنىڭ 500 سەر لەشكىرى مېنى جازالىماقچى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، مېنىڭ ئۇلارغا تەڭ كېلەلىشىم مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ەقىپلەرنى يەڭگۈدەك قانداق چارىڭىز بارئىكىن؟- دەپ سوراپتۇ. پەرىشتە:- سىز نېمىشقا سۈچېچەكى خانىمدىن ياردەم سورىمايسىز؟- دەپتۇ. شاھ:-ئۇ قانداق تەڭ كېلىدۇ؟-دەپ سورىغان ئىكەن. پەرىشتە:- بۇ 500 باتۇر سىزنىڭ بالىلىرىڭىز بولىدۇ. ئۇلارنى سۈچېچەكى خانىم تۇققان ئىدى. چوڭ خانىشىڭىز ھەسەتخورلۇق قىلىپ، ئۇنىڭ بالىلىرىنى دەرياغا تاشلىۋەتكەن ئىدى، سادەنپۇ شاھ ئۇلارنى سۇدىن سۈزۈۋېلىپ، بېقىپ چوڭ قىلدى. ئەمدى سىز سۈچېچەكى خانىشنى پىلغا مىنگۈزۈپ، قوشۇن ئالدىدا ماڭدۇرسىڭىز، ئۇلار بويسۇنىدۇ- دەپتۇ.شاھ دەرھال پەرىشتىنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ، خانىشقا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپتۇ. سۈچېچەكى خانىم سەلتەنەتلىك كىيىنىپ، چوڭ ئاق پىلغا مىنىپ سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپتۇ. 500 باتۇر ئوق ئۈزمەكچى بولغاندا، پەرىشتە ئۇچۇپ كېلىپ، باتۇرلارغا:-ھاي! قولۇڭلارنى تارتىڭلار! نىيىتىڭلارنى بۇزماڭلار! نىيىتىڭلارنى بۇزساڭلار دوزاخقا كىرىپ كېتىسىلەر! بۇ شاھ بىلەن خانىم سىلەرنىڭ 2014 -ئاناڭلاردۇر- دەپتۇ.

ئۇلارنىڭ ئانىسى ئەمچىكىنى بېسىپ قويغان ھامان 250 جۈمەكتىن سۈت ئېقىپتۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئاغزىغا كىرىپتۇ. ئۇلار دەرھال 2014 -ئانىسىدىن گۇناھىنى تىلەپ تۆۋە قىپتۇ.... "⑦ رەسىمنىڭ سول ت.... ئاستىدا سادەنپۇ شاھ بىلەن كېنىزەكلەرنىڭ دەريادىن 500 تۇخۇم سۈزۈۋالغانلىقى سۈرەتلەنگەن. بوشلۇقتا ئۇچۇۋاتقان ئوبرازلاردا پەرىشتىنىڭ پالۋانلارغا نەسىھەت قىلىۋاتقانلىقى سۈرەتلەنگەن. ئوتتۇرا قىسمىدىكى رەسىمنىڭ ئوڭ تەرپىگە سىزىلغىنى ئوتيانا شاھ بولۇپ، قىيا014 ياتقىنى سۈچېچەكى خېنىمنىڭ بىر بالىنى ئېمىتىۋاتقانلىق كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت. بۇ كۆرۈنۈش 500 بالىنى ئېمىتىۋاتقانلىقىغا سىمۋول قىلىنغان.

ئۇدۇل تام (شەرقى تام) جەنۇب تەرەپتىن باشلاپ بىرىنچى كاتەكچىگە «چانتىپول پەرىشتىنىڭ پۇت - قوللىرىنىڭ كېسىلىشىگە سەۋرى قىلىشى» ھېكايىسى سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق بىر ۋەقەلىك بايان قىلىنغان.

بۇ ئەسلى «ئاقىللىق نادانلىق سۇتىرا»سىنىڭ 2 -جىلدىدىكى ھېكايە بولۇپ، كۇسەن تاش غار مىڭئۆيلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋەقەلىكنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق : «ۋارنا ئېلىدە چانتىپول ئىسىملىك بىر پەرىشتە بولۇپ، ئۇ تاغ ئارىسىدىكى تىمتاس جايغا بېرىپ تەنھا سەۋرى تاقەت بىلەن تائەت ئىبادەتكە مەشغۇل بوپتۇ. بىر كۈنى كارلى پادىشاھ خانىش ۋە ھەرەم قىزلىرىنى ئېلىپ بۇ تاغ ئارىسىغا سەيلىگە كەپتۇ. سەيلىدە ھەرەم قىزلىرى پەرىشتە چانتىپولنىڭ -ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇپ تىپ-تىنچ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ئۈستى-بېشىغا گۈل بەرگى-گۈل چاچقۇلىرىنى چېچىپ ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت ساداقىتىنى بىلدۈرۈپتۇ. بۇ ئىشتىن ھەسەت ۋە غەزەپكە كەلگەن كارلى پادىشاھ قېنىدىن زۇلپىقارىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ پەرىشتىنىڭ بىر جۈپ قولىنى، پۇتىنى ۋە بۇرۇن قۇلاقلىرىنى كېسىپ تاشلاپتۇ. قانلار بۇلاق

سۈيىدەك ئېقىشقا باشلاپتۇ. ئاغرىق چىدىغۇسىز دەرىجىگە يېتىپتۇ. بىراق چانتىپول پەرىشتە چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي، چىداشلىق بېرىپ، سەۋرى تاقەت بىلەن ئىبادىتىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. پادىشاھ كارلى پەرىشتە چانتىپولنىڭ بۇددا يولىدىكى سەۋرى-تاقەتلىك ، سەمىمى - ساداقەتمەن روھىدىن ئىنتايىن تەسىرلىنىپ ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۆزىمۇ بۇددا يولىنى تۇتۇپ، سادىق بۇددا مۇخلىسلىرىدىن بولۇشقا نىيەت قىپتۇ .

پەرىشتە چانتىپولنىڭ بۇددا يولىدىكى سەمىمى ساداقىتىدىن تەسىرلەنگەن ئەرىشتىكى تەڭرىلەر كېسىۋېتىلگەن پۇت-قول، قۇلاق-بۇرۇنلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ››.

بۇ بۇددىزم چۆچىكى ۋەقەلىكى تۇرپاننىڭ تۇيۇق مىڭئۆيى 44 - غارىغا سىزىلغان، بۇ تام رەسىمى كەينى تامنىڭ جەنۇبى ئۇچىدىراق ئوتتۇرا رەتكە كاتەكچە ئىچىگە سىزىلغان. بۇ تام رەسىمنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر كىچىك ئېتىكاپخانە سىزىلغان، ئىچىدە ئوڭ قولىدا بىر تال سۇچېچىكى تۇتۇپ تۇرغان بىر ئادەم ئوبرازى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇسۇل ئويناۋاتقاندەك ھالەتتە شەمشىرىنى ئىگىز كۆتىرىۋالغان بىر ئادەم ئوبرازى سىزىلغان.يەنە تۇۋىنىدە كېسىلگەن قول-پۇتلارنىڭ يەردە قالايمىقان چېچىلىپ تۇرغان رەسىمى سىزىلغان. رەسىمدە ئېتىكاپخانىدىكى ئادەم ئوبرازى دەل چانتىپول پەرىشتە بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ قولىنى كەسمەكچى بولغان ئادەمگە-پادىشاھ كارلىغا سۇچېچىكىنى سۇنىۋاتقان ھالەتتە ناھايىتى تەسىرلىك جانلىق سىزىلغان. رەسىمدىكى شەمشەر تۇتقان ئادەمنىڭ كەينىدە يەنى رەسىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆت نەپەر بۇتساتىۋانىڭ قوللىرىنى جۈپلەپ تىزلىنىپ تۇرغان ھالىتى بېرىلگەن.تام رەسىمنىڭ سول تەرىپىدە ئاستىنقى بۇرجىكىگە قىيپاش بولۇپ ياتقان بىر ئادەم ئوبرازى ئۈستىدە يەنە بىر ئادەمنىڭ قىلىچنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ھالىتى سىزىلغان. بەلكىم بۇ ئوڭ تەرەپتىكى تام رەسىم ۋەقەلىكىنىڭ جەريانى ياكى خاتىمىسى بولۇشى مۇمكىن. پۈتكۈل تام رەسىمدىكى ئادەم ئوبرازلىرىدىن قارىغاندا تام رەسىمنىڭ سىزىلىشى كۈسەن يەرلىك رەسساملىق ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندەك قىلىدۇ (مۇقاۋىدىكى 6 -رەسىمگە قاراڭ).

بۇ ۋەقەلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تام رەسىمى يەنە قىزىل مىڭئۆيلىرىنىڭ 7_17 38 8_ 9_69 1_91 114 -- 178 -- 184_4 186_ قاتارلىق غارلىرىنىڭ سەككىز ئورنىغا بىر-بىرسىگە ئوخشاش بولمىغان ئىپادىلەش ئۇسلۇب - ماھارىتى بىلەن سىزىپ چىقىلغان.

ئۇدۇل تام (شەرقى تام) جەنۇب تەرەپتىن باشلاپ ئىككىنچى كاتەكچىگە «براھمان خوتۇنىنىڭ قىيىن ئانىسىغا زىيانكەشلىك قىلىشى» ھېكايىسى سىزىلغان(مۇقاۋىدىكى 7 -رەسىمگە قاراڭ) بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق بىر ۋەقەلىك بايان قىلىنغان.

‹‹بۇرۇنىسىدا بىر براھمان بولۇپ، ئۇنىڭ خوتۇنى كۆچكە تولغان چېغىدا ھۆسنى جامالى تېخىمۇ گۈزەللىشىپ، ھېسسىياتچان، شەھۋەتپەرەس بولۇپ كەتكەن، ئۇ قىيىن ئانىسىنى كۆرسىلا، كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ يامانلىق قىلىپ قەستلەشنىڭ كويىدا بۇلۇدىكەن، بىراق ئۇ كۆرۈنىشتە كۆيۈنگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئېرىنى ئازدۇرماقچى بولۇدىكەن. شۇ كۈنلەردە ئۇلار باياشاتلىق بىلەن كۈن كەچۈرۈپتۇ. ئېرى شادلىنىپ، ئايالىغا ئېيتىپتۇ: - بۈگۈنكى باياشادلىق سىزنىڭ كۆيۈمچانلىقىڭىزدىن بولۇۋاتىدۇ. ئانام قېرىپ كۈچىدىن قالغاندا، سىزنىڭ خەيرىخاھلىقىڭىزغا مۇيەسسەر بولدى. ئايالى ئېرىغا جاۋابەن دەپتۇ: -ھازىر ئۆزۈمنى ئەۋلادلارغا بېغىشلىدىم، بار بولغان تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىمىز ناھايىتى ئاز، ئەگەر

ئۇلارنى تەڭرىگە تاپشۇرساق خاتىرجەم بولىمىز. بۇ ئەپچىل چارىنى تەڭرى قوبول كۆرمەسمۇ؟ . ئېرى ئايالىغا دەپتۇ: -براھمان يۇسۇنىدا: يار ئۇستىدىن ئۆزىنى ئېتىپ، ئوت دېڭىزىغا سەكرىسە، ھارارەتكە بەدىنىنى قاقلىسا، يېڭى تۇغۇلغان ۋاقتىدىكىدەك گۇناھسىز بولىدۇ (جەننەتكە كىرىدۇ)! .ئايالى ئېرىغا جاۋاپ بېرىپ: -براھمان يۇسۇنى بويىچە ئانىمىز ئەرىشكە چىقىدۇ، تەبىئەتنىڭ ھىممىتىگە ئېرىشىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئۇنچىۋالا تىرىشىپ كېتىدۇ؟ دۇنيا ئۇلارغا ھامان ھىممەت ئاتا قىلىدۇ - دەپتۇ. ئېرى ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ،دالىدا چوڭ ئوت ئازگىلى ياساپ، نۇرغۇن ئوتۇن دۆۋىلەپ ئوتنى لاۋۇلدىتىپ يېقىپ، ئوت ئازگىلىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، چوڭ كېڭەش ئۆتكۈزۈپتۇ. ياشىنىپ قالغان ئانىسىنى قولتۇقلاپ، بارلىق ئۇرۇق - تۇققانلار ۋە دوست - يارەنلىرىنى يىغىپ، نۇرغۇن براھمانلار بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇپتۇ. -دومباق مۇزىكىلارنى چېلىپ، ناخشا ئېيتىشىپ، پۈتۈن كۈن شاد - خوراملىقتا چۆمۈپتۇ. مىھمانلار تارقاپ بولغاندىن كېيىن ئانا ئۆزى يالغۇز قاپتۇ. )! .-خوتۇن ئىككىسى ئانىسىنى قولتۇقلاپ يۆلەپ، ئوت ئازگىلىنىڭ يېنىغا يۆلەپ ئېلىپ بېرىپ، ئانىسىنى ئوت ئازگىلىغا تاشلاپتۇ - دە، ھىچنېمىگە قارىماستىن كېتىپتۇ. ئوت ئازگىلىدا بىر كىچىك تاش پەلەمپەي بولۇپ، ئانا شۇ پەلەمپەينىڭ ئۇستىگە چۈشۈپتۇ 014 ئوت ئازگىلى ئىچىگە يىقىلماپتۇ. ئانا ئورەكتىن ئۆمىلەپ چىقىپ بولغۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ قاپتۇ. كەلگەندە ماڭغان ئاياق ئىزى بويىچە ئۆيىگە قايتماقچى بوپتۇ. يولدا قېلىن بىر ئورماندىن ئۆتۈشكە توغرا كەپتۇ. ئورمان ئىچى زۇلمەت قاراڭغۇ بولۇپ، ئۇ ۋەھشى يولۋاسنىڭ چاڭگال سېلىشىدىن قورقۇپ، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، دەرەخ ئۇستىگە چىقىۋاپتۇ.دەل شۇ ۋاقىتتا بىر قاراقچى نۇرغۇن بايلىقنى ئوغرىلاپ، بىر توپ شايكىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ ،دەرەخ ئاستىغا ئارام ئېلىشقا كەپتۇ. ئانا قورۇقىنىدىن مىدىرلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالماپتۇ.بىراق ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يۆتىلىپ تاشلاپتۇ. قاراقچىلار يۆتەل ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئالۋاستى كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ مال - .مۈلكىنى تاشلاپ، ھەر تەرەپكە پېتىراپ قېچىپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، ئانا دەرەخ ئۈستىدىن خاتىرجەم چۈشۈپ، ھېلىقى مال - دۇنيادىن مەرۋايىت، گۆھەر، ئالتۇن بىلەيزۈك، ھالقا قاتارلىق جاھاندا كەم ئۇچرايدىغان نەرسىلەرنى تاللاپ ئېلىپ، ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. J -خوتۇن ئىككىسى ئانىسىنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قاپتۇ ۋە ئانامنىڭ ئەرۋاھى كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ يېقىن بېرىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. ئانىسى: -مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئەرىشكە چىقىپ، نۇرغۇن مال-دۇنياغا ئىگە بولدۇم - دەپتۇ. -ۇ يەنە كېلىنىگە: -بۇ ئۈنچە - مەرۋايىت، گۆھەر، ئالتۇن بىلەيزۈك، ھالقىلارنى سېنىڭ ئاتا-ئاناڭ، ھاما-ئىگىچىلىرى، ئاچا-سىڭىللىرىڭ ھەمدە سېنى ئىشلەتسۇن،دەپ ئېلىپ كەلدىم. مەن قېرىپ ئاجىزلاپ قالغاچقا كۆپرەك ئالغاچ كېلەلمىدىم، سېنى ئىشلىتەر دىدىم، چىرايلىق دوستلىرىڭغىمۇ بېرەرسەن- دەپتۇ. كېلىنى ئانىسىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ خوشاللىقىدىن قىن-قىنىغا پاتماي قاپتۇ ھەم ئۆزىمۇ ئانىسىغا ئوخشاش ئوت ئازگىلىغا چۈشكىسى كېلىپ ،ئېرىگە مۇنداق دەپتۇ: -قېرى ئانام چېغىدا ئوت ئازگىلىغا تاشلىۋېتىش سەۋەبىدىن نۇرغۇن بايلىققا ئېرىشىپتۇ، قېرىپ بەدىنى ئاجىزلاپ كەتكەنلىكتىن كۆپ كۆتىرەلمەپتۇ.

مەن بارغان بولسام، جەزمەن كۆپ ئەكىلەلىگەن بولاتتىم. ئېرى ئۇنىڭ گېپىگە بىنائەن ئازگال ياساپتۇ.خوتۇنى ئازگالغا سەكرەپ چۈشۈپ،كۆيۈپ كۈل بوپتۇ - دە،زادىلا قايتا تىرىلمەپتۇ.شۇ ۋاقىتتا،ئەرشتىن مۇنداق بۇددا ئايەتلىرى نازىل بوپتۇ: - چوڭلار (ئانىلار) قەدىرلەنسە، يامان نىيەتلەردىن خالى بولغىلى بولۇر. ئەگەر خوتۇن - قىزلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چوڭلارغا (ئانىلارغا) زىيانكەشلىك قىلىشنى ئىستىسە، ئەكسىچە، ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ ھالاك بولۇر.»⑧

ئۈدۈل تام (شەرقىي تام) جەنۇب تەرەپتىن باشلاپ ئۈچۈنچى كاتەكچىگە «بىلىنگىر پادىشاھنىڭ يارالمىش قىسسىسى» ھېكايىسى سىزىلغان بولۇپ، بۇ ئەسلى «ئاقىللىق نادانلىق سۇترا» سىنىڭ 1 ـ جىلدىكى ھېكايە بولۇپ، تۇرپاننىڭ تويۇق مىڭئۆيىنىڭ 44 ـ غارىغا ئۆزگىچە خاسلىق بىلەن تام رەسىمى قىلىپ سىزىپ چىقىلغان. ھېكايىدە سۆزلەنگەن قىسسە مۇنداق: «قەدىمكى ھىندىستاندا بىر دۆلەت بولۇپ پادىشاھنىڭ ئىسمى بىلىنگىر ئىكەن، ئۇنىڭغا 84 مىڭ يېزا قىشلاق قارايدىكەن. 20 مىڭ خانىش كېنىزىكى، 500 شاھزادىسى، ئون مىڭ ۋەزىرى بار ئىكەن. پادىشاھ ناھايىتى ئاق كۆڭۈل بولۇپ، پۇقرالارغا ئۆز ئوغلىغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنىدىكەن. ئۇ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغاچقا، پەرمان چۈشۈرۈپ كىم ئۆزىگە بۇددا نوملىرىدىن ھېكمەت سۆزلەپ بەرسە، ئۇ نېمىنى خالىسا شۇنى بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. شۇ ئەلدە لودچا ئىسىملىك بىر براھمەن بار ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ئەل يۇرتقا جاكارلىغان پەرمانىنى ئاڭلاپ بىر كۈنى ئوردا ئالدىغا كەپتۇ ۋە : ـ بۇددا ھېكمەتلىرىدىن خەۋەردارمەن، ئاڭلىغۇسى بارلارنى نا ئۇمىتتە قويمايمەن ـ دەپ جار سالغىلى تۇرۇپتۇ.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۆزى براھماننىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى ئوردىغا كىرىپ بۇددا ھېكمەتلىرىدىن سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپتۇ. براھمان لودچا ناھايىتى مۇ مىبەرلىك بىلەن: ـ مەن بۇ بۇددا ھېكمەتلىرىنى نۇرغۇن يىل جاپالىق ئىستىقامەت قىلىپ توپلىغان، بىلمىدىم ئالىيلىرى بۇنىڭ بەدىلىگە نېمە ئىنئام بېرەلىكىن؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

ـ سىلى نېمىنى خالىسىلىرى شۇنى بېرىمەن. ھەزىرىتىمدىن بىرەر نەرسەمنى ئاياشقا مېنىڭ ھەددىمىمۇ؟ ـ دەپتۇ پادىشاھ.

ـ مەن بەدىنىڭىزگە مىڭ تال تۆمۈر مىقنى قېقىشنى تاللىسام ئۇنىڭغا نېمە دەرسىزكىن؟ ـ دەپتۇ براھمان.

پادىشاھ بىلىنگىر ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن ماقۇل بولۇپ يەتتى كۈندىن كېيىن بۇ ئىشنى ئۇنىڭ دېگىنىدە بېجىرىشكە ۋەدە بېرىپتۇ. جاكارچىلار 80 مىڭ يېلغا مىنىپ جاي ـ جايلارغا بېرىپ: ـ يەتتە كۈندىن كېيىن لودچا، پادىشاھ بىلىنگىرنىڭ بەدىنىگە مىڭ تال تۆمۈر مىقنى قاقىدۇ ـ دەپ كوچىمۇ ـ كوچا جاكارلاپ مېڭىپتۇ. پۇقرالار قەلەم ـ ئەلەمدارلار بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ئوردىغا كېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىنى توسۇپ: ـ سىز بىر ئەلنىڭ تۈۋرىكى، ئاۋام پۇقرانىڭ باش پاناھى تۇرسىڭىز، لودچانىڭ بەدىنىڭىزگە مىڭ تال مىق قېقىشىغا قانداقسىگە يول قويالايسىز ـ دېيىشىپتۇ.

خانىش، كېنىزەك، شاھزادە، ۋەزىرلەرمۇ قايغۇرۇشۇپ : ـ سىز لودچادەك ئالدامچى كاززاپ ئۈچۈن بىكاردىن ـ بىكا جېنىڭىزنى سېلىپ بېرىۋاتىسىز، ئۇ مۇشۇنداق قىلىشىڭىزغا ئەرزىمدۇ؟ سىز بىزنى ئويلىمىسىڭىزمۇ پۇتكۈل ئەلدىكى خەلقنى ئويلاپ قويۇڭ ـ دېيىشىپتۇ. بىلىنگىر پادىشاھ بۇنىڭدىن ناھايىتى تەسىرلىنىپ: ـ مەن ئۆتكەن ئۆمرىمدە نۇرغۇن قېتىم دۇنياغا تۆرىلىپ، جانلىقلار ئۈچۈن نۇرغۇن قېتىملاپ ئۆز تېنىمنى بېغىشلاپتىمەن. ئۇستىخان ـ سۆڭەكلىرىمنى يىغسىمۇ بىر سومېر تېغىدەك بولىدۇ، قان ـ يېشىم بىر يەرگە يىغىلسا دەريا ـ دېڭىز بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇددىزم ئەقىدىسى ھېكمىتى ئۈچۈن ئەمەسمۇ. بۇ قېتىم مىڭ تال مىقنى بەدىنىمگە قېقىشمۇ بۇدداھلىق يولىنى ئىزلىشىمدىن بولدى. مەن بۇدداھقا ئايلانغاندىن كېيىن، ئەقىل پاراسىتىمنى ئىشلىتىپ سىلەرنىڭ ئازاب ـ

ئوقۇبىتىڭلارنى يېنىكلەتمەكچىمەن. سىلەر يەنە نېمىشقا مېنى توسۇيسىلەر ـ دەپتۇ. مەيداندىكى كىشىلەر بىر ئاغىز جىمىقىپتۇ. پادىشاھ بىلىنگىر، براھمان لودچاغا قاراپ: قېنى سىز ئاۋال بۇدداھ ھېكمەتلىرىدىن سۆزلەشنى باشلاڭ ،كەيىندىن مىق قېقىشنى داۋاملاشتۇرسىڭىز بولىدۇ ـ دەپتۇ. براھمان ماقۇل بولۇپ، ھېكمەت سۆزلەشنى باشلاپتۇ: ـ دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر مەڭگۈلۈك ئەمەس، ئادەتتە ھاياتلىقتىكى جانلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئازاب بولىدۇ. بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسىنى ئەڭ دەسلەپ ئىگەم ياراتقانمۇ ئەمەس. ئۇنى ھېچكىم ئەسلىگە ياندۇرالمايدۇ، ئۇنى ھېچكىم باشقۇرالمايدۇ ـ دەپتۇ. براھمان سۆزىنى تۈگىتىپ بولۇپلا پادىشاھقا تۆمۈر مىقلارنى قېقىشقا باشلاپتۇ. مەيداندىكى بەگلەر، ۋەزىرلەر، ئاۋام ـ پۇقرالار ئۆزلىرىنى يەرگە ئېتىشىپ يىغا ـ قىلىشىپتۇ. يەر ـ زېمىندىكى نالە ـ پەرياد دەستىدىن ئەرش تەۋرەپ كېتىپتۇ. تەڭرىلەر ئىنسانلار ئارىسىدا نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي زېمىنگە قارىشىپتۇ. بىلىنگىر پادىشاھنىڭ بۇدداھ ئەقىدىسى ئۈچۈن ئۆز تېنىنى بېغىشلاشتەك ئاجايىپ مەنزىرىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار خوشال بولۇشۇپ ئاسماندىن يامغۇردەك گۈل بەرگىلىرىنى چېچىشىپتۇ. تەڭرى ئىلاھ ئىندىرا ئاددى ئادەم سىياقىدا ئەرشتىن چۈشۈپ پادىشاھ بىلىنگىردىن: ـ ئەي! پادىشاھ سىز بۇدداھ ئەقىدىسى ئۈچۈن باتۇرلۇق قىلدىڭىز، چىدۇغۇسىز ئازابتىن قورۇقمىدىڭىز. سىزنىڭ يەنە نېمە ئارزۇيىڭىز بار ؟ چاقماق ئىلاھى ئىندىرا بولۇشنى خالامسىز ؟ ياكى دىۋىلەر پادىشاھى بولۇشنى خالامسىز؟ ۋە ياكى ئەزرۇئا تەڭرىسى بولۇشنى خالامسىز؟ـ014 سوراپتۇ.

ـ مەن راھەت ـ پاراغەتلىك ھايات كەچۈرۈشنى تىلىمەيمەن پەقەت بۇدداھلىق يولىنى تىلەيمەن ـ دەپتۇ بىلىنگىر پادىشاھ.

ـ ئەي پادىشاھ! بەدىنىڭىزگە تۆمۈر مىق قېقىلغاندا ، ئاغرىق دەستىدىن چىدىماي پۇشايمان قىلغانسىز ـ ھە؟ ـ سوراپتۇ ئىندىرا.

ـ بۇ قىلغىنىمغا ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن ـ دەپتۇ پادىشاھ.

ـ بۇنى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاپ كۆرسىتەلەمسىز ـ دەپتۇ ئىندىرا.

ـ مىق قېقىلغان تېنىم ئەسلىگە كەلتۈرۈلسە،بۇدداھ يولى ئۈچۈن يەنە بارلىقىمنى بېغىشلاشقا رازىمەن ـ دەپ قەسەم بېرىپتۇ.

ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي بىلىنگىر پادىشاھنىڭ تېنى ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەپتۇ.دەل شۇ ۋاقىتتا تەڭرىلەر ۋە پۇقرالار خوشاللىقىدىن شادىيانە ئۇسۇلغا چۈشۈپتۇ...»

يۇقىرىدىكى ۋەقەلىك تەسۋىرلەنگەن تۇيۇق مىڭئۆيىنىڭ 44 ـ غارىدىكى تام رەسىمدە بىلىنگىر پادىشاھ تام رەسىمنىڭ سول تەرەپ ئوتتۇرىسىداراق پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان ھالەتتە بولۇپ (مۇقاۋىدىكى8 ـ رەسىمگە قاراڭ) پادىشاھنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر براھمان ئولتۇرۇۋېلىپ سول قولىدا مىقنى پادىشاھنىڭ سول پۇتىغا تىرەپ ، ئوڭ قولىدىكى بولقىدەك نەرسە بىلەن ئۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقى سۈرەتلەنگەن. بۇ تام رەسىم ۋەقەلىكى يەنە دۇنخۇاڭ قۇمغارلىرىنىڭ 275 ـ غارىدىمۇ بار بولۇپ، كىشىنى جەلىپ قىلىدىغان يېرى بۇ تام رەسىمدە براھمان مىقنى پادىشاھنىڭ پۇتىغا ئەمەس كۆ . ىكىگە ئۇرىۋاتقان ھالەتتە سىزىلغان. بۇ تام رەسىم ۋەقەلىكى يەنە قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 17ـ7 198 ـ غارلىرىغىمۇ سىزىلغان.

شىمالى تام شەرق تەرەپتىن باشلاپ بىرىنچى كاتەكچىگە «مايتىرى بالارادجانىڭ ئۆز قېنىنى بەش يەكساغا ساخاۋەت قىلىشى »ھىكايىسى سىزىلغان. بۇ ھىكايە ۋەقەلىكى ئەسلى «ئاقىللىق ۋە نادانلىق ھەققىدىكى سۇترا» دىن ئېلىنغان بولۇپ، شىنجاڭدىكى

كۇسەن تاش غارلىرى (قىزىل مىڭئۆيى) قوچو (تۇرپان) دىكى تۇيۇق مىڭئۆيى،گەنسۇنىڭ قۇمغار مىڭئۆي تاملىرىغا رەسىم قىلىپ سىزىلغان. ئەسلى ھىكايە ۋەقەلىكى ساكيامۇنى بۇددانىڭ تىلىدا بايان قىلىنىدۇ:

سۇس ھاۋارەڭ بۇ ئارامگاھتىكى ، دىڭىز ئۈستىنى چەكسىز كەتكەن تۇرۇلۇپ-تۇرۇلۇپ تۇرغان بۇلۇت ۋە تۇمانلار ئوراپ تۇراتتى.يىراقتىن زۇمرەت چوققىلار، قاش تاش مۇنار ئىبادەتخانىسى بۇلۇت تۇمانلار ئارىسىدا گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي قالاتتى. بۇيەر سۇكاۋەتى (جەننەت ياكى بەھىش) بولۇپ، بۇ يەردە بىر جېتەۋەنە ۋى ھارىسى (جېتەۋەنە باغچىسى) بار ئىدى.بۇ قەسىر ناھايىتى ئىگىز ھەم ھەيۋەتلىك بولۇپ، ئىچى تېشى ناھايىتى چىرايلىق بېزىلىپ،بۇ يەردىن تارالغان خۇش بوي پۇراق ئەتراپنى بىر ئالاتتى. باغچە ئىچىدە ئەجدىھا، سۇمرۇغ، تۇرنا قاتارلىق تۈرلۈك ھايۋانلار ناھايىتى ئىناق بولۇپ بەس-بەستە سايرىشىپ ئۇسۇل ئوينۇشۇپ يۈرەتتى. تۈرلۈك گۈل - گىياھلار ئېچىلىپ كەتكەن نەچچە ئەسىرلەپ كۆكىرىپ تۇرغان دەل - دەرەخلەر ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتىرىپ تۇراتتى ھۆر قىز غولىمانلار قالۇن، پىپا قاتارلىق سازلارنى چېلىشىپ مۇڭلۇق ئاۋازدا ناخشا ئېيتىشىپ كۆكتە لەرزان، نەپىس ئۇسۇللارنى ئوينىشىپ يۈرىشەتتى.

بىر كۈنى تاماقتىن كېيىن تەتاگەتە بۇددا (如来佛) (ساكيامونىنىڭ ئون تەخەللۇسىنىڭ بىرى) جىتە ۋەنە ۋىھارىسىدىكى ئالتۇن قەسىردە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ تەسۋىي سەرگەچ نەغمە ئاڭلاۋاتاتتى، كۆڭلى ناھايىتى خاتىرجەم بولۇپ كۆزىنى يۇمغان ھالەتتە ئىدى.

بۇددانىڭ چوڭ شاگىرتى ئانەن بۆك باراقسان بامبۇكزار ئورمان ئىچىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ تەپەككۇر-ئىدراككە بەنت بولغان ئىدى، كاللىسىدا تۈرلۈك مەسىلىلەرنى تەپەككۇر قىلىپ يېشىش يوللىرىنى ئىزدەيتتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە«تەتاگەتە بۇددا بۇددا ئەھكاملىرىنى تارقىتىش، راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە ئاجايىپ قالتىس رول ئوينىغان. غەلىتە يېرى دۇنيا شۇنچە كەڭرى، جانلىقلار شۇنچە سەرخىل، ھەر جايدا، ھەر زاماندا بار تۇرسا قانداق ئۇسۇل بىلەن ئۇلارنى خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە قىلالىغاندۇ دېگەنلەرنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزدى. يەنە ئۆز تەپەككۇرىنى داۋاملاشتۇرۇپ «كاندىيا» قاتارلىق بەش شاگىرت، ئۆتكەن زاماندا قانداق ساخاۋەت، ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلغان بولغىيتتى ئۇلارنىڭ ۋاي دېگۇدەك نېمە تۆھپىسى باردۇ؟دەرمە بۇسۇغۇسى (راھىپ بولۇش يولى法门) ئەڭ دەسلەپ ئېچىلغاندا نېمە ئۈچۈن ئاۋال ئۇلار ئىدراك (ياكى ئويغۇنۇش 悟) تاپىدۇ؟دەرمە دۇمباق ( 法鼓 ) چېلىنىشقا باشلىغاندا نېمە ئۈچۈن ئەڭ ئاۋال ئۇلار ئاڭلىيالايدۇ؟ گۈل بەرگىلىرىدىكى شەبنەم، ئابى-ھايات سۇلىرىنى ۋە تەملىك گۈل بەرگىلىرىنى نېمە ئۈچۈن ئۇلار ئاۋال ئىچىدۇ ھەم تېتىيدۇ ؟....» دېگەندەك تۈرلۈك يېشىلمىگەن مەسىلىلەرنى ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمىدى ،ئاخىرىدا ئۇستازى تەتاگەتەدىن سوراپ كۆرمەكچى بولدى. ئانەن چىملىقتىن تۇرۇپ، پاشا قورغۇچنى ئايلاندۇرغۇنچە ئورمانلىقتىكى چىغىر يول بىلەن جېتەۋەنە ۋىھارىسىگە قاراپ يول ئالدى، بۇ ۋاقىتتا تەتاگەتە بۇددا ناھايىتى روھلۇق،كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرغان ھالەتتە قەسىرنىڭ ئالدىدىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىۋاتاتتى، ئانەن سالام بېرىپ تېنچ ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن كېلىش مەقسىدىنى بايان قىلدى، ئەڭ ئاخىرىدا گەتە بۇددادىن:- كاندىيا قاتارلىق شاگىرتلارنىڭ بۇددا دەرمىلىرى (بۇددا ئەقىدىلىرى佛法) بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئۆگىنىش شارائىتى نېمە ۋەجىدىن باشقىلارنىڭكىدىن شۇنچە ياخشى بولىدۇ؟ دەپ سورىدى. تەتاگەتە بۇددا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئانەنگە بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىپ بەردى:« بۇرۇنىسىدا

بىر مايتىرىبالارادجا ئىسىملىك پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ ئوردا قەلەم- ئەلەمدارلىرى ئىككى تۈمەندىن ئاشىدىكەن، سەككىز تۈمەندىن ئۇشۇق بەگلىك ئۇنىڭغا قارايدىكەن، ئۇنىڭ مەشھۇر نامى يىراق يېقىنغا پۇر كەتكەن ئىكەن، ئۇ باشقا پادىشاھلاردەك مال-دۇنياغا ھېرىسمەن بولماستىن ،ئۆزى كەمتەر ، كۆيۈمچان، ئاق كۆڭۈل ئىكەن. دائىم تۇرمۇشى قىيىنچىلىقتا قالغان پۇقرالارغا كۆپلەپ مال-دۇنيا ساخاۋەت قىلىپ، جان-جانىۋارلارغا چىن دىلىدىن كۆيۈنىدىكەن. دائىم قول ئاستىدىكى ئوردا ئەمەلدار ۋەزىر - ۋۇزورالارغا ئادىل، ئاقكۆڭۈل، ئەخلاقلىق، كۆيۈمچان بولۇش، توغرا يولدا مېڭىش ھەققىدە ۋەزخالىق قىلىدىكەن. شۇڭا دۆلەت ئادىل باشقۇرۇلۇپ، پۇقرالىرى خاتىرجەم ياشايدىكەن. ئەتراپتىكى ئەللەر ۋە خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشىدىن ئىنتايىن رازى ئىكەن.

مايتىرىبالارادجا پادىشاھ تەختكە چىققاندىن بېرى دۆلەت گۈللىنىپ روناق تېپىپ پۇقرالار خاتىرجەملىككە ئېرىشىپ ناھايىتى ياخشى بىر مەنزىرە شەكىللىنىپتۇ. بۇنىڭدىن ھەتتا ئەرشتىكى تەڭرىلەرمۇ، زېمىندىكى ئالۋاستىلارمۇ ناھايىتى خوش بوپتۇ، ھەم چوڭقۇر تەسىرلىنىپتۇ. شۇ چاغلاردا، كۈندۈزى ئۇخلاپ، ئاخشىمى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان بەش ئالۋاستى بولۇپ، ئۇلار مەخسۇس ئادەم قېنى ئىچىپ ھايات كەچۈرىدىكەن. پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا كىشلەر توغرا يول تۇتۇپ، ياخشى ئىش قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كاللىسىدىن يامان نىيەتلەرنى تازىلاپ تۇرغاچقا، بارلىق ئادەم، ھايۋانات جانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا قايىل ئىكەن. ئالۋاستىلارمۇ ئۇلارغا يېقىنلىششقا جۈرئەت قىلالمايدىكەن. بۇ بەش ئالۋاستى ئىچىشكە ئادەم قېنى تاپالمىغانلىقتىن قوساقلىرى ئىچىپ مادارىدىن كېتىپتۇ، بىرەر ئادەم ئۇچراپ قالامدىكىن دەپ ھەممە جايغا قاتاراپ نىمجان ھالەتكە چۈشۈپ قاپتۇ، بىر كۈنى بەش ئالۋاستى ئوزۇقلۇق ئىزدەپ مايتىرىبالارادجا پادىشاھ ئوردىسىغا كىرىشىپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ ئايىقىغا يېقىلىپ تىزلىنىپ تۇرۇپ :‹‹ بىز زېمىنىنىڭ ئاستىدا ياشايدىغان ئالۋاستىلار،ئادەم قېنى ئوزۇق قىلىپ ھايات كەچۈرىمىز پادىشاھىمىز مېھرى- -ەپقەت يولى بىلەن تەربىيە بېرىپ تۇرغاچقا، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دائىم ساۋاپلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالدى، شۇڭا بىزمۇ ئۇلارغا يېقىنلىششقا ئامالسىز قالدۇق، ئەلبەتتە ئۇلارنىڭ قېنىنى ئىچەلمىدۇق، ھازىر قوسىقىمىز ئېچىپ ماڭغۇدەكمۇ ھالىمىز قالمىدى، بەك ئاجىزلاپ كەتتۇق ئوزۇقلۇق تاپالمىساق بىزگە ئۆلۈمدىن باشقا يول قالمايدۇ ، پادىشاھىمىز ئەزەلدىن رەھىمدىل، ئاق كۆڭۈل، ئەپۇچان، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان مەشھۇر زات، ئەجەبا كۆز ئالدىلىرىدىلا بىزنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشىمىزگە قاراپ تۇرامىلا ؟- دەپتۇ.

ئۇلار كۆز - ياشلىرىنى يۇندىلىرىنى ئېقىتىشىپ قايغۇرۇشقان ھالدا يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋاپتۇ، پادىشاھ ئۇلارنىڭ بۇ بىچارە ھالىتىگە قاراپ ئۇلار گەرچە ئالۋاستى بولسىمۇ ئىچى ئاغرىپ قاپتۇ. ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش نىيىتىگە كەپتۇ-دە بىر خەنجەرنى ئەپ كېلىپ ئىككى پۇتىدىن بەش ئورۇننى كېسىپ قان چىقىرىپتۇ، قىپقىزىل قان ئېتىلىپ چىقىپتۇ. بەش ئالۋاستى ئۈمىلىشىپ كېلىپ، بەزىلىرى ئاغزىلىرىنى قان چىقىۋاتقان يەرگە ئاپىرىپ ئىچىپتۇ. يەنە بەزىلىرى قاچىغا ئېلىپ ئىچىشىپ دەرھال ئەسلىدىكى كۈچ- مادارىغا كەپتۇ. خۇشال بولۇشۇپ قوساقلىرىنى تومپايتىشىپ پادىشاھقا مىڭ مەرتىۋە تەشەككۈر ئېيتىشىپتۇ. ئالۋاستىلار ھەممىسى بىردەك : «پادىشاھنىڭ جېنىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز، ناۋادا بىرەر ھاجىتىڭىز بولسا بىز پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىلەن سىزگە ياردەم بېرىشكە تەييارمىز»
دېيىشىپتۇ. مايتىرىبالارادجا پادىشاھ بېشىنى
چايقاپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ رەت
قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇپ
ئالۋاستىلارغا :- ئەگەر سىلەر قېنىمنى
ئىچىپ قوسىقىڭلار تويۇپ، ھايات قالغان
بولساڭلار بۇندىن كېيىن چوقۇم توغرا يول
تۇتۇپ، ياخشى ئەمەللەردە بولۇشنى
ئۈزەڭلەرگە ئادەت قىلىشىڭلار كېرەك، مەن
قېنىمنى سىلەرگە ساخاۋەت قىلغىنىمغا
ناھايىتى خوشال بولىۋاتىمەن، كەلگۈسىدە
ئەگەر بۇددالىق مۇقامىغا يېتەلىسەم چوقۇم
دەرمە گەۋدەمنى (بۇددا يولىدىكى تەن روھ)
سىلەرگە ساخاۋەت قىلىپ، سىلەردىكى ئۈچ
مەرەز ھەۋەسنى يوقۇتۇپ، سىلەرنى قۇتقۇزۇپ
مەڭگۈ يوقالمايدىغان، دەۋرى قىلىپ
تۇرىدىغان، نىرۋانە دۇنياسىغا يەتكۈزۈپ
قويىمەن- دەپتۇ. بەش ئالۋاستى (يەكسا)
خوشاللىقىدىن سەكرەشكىنىچە چىقىپ
كېتىپتۇ. مايتىرىبالارادجانىڭ يارىسى بىر
قانچە كۈنگە بارمايلا سەللىمازا ساقىيىپ
كېتىپتۇ.»

ئانەن ئاڭلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە سۆز
قىستۇرۇپ: - كېيىن قانداق بوپتۇ؟-
سورىدى، تەتاگەتە بۇددا كۆكرىگىگە بوشقىنا
ئۇرۇپ تۇرۇپ :- شۇ ۋاقىتتىكى
مايتىرىبالارادجا ھازىرقى مەن بولىمەن.
ھازىرقى كاندىيا قاتارلىق بەش راھىپ شۇ
ۋاقىتتىكى بەش ئالۋاستى - يەكسادۇر. شۇڭا
ئۇلارغا ھەر تەرەپتىن ياخشى شارائىت ھازىر
قىلىنغان دىدى.

شۇندىلا ئانەننىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدىكى
تۇتۇق تۇمانلار تارقاپ بىردىنلا ھەممىنى
چۈشەندى- دە بىلىنەر بىلىنمەس باش
لىڭشىتتى.»

بۇ بۇددا نوم ھېكايىسى تۇيۇق مىڭئۆيى
44 - غارغا سىزىلغان بولۇپ، تام رەسىمدە
ئوتتۇرىسىدا مايتىرىبالارادجا پادە »اھنىڭ
پۇت- قوللىرىنى كەرگىنىچە ئولتۇرغان
يالىڭاچ ھالىتى سىزىلغان. ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول
تەرپىدە ئىككىدىن تۆت يەكسا (ئالۋاستى) ۋە
پادىشاھنىڭ پۇت قىسمىدا (چاتىرىقىدا) يەنە
بىر يەكسانىڭ قان شۇمۇرۇۋاتقان ھالىتى
سىزىلغان. (مۇقاۋىدىكى 9 - رەسىمگە قاراڭ)
پادىشاھنىڭ ئوڭ تەرپىدىكى ئىككى
يەكسانىڭ بېشى ساقلىنىپ قالغان. بۇ تام
رەسىمى ھازىرچە تۇرپاندىكى باشقا مىڭئۆي
خارابىلىرىدىن بايقالمىدى. بۇ تام رەسىم
ھېكايىسى يەنە قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 17-7
38 --91 -1 184 - غارلىرىغا سىزىلغان.

شىمالى تام شەرق تەرەپتىن باشلاپ
ئىككىنچى كاتەكچىگە « سىبى پادىشاھنىڭ
يارالمىش قىسسىسى» ھېكايىسى سىزىلغان،
بۇ ئەسلى «سۇترا لاڭكارا شاستىر »ناملىق
بۇددا توغرىسىدا مەشھۇر نەزىرىيە ۋە
تەپسىرلەر سۆزلىنىدىغان بۇددا كىتاۋىدىكى
بىر چۆچەك. بۇ چۆچەكنى مەشھۇر بۇددىزمچى
ئەدىب ئاشۋاكوشا كوشا (رىۋايەتلەرگە
ئاساسلانغاندا، مىلادىيەدىن بۇرۇن 327 - يىلى
ئۆلگەن، لېكىن كۆپ ساندىكى بۇددىزىم
تەتقىقاتچىلىرى ئۇنى مىلادىيە 1 - ئەسىردە
ئۆتكەن كىشى دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ
سانسكرىت يېزىقىدا قالدۇرغان دىنىي
داستان، تەزكىرە ۋە دىراما ئەسەرلىرى ناھايىتى
مەشھۇر) يازغان. مىلادىيە 405 - يىلى
كۇچارلىق مەشھۇر بۇددىست تەرجىمان
كومىراجىۋا خەنچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ
ھېكايە يەنە «ئاقىلىلىق نادانلىق سۇترا»سى
«بۇتساتىۋالارنىڭ يارالمىشى سىمبول چىچى
ھەققىدە»1- جىلدىدىمۇ بايان قىلىنغان
(مۇقاۋىدىكى 10 - رەسىمگە قاراڭ). بۇ
چۆچەكتە مۇنداق بىر ۋەقەلىك بايان قىلىنغان:
‹‹ بۇرۇنسىدا بىر كەپتەر ئۈچۈپ كېلىپ
سىبى(شىۋىكا) خاننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ
ئۇنىڭدىن پانالىق تىلەپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن
بىر لاچىن قوغلاپ كەپتۇ-دە، خانغا مۇنداق
دەپ تەلەپ قويۇپتۇ: ھېلى كەلگەن كەپتەر
مېنىڭ ئوزۇغۇم ئىدى. ھازىر ئۇنى يېمىسەم
،ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىمەن. ئۇنى ماڭا
قايتۇرۇپ بەرگەن بولسىڭىز؟ دەپتۇ.

0 بارلىق جانلىقنى ئازاب دېڭىزىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىش مېنىڭ تۈپ مەقسىدىم 0 دەپتۇ خان، 0 كەپتەر مېنىڭدىن پانالىق تىلىگەنىكەن، مەن ئۇنى قوغداپ قالمىسام توغرا بولمايدۇ دەپتۇ.

بۇ كەپتەرنى يېمىسەم ،ھازىرلا ئۆلۈپ كېتىمەن، دەپتۇ لاچىن، بىز لاچىن جەمەتى، سىز قۇتقۇزماقچى بولغان «بارلىق جانلىق» لارنىڭ ئىچىدە يوقمۇ؟ » دەپتۇ.

ساڭا باشقا گۆش بەرسەم بولامدۇ؟. دەپتۇ خان.

قېنى ئېقىپ تۇرغان يېڭى گۆش بولۇشى لازىم دەپتۇ لاچىن. خان: «بىرنى ئۆلتۈرۈپ، يەنە بىرنى قۇتقۇزۇشمۇ دۇرۇس ئەمەس» 014 ئويلاپتۇ - دەرھال ئۆزىنىڭ كاسىسىسىدىن بىر پارچە گۆشنى كېسىپ ئېلىپ لاچىنغا بېرىپتۇ.

كېسىپ بەرگەن گۆشىڭىزنىڭ ئېغىرلىقى كەپتەرنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ئوخشاش بولسۇن دەپتۇ لاچىن، ئۇنداق بولمىسا قىلغان سەدىقىڭىز تەلتۆكۈس قوبۇل بولمايدۇ.

خان ۋەزىرلىرىگە تەنپۇڭ تارازا ئەكەلدۈرۈپ، بىر تەرەپكە كەپتەرنى سېلىپ يەنە بىر تەرەپكە ئۆزىنىڭ بەدىنىدىن كېسىپ ئېلىنغان گۆشنى سايتۇ. خاننىڭ گۆشى كەپتەرنى باسالماپتۇ. خان ئۆزىنىڭ كاسىسىسىدىكى گۆشنى پۈتۈنلەي شىلىپ ئالغۇزۇپتۇ. يەتمىگىنىگە پۇتىدىنمۇ قوشۇپ J ىرى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، لاچىنغا تەلەپ قىلغىنىچە يېڭىچە گۆش بېرىپتۇ....».

بۇ ھېكايە - چۆچەك تۇيۇق مىڭئۆيىنىڭ 44 - غارىنىڭ شەرقى تام ئوتتۇرا ئىستونىدىكى يارالمىش رەسىملەر بۆلىگىگە سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا لاچىن قوغلاپ كېلىۋاتقان بىر كەپتەر، بېشىغا تاج تاقاپ ئولتۇرغان بىر كىشىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىۋاتقانلىقى، ئۇ كىشىنىڭ كەپتەرگە پاناھ بولۇشقا تەمشىلىۋاتقانلىقى يەنە تاج تاقىغان كىشىنىڭ ئوڭ تەرەپىدە بىر كىشىنىڭ گۆش جىڭلايدىغان تارازا كۆتىرىپ تۇرغانلىقى (تام رەسىمى بۇزۇلۇپ كەتكەن)- يەنە بىر كىشىنىڭ تاج تاقىغان كىشىنىڭ ئوڭ تەرەپىدە يۈكىنىپ، ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ پۇتىدىن گۆش شىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان رەسىملەر سىزىلغان (مۇقاۋىدىكى 10- رەسىمگە قاراڭ) بۇ تام رەسىم ھېكايە ۋەقەلىكى يەنە قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 7-- 7-17 38 - 114-- 178 -- 198 - غارلىرىدا ئوخشاش بولمىغان ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا سىزىپ چىقىلغان.

«تەنمۇچىئەنىنىڭ (دارماگا) بۇددا ھىكمىتى ئۇچۇن ئوت ئازگىلىغا سەكرىشى» (ياكى «شاھزادە تەنمۇكەنىنىڭ بۇددارما (بۇددا ئەھكامى) يولىدا دوزاخقا كىرىشى») بۇ ھىكايە ئەسلى «ئاقىللىق ۋە نادانلىق ھەققىدىكى سۇترا» نىڭ «براھمانىڭ دەرمە ئالتە شەيئىگە ئىلتىجا قىلغانلىق بۆلىمى» دىكى بۇددا چۆچىكى بولۇپ، كۇسەن تاش غارلىرى، دۇنخۇاڭ تاش غارلىرى، تۇرپان تۇيۇق مىڭئۆيىنىڭ تاملىرىغا رەسىم قىلىپ سىزىلغان (مۇقاۋ ئىچىدىكى 11 - رەسىمگە )، رەسىمدە ئەكس ئەتكەن ھىكايە مەزمونى مۇنداق: «بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا زىمىنى ناھايىتى چوڭ بىر ئەل بولۇپ، پادىشاھنىڭ ئىسمى ئەزرۇئا، شاھزادىنىڭ (ۋەلئەھدىسىنىڭ) ئىسمى تەنمۇچىئەن ئىكەن. شاھزادە كىچىكىدىنلا ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل ئەل سۆيەر بولۇپ، يېتىلگەچكە دائىم ئۆز ئېلىدىكى ئاۋام پۇقرالارنى تۈرلۈك ئازاپ ئوقۇبەت، بالايى ئاپەت مۇشكۈلاتلاردىن خالاس قىلىشنى ئويلايدىكەن. بىراق شۇنچە باش قاتۇرۇپمۇ ئۇنىڭ چارىسىنى قىلالماپتۇ. ئوردىنىڭ راھەت پاراغەتلىك تۇرمۇشىنىمۇ تەرك ئېتىپتۇ. - تەرەپكە ئادەم ئېۋەتىپ ئاقىل دانىشمەنلەردىن بۇ ھەقتە ھىكمەتلەر ئاڭلىماق بوپتۇ. بىراق ھىچقانداق ئۇنۇمى بولماپتۇ. بۇنى ساماۋى ئوردىدىكى ئالەم ئىلاھى ئىندىرا بىلىپ، ئاددى براھمان سىياقىدا ياسىنىپ شاھزادىنىڭ سارىيى

ئالدىغا كەپتۇ ۋە يۇقىرى ئاۋازدا :-ھەي خالايىق! تېز كېلىپ ئاڭلاڭلار! مەندە مۇشكۇلاتتىن خالاس بولۇشنىڭ ھىكمەتلىرى - دەپ توۋلىغىلى تۇرۇپتۇ. ئوردا سىرتىدىكى ياساۋۇللار بۇ خەۋەرنى دەررۇ شاھزادىگە يەتكۈزۈپتۇ. شاھزادە ناھايىتى خوشال بولۇپ ئوردا سىرتىغا چىقىپ براھمان بىلەن قىزغىن سالاملىشىپتۇ ۋە ئۇنى ئوردىغا باشلاپتۇ. ئوردىدا ئىززەت-ئىكرام بىلەن زىياپەت بېرىپ مېھمان قىپتۇ. زىياپەتتە براھمانغا :- ھەزرەتلىرى پىقى014 ھىممەت قىلىپ ئاشۇ نوم ھىكمەتلىرىڭىزدىن سۆزلەپ بەرسىڭىزكەن دەپ ئۆتۈنۈپتۇ.

ھىكمەت سۆزلەش، ھىكمەت ئاڭلاش تەس ئىش ئەمەس، بىراق مېنىڭ نوم ھىكمەتلىرىنى ئۆگىنىشىم ئاسانغا توختىغانمۇ ئەمەس. ئۇستازىمغا ئەگىشىپ ئون نەچچە يىل -مۇشەققەتتە ئۆگىنىپ، توغرا يولدىكى ئۇلۇغ بۇددا نوم ھىكمەتلىرىنىڭ چوڭقۇر مەنىلىرىنى چۈشەنگەنمەن. ھالا بۈگۈنكى كۈندە شۇنداق تەستە ئېرىشكەن ئەگگۈشتەرىمنى سىزگە ئىككى كەلىمە سۆز بىلەنلا بېرىۋەتسەم بۇ بىر ئاز....دەۋېتىپ براھمان سىنچى كۆزلىرى بىلەن شاھزادىگە قاراپتۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭغا بىر ئاز ئويلۇنۇش پۇرسىتى بەرگەنمۇ بوپتۇ. ئەقىللىق ئادەمگە گەپ كەتمەيدۇ، شاھزادە تەنمۇچىئەن براھماننىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى دەررۇ چۈشۈنۈپتۇ .ھەزرەتلىرى بۇ تەرەپتىن خاتىرجەم بولسىلا ھەم تۇزۇت قىلىپمۇ كەتمىسىلە، ئۇلۇغ نوم ھىكمەتلىرىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكلىرىنىڭ بەدىلىگە مەندىن نېمىنى سورىسىلىرى مەن شۇنى بېرىشكە رازىمەن. ئالايلى مېنىڭ ئۈستى-بېشىمدىكى، ئوردىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئۆچۈۋراق قىلىپ ئېيتسام شاھزادىلىك تون، تاج، ئالتۇن- كۈمۈش، تاۋار-دوردۇن، ياساۋۇل، مۇلازىم، كېنىزەكلەر، ھەتتا گۆش، ئۈستىخان- سۆڭەكلىرىمنى ئالىمەن دېسىڭىزمۇ بېرىشكە رازىمەن. قىسقىسى، ھەزرەتلىرى ھىكمەتلەردىن سۆزلەپ بەرسىڭىزلا سىز نېمىنى خالىسىڭىز شۇنى بېرىشكە رازىمەن- دەپتۇ شاھزادە.

سىزنىڭ بۇ دېگەنلىرىڭىزگە مەن ئانچە قىزىقىپ كەتمەيمەن. ئۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، مېنىڭ قىيىن دېسە قىيىن، ئاسان دېسە ئاسانلا بەجا كەلتۈرگۈلى بولىدىغان بىر شەرتىم بار. بىراق ئۇنىڭغا شاھزادىدە جۈرئەت بارمۇ يوق بىلمىدىم. براھمان سۆزىنى تۈگىتىپ سىنچى كۆزلىرى بىلەن شاھزادىگە قاراپتۇ.

شاھزادە:- پەقەت نوم ھىكمەتلىرىنى ماڭا سۆزلەپ بېرىدىغانلا بولسىڭىز مەن ھېچقانداق قارشى پىكىردە ئەمەسمەن. نېمىنى ئالىسىز؟ مەن نېمە قىلىشىم كېرەك؟ بۇلارنى سىز ماڭا ئېيتسىڭىزلا بولىدۇ- دەپتۇ. براھمان بۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇپ :- ياخشى ئۇنداقتا كېلىشتۇق، سىز ماڭا ئون گەز چوڭقۇرلۇقتا بىر ئوت ئازگىلى كولاپ ئۇنى قۇرۇق ئۇتۇن بىلەن توشقۇزۇپ بېرىسىز، ئاندىن ئۇتۇنغا ئوت ياقىسىز، سىز ئاشۇ ئوت ئازگىلىغا سەكرەپ چۈشەلىسىڭىز نوم-ھىكمەتنى سىزگە ئېيتىپ بېرىمەن، سىز بۇنى ئورۇندىيالامسىز دەپتۇ. شاھزادە تەنمۇچىئەن باش لىڭشىتىپ دەررۇ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ ۋە ياساۋۇللارنى دەرھال ئوت ئازگىلى كولاشقا بويرۇپتۇ.

....ۋئا خان ۋە خانىكە، ۋەزىر كېنىزەكلەر شاھزادىنىڭ ئوت ئازگىلىغا ئۆزىنى تاشلايدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ساراسىمگە چۈشۈپ ئەس ھۇشىنى يوقۇتۇپ قويۇپتۇ. ئۇلار شاھزادە سارىيىغا كېلىپ ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرماق بوپتۇ. ئەزرۇئا خان :- شاھزادەم براھماننىڭ يالغان- ياۋداق سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدىغان بۇنداق ئەخمىقانە ئىشنى قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئەلمىساقتىن تارتىپ قىيىنچىلىق ۋە مۇشكىلاتتىن خالاس قىلىدىغان نوم

ھېكمىتى قەيەردە بولغان؟ بۇ ئالەمدە تۇرلۇك تۇمەن جانلىقلار بار ھېچقانداق ئادىمىزات، ئىنسى ـ جىن بۇنداق سېھىرگەرلىك ھېكمەتلىرىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان. ئادەم گۆش بىلەن ئۇستىخاننىڭ بىرلەشمىسى، ھاياتلىق بىرلا قېتىم تۇرسا، ئوت ئازگىلىغا سەكرەش ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىك ئەمەسمۇ؟ دەپتۇ. ۋەزىر كېنىزەكلەرمۇ بىر تەرەپتىن شاھزادىگە نەسىھەت قىلسا يەنە بىر تەرەپتىن براھمانغا، شاھزادە ئوتقا سەكرىمىسىلا ئۇنىڭغا شەھەرلەرنى، گۈزەل نازىنىن قىزلارنى، گۆھەر، ياقۇت، جاۋاھىرات دېگەندەك قىممەتلىك نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىشىپتۇ.

مەن ئۇنى مەجبورلىمايمەن، بۇ شاھزادىنىڭ ئىختىيارلىقىدىكى ئىش. ئىككى تەرەپ قايىل بولغاندىن كېيىن ئاندىن بولىدۇ، مەنمۇ نوم ھېكمەتلىرىنى ئېيتىپ بېرىش ھەققىدىكى شەرتىمنى ئۆزگەرتەلمەيمەن. ئىش ئەنە شۇنداق ئاددى، شاھزادەم ئوت ئازگىلىغا سەكرىمىسە مەنمۇ نوم ھېكمىتىنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. براھمان سۆزىنى تۈگىتىپ مېڭىشقا تەرەددۇتلىنىپتۇ. شاھزادە ئالدىراش براھماننىڭ قولىغا ئېسىلىپ ئۆتۈنۈپ تۇرۇپ: ـ ھەزرەتلىرى ئۇلارنىڭ گەپ سۆزلىرىگە ئېرەن قىلىپ كەتمىسىلە، مەن ئېيتقان سۆزۈمدىن يانمايمەن. ھېكمەتلەرنى ئېيتىپ بەرسىلىرى ئوت ئازگىلى تەييار بولسىلا سەكرەشكە رازىمەن ـ دەپتۇ. ‹‹براھمان›› كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ماقۇل بولۇپ باش لىڭشىتىپتۇ. ئەزرۇئا خان شاھزادىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئۆز ئىرادىسىدىن ئاسان قايتمايدىغانلىقىنى يەنە سۆزلىگەنىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقلىقىنى بىلىپ ئۈن ـ تۈنسىز ياش تۆكۈپتۇ. كۆپچىلىكمۇ كۆز ئالدىدىلا شاھزادىنىڭ ئۆلۈمگە كېتىپ بارغانلىقىنى يەتە كۈندىن كېيىن ئوت ئازگىلىغا سەكرەيدىغانلىقىنى

ئويلۇشۇپ قايغۇدا كۆز ـ ياشلىرى يامغۇر بولۇپ تۆكۈلۈپتۇ. ئەزرۇئا خان سەككىز تۈمەن ئوردا ئەلچىسىنى سەككىز تۈمەن پىلغا مىنگۈزۈپ خانلىقتا قاراشلىق سەككىز تۈمەن بەگلىككە شاھزادىنىڭ بۇددا ھېكمەتلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن يەتتە كۈندىن كېيىن ئوت ئازگىلىغا سەكرەيدىغانلىقىنى ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىۋېلىش ئۈچۈن دەررۇ خانلىق شەھەرگە كېلىش زۆرۈرلىكى توغرىلىق يارلىقنى تۇتقۇزۇپ يولغا ساپتۇ. مۆھلەت توشقان كۈنى خانلىق شەھەر يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن كىشىلەر بىلەن ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپتۇ. ئادەملەر تىزلىنىپ تۇرۇپ، بەزىلىرى يىغلاپ تۇرۇپ، شاھزادىنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ئۇنى نىيىتىدىن يېنىشقا ئۈندەپتۇ. لېكىن ھەر قانچە قىلىپمۇ، شاھزادىنى نوم ھېكمەتلەرنى ئاڭلاش، ئوت ئازگىلىغا سەكرەش ئىرادىسىدىن قايتۇرالماپتۇ. ئاخىرى سۈكۈتتە تۇرغان شاھزادە تەنمۇكەن كۆپچىلىككە قاراپ مۇنداق دەپتۇ: ـ مەن ئالدىنقى بىر قانچە قېتىملىق دەۋرىيلىك ئۆمرۈمدە، سانسىز قېتىم تۇغۇلۇپ، ئۆلدۈم. مەن ئىلگىرى نەپسانىيەتچى، ئاچكۆز، مال ـ دۇنيا ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ئادەم ئىدىم، ئۆلگەندە روھىم دوزاخقا تاشلاندى، روھىم دوزاختىكى داش قازاندا قايىندى، ھەرە پالتىلار بىلەن پارچىلاندى، سېسىق سۇلۇق كۆلچەكلەرگە تاشلاندى، تىغلىق دەرەخكە يامىشىپ چىقىرىلدى، بىر كۈن ئىچىدە قانچە ئۆلۈپ قانچە تىرىلگىنىمنى بىلمەيمەن. ئاغرىق ئازابىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىز كېلەتتىم، يەنە ئالۋاستى بولۇپ تۆرەلدىم، ئوخشاشلا ئازاپ چەكتىم. ھايۋان بولۇپ تۇغۇلۇپ يۈكۈم بارغانچە ئېغىرلاشتى. ئادەملەر مىنىۋېلىپ قامچىلار بىلەن خالىغانچە ئۇراتتى. يېيىشىم ئوت ـ سامان، ئىچىشىم قۇرۇتلاپ كەتكەن سۇ، ئازاپ ـ ئوقۇبەت چەكسەممۇ سۆزلەشكە ئامالىم يوق ئىدى. بۇ ئالەمدىكى جاپ ـ مۇشەققەت ۋە

www.uyghurkitap.com



دوزاختىكى ئازاپ ـ ئوقۇبەتنىڭ تەمىنى يەتكىچە تېتىدىم. مېنىڭ ئۆتكەن ئۆمرۈمدىكى ھەر قېتىملىق تۇغۇلۇشۇم ياكى ئۆلۈشۈم ناھايىتى ئەھمىيەتسىزلا بىر ئىش بولغان ئىدى. ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە مەندىكى ناپاك روھىيەت يوقۇلۇپ ئورنىغا بۇددا ھېكمەتلىرى ئارقىلىق ئازاپتا مۇشكۇلاتتا قالغان جانلىقلارنى قۇتقۇزۇش روھىيىتى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. سىلەرچە مەن بۇنىڭدىن خوش بولمامدىمەن ؟ يەنە دېسەم بىزدە بۇددا ھېكمەتلىرى بولسا بىزنىڭ نەۋرە ـ چەۋرىلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرى يەنە جاپا ـ مۇشەققەت، ئازاپ ـ ئوقۇبەتكە دۇچار بولۇپ يۈرمەيدۇ. شۇنداقكەن سىلەر نېمىشقا مېنىڭ نوم ھېكمەتلىرىنى ئاڭلىشىمنى توسىيسىلەر ـ شاھزادە سۆزلەپ بولغاندا كەڭ مەيداندىكى كۆپچىلىك يەنە بىر نەرسە دېيىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغانلىقىنى چۈشۈنۈپ يېتىپتۇ.

ئوت ئازگىلى كولۇنۇپ، ئوتۇنلار دۆۋىلىنىپ ئوت يېقىلىپتۇ. ئوت يالقۇنى ئاسمان ـ پەلەككە يېتىپتۇ. شاھزادە ئوت ئازگىلى يېنىدا تۇرۇپ براھمانغا: ـ ھەزرىتىم قېنى ماڭا نوم ھېكمەتلىرىنى ئېيتىپ بەرسىلە، بىر ئازدىن كېيىن ئوت ئازگىلىغا چۈشۈپ كەتسەم ئاڭلىيالماي قالىمەن دەپتۇ. ‹‹براھمان›› دانە ـ دانە قىلىپ تۆۋەندىكى بۇددا ئايەتلىرىنى قىرائەت قىلىشقا باشلاپتۇ.

ئىنايەتنى (مېھرى ـ شەپقەتنى) ھەمراھ قىلغانلار .
بارچە جانلىقلا كۆيۈمچان كېلۇر.
سائادەتنى(ئىبادەتنى) توغرا قىلغانلار.
ناپاكلىقتىن خالى بوپ يۈرۈر.

چۆرۈپ تاشلىغان يامان نىيەتنى.
تۆۋە قىلغاندا يامغۇر يىغلايدۇ.
ئېرىشكىنىدە بۇددا ھېكمەتكە.
بۇتساتۋالىق ئايان بولىدۇ.

شاھزادە تەنمۇچىئەن يۇقىرىقى بۇددا ئايەتلىرىنى ئاڭلاپ، قەلبى ئاسمىنى ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بوپتۇ. ناھايىتى ئازادىلىك ۋە رازىمەنلىك بىلەن ئۆزىنى ئوت ئازگىلىغا تاشلاپتۇ، بىراق ‹‹براھمان›› بىلەن ئەزرۇئا خان ئۇنىڭ بىردىن قولىنى چىڭ تۇتىۋېلىپ قويۇپ بەرمەپتۇ. شاھزادە ئورەك ئىچىدە بوشلۇقتا ساڭگىلاپ قاپتۇ. «براھمان» يەنە ئۇنى قايتا سىنىماقچى بولۇپ :ـ ھاياتلىقتىكى شۇنچىۋالا لەززەتلىك تۇرمۇشنى تەرك ئېتىپ نېمىشقا ئۆزەڭنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىسەن؟ ـ دەپتۇ.

ـ مېنىڭ بۇددا ھېكمەتلىرىگە ئېرىشىشىم ئالەمدىكى بارلىق جانلىقلارنى تۇرلۇك ئاپەتلەردىن خالاس قىلىش، ئۇنىڭ ئالدىدا مېنىڭ بۇ جېنىم نېمىگە ئەرزىيتتى؟، بۇ ئىشتا مەن سىزگە ئاللىقاچان ۋەدە بېرىپ بولغان تۇرسام يەنە نېمە دەپ ئىككىلەنگۈدەكمەن؟ ـ دەپتۇ شاھزادە.

«براھمان» قولىنى بوشاتقاندا ئەزرۇئا خان شاھزادىنى تارتىۋالالماي، قويۇق ئىس ـ تۈتەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئوت ئازگىلىغا پۇلاڭلاپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئەتراپتا تۇرغان ئاۋام ئېچىنىشلىق چىرقىرىشىپ كېتىپتۇ. سامادىكى تەڭرىلەرمۇ قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆكۈشۈپ، كۆز ياشلىرى يامغۇر بولۇپ تۆكۈلۈپتۇ، زېمىن تىترەپ كېتىپتۇ. ئادەم ۋە ئىلاھلارنىڭ كۆز ياشلىرى يامغۇر بولۇپ ئوت ئازگىلىغا چۈشۈپ ئوتنى ئۆچۈرۈپ تاشلاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئوت تەپتىدىن قىزىرىپ كەتكەن ئوت ئازگىلى سالقىن بىر گۈللۈككە ئايلىنىپ قاپتۇدەك، شاھزادە گۈللۈكتە ـ سۇ چېچىكى ئۈستىدە، بىر ئاز يېرىمۇ زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىماي ئولتۇرغۇدەك. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىكنىڭ يىغىسى كۈلكىگە، قايغۇسى شاتلىققا ئۆزگىرىپتۇ. ساما تەڭرىلىرى تۇرلۇك ـ تۈمەن گۈل بەرگىلىرىنى سامادىن چېچىپ شاھزادىنى گۈل بەرگىلىرى بىلەن كۆمىۋېتىپتۇ».

«ئاقىللىق ۋە نادانلىق ھەققىدىكى سۇترا» دىكى بۇ ھېكايە ۋەقەلىكى تۇيۇق مىڭئۆيىنىڭ 44 ـ غارىغا تام رەسىم قىلىپ سىزىلغان، رەسىمنىڭ ئوڭ تەرپىدە بىر براھماننىڭ

سۈرىتى بولۇپ، بۇ ھېكايىدىكى براھمان قىياپىتىدىكى ئىندىرا تەڭرى سۈرىتىدۇر. سول تەرىپىدە 4 - 5 ئادەم ئوبرازى بولۇپ بۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئىككىيلەن ئەزرۇئا خان بىلەن تەنمۇچىئەن شاھزادە، ئۇلارنىڭ ئالدىدا يالقۇنجاپ تۇرغان ئوت يالقۇنى، كۆرۈنۈپ تۇرغان ئوت ئازگىلى بار (مۇقاۋىدىكى 11 - رەسىمگە قاراڭ). شاھزادە ۋە خاننىڭ كەينىدىكىلەر بەلكىم خانىكە، ئوردا مۇلازىملىرى بولۇشى مۇمكىن. تام رەسىم تۇتۇق بولغاچقا تازا ئۇچۇق كۆرگىلى بولمىدى. بۇ تام رەسىمى تۇرپاننىڭ باشقا جايلىرىدىكى مىڭئۆي تاملىرىدا بايقالمىدى. بۇ تام رەسىم ھېكايە ۋەقەلىكى تۇرپاندىن باشقا قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 13 -- 17 -- 38 -- 100 -- 114 -- 175 -- 186 - غارلىرىغىمۇ ئۆزگۈچە ئۇسلۇبتا سىزىپ چىقىلغان.

تۆيۈق مىڭئۆيىدىن يەنە شايى رەختكە سىزىلغان «شاھزادىنىڭ سەيلىگە چىقىپ تۆت قۇۋۇقتىن ئۆتۈش » بۇددىزم ھېكايىسى رەسىمى بايقالغان بولۇپ، بۇ ھېكايە ۋەقەلىكى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مىڭئۆي غارلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇددا نوملىرىدا بۇ ھەقتە سۆزلىنىدىغان چۆچەك مەزمۇنى ئاساسەن مۇنداق؛ بۇرۇنىسىدا ساكيامۇنى بىر ئەلنىڭ شاھزادىسى بولۇپ تۇرەلگەن مەزگىللەردە، بىر كۈنى ئوردىدىن ئاتقا مىنىپ سەيلىگە چىقماقچى بوپتۇ، بۇ شەھەرنىڭ تۆت قۇۋۇقى بولۇپ ئۇ ئاتقا مىنىپ يول يۈرۈپ بىرىنچى قۇۋۇققا كەلگەندە (شەرقىي قۇۋۇق) بىر ئاجىزلاپ كەتكەن ياشانغان بىر بوۋاينى ۋە ئېغىر ئاياق بوپ قالغان بىر ئايالنى كۆرۈپتۇ. بۇ يەردىن يول يۈرۈپ ئىككىنچى قۇۋۇققا (ياكى جەنۇبىي قۇۋۇققا) كېلىپ بۇ يەردە يېتىپ قالغان ناھايىتى ئېغىر بىر كىسەلنى كۆرۈپتۇ. ئۈچىنچى قۇۋۇققا كەلسە (ياكى غەربىي ئىشىك) ئىككى ئادەم مۇرسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان بىر ئۆلۈككە ئۇچراپ قاپتۇ (مۇقاۋىدىكى 12 - رەسىمگە قاراڭ). يەنە بىرھازا مېڭىپ تۆتىنچى قۇۋۇققا كەلسە ياكى (شىمالىي ئىشىك) بىر غىدىر چۆچەكنى كۆتىرىۋالغان، چاچلىرى ئۆسۈپ كەتكەن ، تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان راھىپنى ئۇچرىتىپتۇ. مانا بۇلار شىنجاڭ تاش كىمىرلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان . سىم قىلىپ سىزىلغان ۋەقەلىك سۈرىتى. شاھزادە ئوردىدىن ساياھەتكە چىقىش جەريانىدا ئوخشاش بولمىغان ئورۇندا كۆرگەن ئوخشاش بولمىغان ئازاپ ئوقۇبەتلىك ھايات كەچۈرمىشنى- يەنى ئاجىزلاپ كەتكەن قېرى بوۋاي، ئېغىرئاياق ئايال، كېسەل ئادەم، ئۆلۈك ئادەمنىڭ جەسىتى، تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان راھىپلارنى كۆرۈپ ھاياتلىق مۇساپىسىدىكى تۇغۇلۇش، قېرىش، كېسەل بولۇش، ئۆلۈش قاتارلىق ئازاپ ئوقۇبەتلەردىن كىشىلەرنى خالاس قىلىشنىڭ ئۇسۇل، چارە، يولىنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن ئوردىدىن چىقىپ ئىزدىنىش يولىنى تاللىۋالىدۇ. « ۋىنەيەنە ئاسى راھىپلار ئىشلىرى» سۇترىسىنىڭ 3 - جىلدىدا بۇ ھەقتە مۇنداق خاتىرلەر بار؛ « بۇتساتۋا ھارۋىدا ئولتۇرۇپ سەيلىگە چىقتى . يولدا ئاجىز ،ئورۇق، بەل- پۇتلىرى يادەك ئېگىلگەن قېرى بىر بوۋاي ئۇچرىدى. ئۇنىڭ يول مېڭىشىمۇ ناھايىتى تەس بولۇپ چاچ ساقاللىرى ئاقارغان ئىدى .... يەنە بىر ئاز مېڭىپ بىر كېسەل ئادەم ئۇچرىدى ئۇنىڭ پۇتۇن بەدىنى سارغىيىپ كەتكەن، ئورۇقلاپ، ماغدۇرسىزلىنىپ ھالىدىن كەتكەن ئىدى. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ قويۇشقىمۇ رايى بارمايتتى... يەنە بىرئاز مېڭىپ شەھەردىن چىقتى، بىر ئۆلۈك ئادەم ئۇچرىدى. ئۇنى بىر ئەسكى ھارۋىغا سېلىپ ئەپ كېتىپ باراتتى. يەنە بىر ئادەم چوغدانىنى كۆتۈرۈپ ئالدىدا كېتىپ باراتتى . ھارۋىنىڭ كەينىدە نۇرغۇن ئەر- ئايال يىغلاپ - قايغۇرۇشۇپ كەلمەكتە .... ھارۋا مېڭىۋەردى. بىر ئازدىن كېيىن بىر راھىپ ئۇچرىدى. ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرى قالايماقان، مەينەت، قوللىرىدا سەدىقە تىلەپ يېيىش ئۈچۈن غىدىر چۆچەكنى كۆتۈرۈۋالغان

www.uyghurkitap.com



ئىدى.... بۇتساتۋا ئاھ ئۇرۇپ ئىيتتىكى: بىز ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلساق نېمىشقا بولمايدىكەن.... يەنە ئۆز-ئۆزىگە خىتاپ قىلدى: - ھازىردىن باشلاپ ئوردىدىن چىقىپ پۈتۈن جانلىقلارنى ئازاپتىن قۇتقۇزۇشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەيمەن....» تۇيۇق مىڭئۆيىدىن تېپىلغان شايى رەختكە سىزىلغان. رەسىمدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋەقەلىك بىلەن نومدا ئىيتىلغان ۋەقەلىك تامامەن ئوخشاشلىقتا ئىگە. شايى رەختتىكى رەسىمدە شاھزادە ئاتقا مىنىۋالغان (مۇقاۋىدىكى 12- رەسىمگە قاراڭ) راۋاقلىق ) ھەر سىپىلنىڭ ئىشىگىدىن ئاتقا مىنىپ چىقىۋاتقان، ئالدىدا ئىككى ئادەم بىر ئۆلگەن ئادەم جەستىنى زەمبىلگە ئوخشاش نەرسىگە سېلىپ مۇرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان مەنزىرە تەسۋىرلەنگەن. بۇ شاھزادىنىڭ سەيلىگە چىقىۋېتىپ 3- ئىشىكتىن ئۆتكەندە، كۆرگەن مەنزىرە بىلەن مامەن بىردەك. يۇقىرىقى مەزمون ۋەقەلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تام رەسىملىرى يەنى كۇچار قىزىل مىڭئۆيىدىمۇ ئۆزگىچە ئۇسلوپتا گەۋدىلەندۈرۈلگەن. قىزىل مىڭئۆيلىرىنىڭ 76- غاردا ئاساسى خانىنىڭ ئوڭ تەرەپ تامدا 99- lement 175 -9 110 - غارنىڭ ئاساسى خانىنىڭ ئوڭ 110ەپ تاملىرىغىمۇ سىزىلغان.

تۇيۇق مىڭئۆيى 4-غار تورىسىغا يەنە «ئادالاتپەرۋەر تۇرنا» بۇددىزم ھىكايىسى سىزىلغان. بۇ ئەسلى «جاتاكامالا» ناملىق يارالمىش چۆچەكلەر توپلىمىدىكى بىر ھىكايە بولۇپ، 10-ئەسىرلەردە خەنچىغا تەرجىمە قىلىنغان. (مۇقاۋ ئىچىدىكى 13-14-رەسىمگە ....) چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق: «بۇرۇنىسىدا باراناس دۆلىتىدە گۈزەل ھاۋالىق بىر كۆل بار ئىكەن. ئۇنىڭدا نۇرغۇن تۇرنىلار ياشايدىكەن. تۇرنىلار ئۆز-ئارا ناھايىتى ئىناق ئىكەن. ئۇلار سۇدا ئۈزۈپ يۈرگەندە گويا ئېچىلىپ كەتكەن سۇچېچەكلىرىگە، كۆكتە پەرۋاز قىلغاندا گويى ئاق بۇلۇتقا ئوخشايدىكەن. بىر كۈنى باراناس دۆلىتىنىڭ خانى تۇرنىلارنىڭ پادىشاھىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ قاپتۇ. ۋەزىرلەر ئۇنىڭغا: - بىر كۆل چاپقۇزۇپ چىقايلى. ئۇنىڭدا تۇرنىلار ياخشى كۆرىدىغان نەغمە-ناۋالار ئەكس سادا پەيدا قىلىپ تۇرىدىغان بولسۇن. شۇنداق قىلغاندا تۇرنىلار پادىشاھى بۇ تەرەپكە كېلىدۇ - » مەسلىھەت بېرىپتۇ. كۆل پۈتۈپتۇ. ئۇنىڭدا سۇچېچەكلىرى ئېچىلىپ خۇشپۇراقلار چېچىشىپ ھەرە- كېپىنەكلەر ئەگىشىپ يۈرەتتىكەن. كۆلنىڭ سۈزۈك سۈيىدە خىلمۇ-خىل بېلىقلارنىڭ ئۈزۈپ ئويناشلىرى ئەينەكتىكىدەك كۆرىنىپ تۇرىدىكەن. كۈن چىققاندا كۈننىڭ، ئاي چىققاندا ئاينىڭ شەكلى كۆلدە ئەكس ئېتىدىكەن. بىر كۈنى بۇ كۆلگە ئىككى تۇرنا كېلىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قايتىپتۇ. ۋەزىرلەر تۇرنىلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تۇرنىلار پادىشاھىمۇ بۇنىڭدىن كېيىن كېلىشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىپ قىلتاق قويۇشنى قارار قىپتۇ.

تۇرنا پادىشاھى ئۆز قەۋمىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزى كېلىپ كۆلدە ئادىمىزاتنىڭ ھىلە-مىكرىسى -يوقلىقىنى بايقاپ كۆرمەكچى بوپتۇ. ۋەزىر بىلەن بىللە شۇئان كۆلگە ئۇچۇپ كەپتۇ. بىراق ئويلىمىغان يەردىن ئىنسانلار ئەپچىللىك بىلەن قويغان قىلتاققا چۈزۈپ قاپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرگە: -مەن قىلتاققا چۈشۈپ قالدىم، سىز دەرھال قايتىڭ ،باشقىلار ھەرگىز كەلمىسۇن-دەپتۇ.

«تۇرنىلار پادىشاھىنىڭ ۋەزىرى ئۆز پادىشاھى بىلەن ھايات-ماماتلىقتا بىللە بولۇش ئۈچۈن قايتىقىلى ئۇنىماپتۇ. بۇ چاغدا پادىشاھى بىلەن ۋەزىرنىڭ ئەھۋالىنى كۈزەتكىلى يەنە بىر تۇرنا كەپتۇ. شۇ ئەسنادا قىلتاقچىمۇ بۇ يەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ قىلتاققا چۈشمىگەن بىر تۇرنىنىڭ ئۇچۇپ

كەتمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن قېچىپ كەتمەيدىغانلىقىنى سوراپتۇ.

-بىزنىڭ پادىشاھىمىزنى قويۇپ بېرىڭ، مېنىڭ شەكلىممۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش، ئۇنىڭ ئورنىغا مېنى تۇتۇپ كېتىڭ- دەپتۇ تۇرنا پادىشاھىنىڭ ۋەزىرى .

قىلتاقچى بۇ تۇرنىنىڭ ئالىجاناب روھىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، قىلتاقتا چۈشۈپ قالغان، تۇرنىنى قويۇپ بېرىپتۇ.

-خانىڭىز مېنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، سىزگە قىلتاق قۇرغۇزغان- بۇ تۇرنا، -ئەگەر مېنى ئېلىپ بارمىسىڭىز ، چوڭ ئىنئامدىن قۇرۇق قالىسىز، ھەر ئىككىمىزنى قەپەسكە سولاپ خانىڭىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىڭ- دەپتۇ تۇرنا پادىشاھى.

قىلتاقچى بۇ ئىككى تۇرنىنى قەپەسكە سولاپ ئوردىغا ئېلىپ بېرىپ ئۆز خانىغا پۈتۈن ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

تۇرنا پادىشاھى ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغان ئادىمىزات خانىغا قائىدە يۇسۇن بويىچە سالام بېرىپتۇ ۋە ئامانلىق سوراپتۇ.خانمۇ ئۇنىڭ سالىمىغا سالام قايتۇرۇپتۇ.بۇ ئىشتىن ئىنتايىن خوشال بولغان خان قىلتاقچىغا چوڭ ئىنئام بېرىپتۇ.

-خانلار سۆزلەشكەندە پۇقرالارنىڭ لوقما سېلىشى دۇرۇس ئەمەس-دەپتۇ تۇرنا پادىشاھىنىڭ ۋەزىرى.

لېكىن مەن بۇ يەردە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خان ئالىيلىرىنىڭ مېنىڭ پادىشاھىمنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغانلىقلىرىغا رەھمەت ئېيتىمەن.

-بىز سىزنىڭ تەۋەيىڭىزدە ياشاۋاتقان قۇش ئەھلىنىڭ بىر خىلى،بىز سىزگە مەڭگۈ بەخت تىلەيمىز-دەپتۇ تۇرنا پادىشاھى. بۇ چاغدا تۇرنىلارنىڭ ئۆز پادىشاھىنى چاقىرۋاتقان ئەنسىز ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپتۇ.خان تۇرنا پادىشاھىنىڭ سەمىمىلىكىدىن، تۇرنىلارنىڭ ئىناق - ئىتتىپاقلىقىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ تۇرنىلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشنى مەنئى قىپتۇ.خان تۇرنا ادىشاھىنى قويۇپ بېرىپتۇ ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۇرنىلارمۇ بۇ ئەلدە ئادەملەردىن قاچماي بىللە ياشاۋېرىدىغان بوپتۇ. بۇ تام رەسىم ۋەقەلىكى تويۇق مىڭئۆيىنىڭ غولىنىڭ غەربىدىكى 4-غارنىڭ يەنى مەركىزى تۈۋرۈكلۈك غارنىڭ ئارقا خانە تورۇسىغا سىزىلغان، تام رەسىمدە كۆل ئىچىدىكى ئىككى تۇرنىنىڭ ئۇچۇشقا تەمشىلىپ قاناتلىرىنى كېرىپ تۇرغان ھالىتى سۈرەتلەنگەن.رەسىمدە يەنە باراناس ئېلى خانى ياساتقان، سۇچېچەكلىرى ئېچىلىپ، خۇشپۇراق چېچىپ تۇرغان كۆلگە سىمۋۇل قىلىنىپ ئېچىلىپ تۇرغان سۇچېچىكى شەكلىدىكى چەمبىرەكلەر ۋە كۆل ناھايىتى جانلىق سىزىپ چىقىلغان. رەسىمدە يەنە ئۆزئارا جىپسىلاشتۇرۇلغان، چەمبەرسىمان قىزىل، زەڭگەر (كۆك) ۋە ئاق رەڭلەر بېرىلىپ ئاسمان، ئاي كۇنلەرنىڭ كۆلدىكى ئەكىس ئەتكەن مەنزىرە كۆرىنىشى سىزىپ چىقىلغان. بۇ بۇددا ھېكايىسى تام رەسىمنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىنى رۇسىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تويۇق مىڭئۆيىدىن بايقاپ ئەينى ۋاقىتتا بۇ تام رەسىمنى كېسىۋېلىپ ئۆز دۆلىتىگە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. ھازىر ئېرمىتاژ مۇزېيىدا ساقلانماقتا. (مۇقاۋىدىكى 14-رەسىمگە )

## 7. ئاخىرقى سۆز

«سىبى پادىشاھىنىڭ يارالمىش قىسسىسى» «بىلىنگىر پادىشاھىند يارالمىش قىسسىسى» «چانتىپول پەرىشتىنىڭ پۇت-قوللىرىنىڭ كېسىلىشىگە سەۋرى قىلىشى» «مايتىرى بالارادجانىڭ ئۆز قېنىنى بەش يەكساغا ساخاۋەت قىلىشى » «براھمان خوتۇننىڭ قىيىن ئانىسىغا زىيانكەشلىك قىلىشى»» «سۇچېچىكى خېنىم» (تويۇق مىڭئۆيدىكى بۇ ئىككى ھېكايە ۋەقەلىكى تام رەسىمنى «توشقان پادىشاھىنىڭ يارالمىش قىسسىسى»

www.uyghurkitap.com



تام رەسمى دەپ قارىغۇچىلارمۇ بار. بۇنى يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈ 014 توغرا كېلىدۇ) قاتارلىق يارلىمىش قىسسە، ۋەج - سەۋەب ھېكايىلىرى ئەسلى «ئاقىللىق ۋە نادانلىق سۇتراسى» دىكى ھېكايە - قىسسەلەر بولۇپ، 44 - ئىچىدىكى كۆپ قىسىم يارلىمىش قىسسە، بۇددىزم ھېكايە تام رەسىملىرى بۇ نومدىكى مەزمۇنلار ئاساسىدا تامغا رەسىم قىلىپ سىزىپ چىقىلغان دېيىشكە بولىدۇ.

«ئاقىللىق ۋە نادانلىق سۇتراسى» نىڭ يەنە بىر ئىسمى «ئاقىللىق ۋە نادانلىق ۋەج - سەۋەب سۇتراسى» بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇزۇن - قىسقىلىقى ئوخشاش بولمىغان يارلىمىش قىسسىلەر، ۋەج - سەۋەب ھېكايىلىرى بايان قىلىنغان. بۇ بۇددا نومىنىڭ ھازىرغىچە خەنزۇچە نۇسخىسىدىن باشقا يەنە تىبەتچە ۋە موڭغۇلچە نۇسخىلىرىمۇ بايقالغان. بۇ نومنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى بولغانمۇ يوق؟ بۇ ھازىرچە ئېنىق ئەمەس. شىمالى ۋېي دەۋرىدە لىياڭ جۇ(凉州 بۈگۈنكى گەنسۇ ۋۋېي)لۇق سىرامان خۇي جۆ(慧觉)（一作昙觉）، ۋېي دې (威德) قاتارلىق سەككىز نەپەر ئىخلاسمەن راھىب، غەربكە بېرىپ نوم ئېلىپ كېلىش سەپىرىدە ئۇدۇن (بۈگۈنكى خوتەن)دىكى ئۇلۇغ ئىبادەتخانىغا بېرىپ، بۇ يەردە بەش يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزىلىدىغان بۇددا دىنىنىڭ قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان. قۇرۇلتايىدا ھەرقايسى راھىب كالانلار سۇترە ۋىنەيە (经律)لەردىن سۆزلىگەن بولۇپ، بۇ سەككىز راھىب ئۇلارنىڭ ئاڭلىغانلىرىنى ھەرقايسىسى ئايرىم - ئايرىم خاتىرىلەپ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئۇلا. مىلادىيە 445 - يىلى قايتىشىدا قوچوغا يېتىپ كېلىپ خاتىرىلەپ چىققانلىرىنى ئۆز - بىرلەشتۈرۈپ بىر مۇكەممەل بۇددا نومى قىلىپ رەتلەپ چىققان. كېيىن بۇ يەردىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان. مەشھۇر بۇددا راھىبى خۇي لاڭ (慧朗) بۇ نومغا «ئاقىللىق ۋە نادانلىق سۇتراسى» دەپ نام بەرگەن. بۇ نومنىڭ خەنچە نۇسخىسى ئەسلى 13 جىلد بولۇپ، كېيىن تولۇقلىنىپ تۈزۈلگىنى بىر قەدەر كۆپ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بارغانچە تولۇقلىنىپ ساقلانغانلىرى 69 قىسىمغا يەتكەن⑨ .

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «سىبى پادىشاھنىڭ يارلىمىش قىسسىسى» نى «ئاقىللىق ۋە نادانلىق سۇتراسى» نىڭ (بىرىنچى جىلد) 1 - قىسمىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ. «چانتىپول پەرىشتىنىڭ پۇت - قوللىرىنىڭ كېسىلىشىگە سەۋرى قىلىشى» قاتارلىق بۇددا ھېكايىسىنى، بۇ نومنىڭ 12 - قىسمى «چانتىپول قىسمى» دىن كۆرۈشكە بولىدۇ. «مايتىرى بالارادجانىڭ ئۆز قېنىنى بەش يەكساغا ساخاۋەت قىلىشى »ھېكايىسىنى بۇ نومنىڭ 13 - قىسمى «مايتىرى بالارادجانىڭ يەكساغا قان تەقدىم قىلىشى قىسمى» دىن كۆرۈشكە بولىدۇ. «بىلىنگىر پادىشاھنىڭ يارلىمىش قىسسىسى» ھېكايىسىنى بۇ نومنىڭ 1 - جىلدىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ. «ماخاستۋى تېكىنىنىڭ ئاچ يولۋاسقا ئۆزىنى ساخاۋەت قىلىشى» (تۇيۇق مىڭئۆيى 40 - ) ھېكايىسىنى بۇ نومنىڭ 3 - قىسمى «ماخاستۋى تېكىنىنىڭ ئاچ يولۋاسقا ئۆزىنى ساخاۋەت قىلىشى قىسمى» دىن كۆرۈشكە بولىدۇ. «پادىشاھنىڭ كۆزىنى ساخاۋەت قىلىشى» (تۇيۇق مىڭئۆيى 1 - ) ھېكايىسىنى، بۇ نومنىڭ 6 - جىلد ۋە 32 - قىسمى «پادىشاھنىڭ كۆزىنى ساخاۋەت قىلىشى قىسمى» دىن كۆرۈشكە بولىدۇ. ئۇندىن باشقا يۇقىرىقى بەزى بۇددىزم ھېكايىلىرىنى يەنە ھىنايانا بۇددىزمىنىڭ مۇھىم دەستۇرلىرىدىن بىرى بولغان «تۈپ نېگىز سەرۋاستى ۋادە ۋىناي شىپاگەرلىك سۇتراسى»(«根本说一切有部毗奈耶药事经»)دىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. تۇيۇق مىڭئۆيلىرىدە يەنە قانچىلىك ھىنايانا بۇددىزم دەستۇرلىرىدىكى ھېكايىلەر رەسىم قىلىپ سىزىلغان؟ بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ

تەتقىق قىلىپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

بۇ نومىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەر ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تارقىلىپلا قالماي يەنە ئوتتۇرا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى بىر قىسىم دۆلەت ۋە رايونلارغا كەڭ دائىرىدە تارقالغان. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى چەتئەل ئېكىسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى شىنجاڭ تۇرپان ۋە گەنسۇ دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىكى بۇددىزم خارابىلىكلىرىدە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇلار تەكشۈرۈش جەريانىدا تۇرپان رايونىدىن بۇ نومنىڭ ئاز بولمىغان كەمتۈك نۇسخىلىرىنى بايقىغان. گېرمانىيە ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى قولغا چۈشۈرگەن مۇناسىۋەتلىك بۇددا نوم ۋەسىقىلەرنىڭ كاتالوگىنى ئېلان قىلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرپاندىن بايقالغان «ئاقىللىق ۋە نادانلىق سۇتراسى»نىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرىمۇ بار.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھىندىستان پېرسىيە ۋە گرېتسىيەنىڭ بىناكارلىق مەدەنىيىتى تۇپرىقىدا بەرپا بولغان تۆت چاسا گۈمبەز تورۇسلۇق ھەرخىل دىنىي ئىبادەتخانە قەسىر قۇرۇلۇشلىرى، بۇ يەردىن ئاۋۋال يىپەك يولىنى بويلاپ غەربىي يۇرتتىكى ئۇدۇن، كۇسەن قاتارلىق ھەرقايسى رايون بوستانلىقلارغا تارقىلىپ خاسلىق يارىتىپ ئاندىن قوچو دىيارىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارغا ئۆز خاسلىقى بىلەن تارقالغان. شۇڭا تۇيۇق مىڭئۆيىدە ھازىر ساقلىنىپ قالغان غارلارنىڭ شەكلى ۋە تام رەسىملەرنىڭ مەزمۇنىمۇ ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. تۇيۇق مىڭئۆيلىرىدىكى تام رەسىملەردىن ئېلىپ ئېيتساقمۇ «ئاقىللىق ۋە نادانلىق سۇتراسى» ئەينى ۋاقىتتىكى قوچو رايونىغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، 44 - غاردىكى تام رەسىم ۋەقەلىك دېتاللىرىمۇ بۇ نومدا بايان قىلىنغان ھېكايە ۋەقەلىكى بىلەن تامامەن ئوخشاش. دېمەك، 44 - غارنىڭ تام رەسىملىرى «ئاقىللىق ۋە نادانلىق سۇتراسى» دىكى مەزمۇنلارنى ئاساس قىلىپ سىزىپ چىقىلغان. مەرھۇم تۇرپانشۇناس ليۇ خوڭلياڭ 44 - غار تام رەسىم ۋەقەلىكىنى شىمالى ۋېي دەۋرى (مىلادىيە 386 - 534 - يىللار) غەربىي يۇرتلۇق راھىب جى جايى(吉迦夜) ۋە تەن ياۋ (昙曜) بىرلىشىپ تەرجىمە قىلغان «ئامىۋكتا راتنا كۇتا سۇترا» (《杂宝藏经》) دىكى مەزمۇنلار ئاساسىدا سىزىپ چىقىلغان دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە 44 - غارنىڭ قېزىلغان يىل دەۋرىنى بالدۇر دېگەندىمۇ 450 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ شىمالى ۋېي دەۋرىدىكى خۇي جۇ ۋە ۋېي دې قاتارلىق سەككىز راھىبنىڭ «ئاقىللىق ۋە نادانلىق سۇتراسى»نى قوچودا رەتلەپ تەرجىمە قىلغان ۋاقىتقا ئىنتايىن يېقىن كېلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، 44 - غار ئىچىدە ساقلانغان يارالمىش قىسسەلەر، ۋەج - سەۋەپ ھېكايىلىرى تام رەسىملىرى بىلەن قىزىل مىڭئۆيلىرىدىكى بالدۇرقى دەۋرلەردىكى غار ئىچىدىكى رەسىملەر ئاساسەن ئوخشاش. مەسىلەن، بۇددىزمدىكى داڭلىق يارالمىش ھېكايىلەردىن «سىبى پادىشاھنىڭ يارالمىش قىسسىسى»، «بىلىنگىر پادىشاھنىڭ يارالمىش قىسسىسى»، «چانتىپول پەرىشتىنىڭ پۇت - قوللىرىنىڭ كېسىلىشىگە سەۋرى قىلىشى» «مايترى بالارادجانىڭ ئۆز قېنىنى بەش يەكساغا ساخاۋەت قىلىشى » قاتارلىق بۇددا تام رەسىم ھېكايىلىرىمۇ قىزىل مىڭئۆيىنىڭ شەرقىي خەن (مىلادىيە 25 - يىلىدىن 220 - يىلغىچە) نىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدىكى غارلىرىدىنمۇ بايقالغان. مەسىلەن، 17 - غار ۋە 69 - . ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ تام رەسىملەر يەنە ئىككى جىن دەۋرى (265 - يىلدىن 420 - يىلغىچە) دىكى 7 - ) 38 -- 114 -- 178 - غارلىرىدىمۇ ھەم جەنۇب - شىمال سۇلالىلەر دەۋرى (420 - يىلدىن 589 -

www.uyghurkitap.com



يىلىغىچە) دىن سۈي دەۋرى (581 ـ يىلىدىن 618 ـ يىلىغىچە) گىچە بولغان مەزگىلدىكى غارلاردىن 198 ـ غار، تاڭ دەۋرى (618 ـ يىلىدىن 907 ـ يىلىغىچە) دىكى غارلاردىن 184 ـ ـ 186 ـ غار قاتارلىق مىڭئۆي غارلىرىدىمۇ بايقالغان.

مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىن قارىغاندا، يارىلىش قىسسىلەر بۇددىزم سەنئىتىدە بارلىققا كەلگەن بالدۇرقى دەۋرگە خاس سەنئەت ئەسەرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇن بولسا ساكيامۇنى تاتاگاتا بۇددانىڭ ئالدىنقى ئۆمرىدىكى ھايات كەچمىشلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلەردىن ئىبارەت. ئەينى ۋاقىتتىكى بۇددىزمنىڭ ئىخلاسمەن راھىپلىرى بۇ بۇددىزم ھېكايىلىرى ۋە بۇددىزم تام رەسىم ھېكايىلىرىدىن پايدىلىنىپ بۇددىزمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى (ئىپتىدائى) دىنى ئەقىدىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئاۋام پۇقرالارغا تەشۋىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ خىل ھېكايىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھىنايانا دىنى ئەقىدىلىرىنى ئاساس قىلغان. ئۇنداقتا تۇيۇق مىڭئۆيلىرى توت چاسا گۈمبەز تورۇسلۇق 44 ـ غار ۋە قىزىل مىڭئۆيى كېيىنكى دەۋرلەردىكى غارلاردا نېمە ئۈچۈن بۇددا يارىلىش ھېكايىلىرى تام رەسىملىرى پەيدا بولۇپ قالىدۇ؟ مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، يارىلىش قىسسىلەر تام رەسىملىرى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بالدۇرقى دەۋردىكى تام رەسىملەر ۋە كېيىنكى دەۋردىكى تام رەسىملەر دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدىغان بولۇپ، يارىلىش ھېكايىلىرى سىزىلغان تام رەسىملىك غارلارنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، بالدۇرقى دەۋرگە تەۋە يارىلىش ھېكايىلەر سىزىلغان غارلار، ئاساسەن ئەگمە تورۇسلۇق مەركىزى تۈۋرۈكلۈك غارلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛ بىرقەدەر كېيىنكى دەۋردىكى يارىلىش قىسسىلەر سىزىلغان غارلار ، مەركىزى تۈۋرۈكلۈك غارلاردىن باشقا غار شەكىللىرىدە بولىدۇ. يارىلىش ھېكايىدىكى ئادەم ئوبرازلىرىدا : بالدۇرقى دەۋردىكى يارىلىش ھېكايە رەسىملىرىدىكى بۇدساتۋا ئوبرازلىرىنىڭ بەدەن ئۈستى يالىڭاچ ھالەتتە، ئۈچىسىغا ھېچقانداق كىيىم كىيمىگەن، غار ئىچىگە مىڭ بۇددا سۈرەتلىرى سىزىلمىغان قاتارلىق بىرقانچە ئالاھىدىلىكلەر گەۋدىلىك بولىدۇ. كېيىنكى دەۋردىكى يارىلىش ھېكايىلەر تام رەسىملىرىدە، بۇدساتۋانىڭ بەدەن ئۈستى تەرپىنىڭ بىر مۈرىسى ئۈچۈق قالدۇرۇلغان ، يەنە بىر مۈرىسىدىن ئۈچۈق قالغان قولتۇقى ئاستىنى بويلاپ، قىيپاش ھالەتتە يىپەك كىيىمگە ئورۇنۇلغان، ئۈستى ـ باشقا كىيىم كىيگەن ھالەتتە. يەنە بۇ خىل رەسىم سىزىلغان غارلارنىڭ ئىچىگە مىڭ بۇددا سۈرەتلىرى سىزىلىشتەك ئەھۋاللار كۆپلەپ ئۇچرايدۇ ⑩. شۇڭا، غارنىڭ شەكلى ۋە غاردىكى تام رەسىملەرنىڭ سەنئەت ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا تۇيۇق مىڭئۆيى 44 ـ غاردىكى يارىلىش ھېكايىلەر بىر قەدەر كېيىنكى دەۋرگە خاس يارىلىش ھېكايىلەر بولۇپ، ھېسابلىنىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ 44 ـ غارغا قارىتا ئېلىپ بارغان C14 (كاربون ئون توت) نالىزىنىڭ نەتىجىسىدىن قارىغاندىمۇ بۇ غارنى تۇيۇق مىڭئۆيلىرىدىكى ئەڭ بالدۇرقى غارلاردىن دېگىلى بولمايدۇ. 44 ـ غاردىكى باشقا رەسىملەر بەكلا تۇتۇق، ئۈچۈق بولمىغاچقا ئۇلارنىڭ مەزمۇنىنى ھازىرچە بىلگىلى بولمىدى.

تۇيۇق مىڭئۆيى قوچو مىڭئۆي بۇددىزىم سەنئەت مەدەنىيىتىدە ناھىيىتى مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، قەدىمكى تۇرپان رايونى بۇددىزم سەنئىتىنى ۋە كۇسەن، دۇنخۇاڭ بۇددىزىم سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى قىممەتلىك ماتېريال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قوچو رايونى بۇددىزم مەدەنىيىتى سىرتتىن

كەلگەن خىلمۇ-خىل مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بولغاچقا، بۇ رايوننىڭ بۇددىزم مەدەنىيىتىدە ھەر خىل مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ ئارىلاشمىسى گەۋدىلەنگەن. قەدىمكى تۇرپان دىيارىدا ياشىغان خەلقلەر ئويمانلىق ۋە بوستانلىق ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنى ئۆلۈك ھالدا ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈپ كىرمەستىن، ئۆنىڭغا نۇرغۇن يېڭى تەركىپلەرنى سىڭدۈرۈپ، ئىجادىي رەۋىشتە قوبۇل قىلغان. بۇ مەدەنىيەت ئۆز نۆۋىتىدە يەنە سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەت ئامىللىرى بىلەن سىغىشىپ ھەم سىڭىشىپ ، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ھالىتىنى ساقلاپ قالغان ئ ئۆزىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ ھەم تەرەققىي قىلدۇرۈپ، يىراق يېقىنغا مەشھۇر بولغان قوچو بوستانلىق مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئىتالىيەلىك مەشھۇر بۇددىزم مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىسى مۇتەخەسسىس ئالىم (马里奥·布塞格里) مارئو.بۇسساگېلى كۆسەن مىڭئۆي مەدەنىيىتىنىڭ خاراكتېرىگە باھا بەرگەندە‹‹بۇ سەنئەت ئەسەرلىرىدىن قارىغاندا سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇ يەنىلا شەك شۈبھىسىزكى كۆسەن مەدەنىيىتىگە تەۋە.››

ئوخشاشلا مارئو.بۇسساگېلىنىڭ بۇ يەكۈنى بىلەن قوچو مىڭئۆي مەدەنىيىتىنىڭ خاراكتېرىنى ئىزاھلىغاندا بۇ دىيار مەدەنىيىتى خىلمۇخىل تاشقى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ بۇ مەدەنىيەت -شۈبھىسىزكى، قوچو مەدەنىيىتىگە تەۋە. قوچولۇق سەنئەتكارلار بۇ خىل سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەتكە قارىتا يەرلىك ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ئاساس قىلىپ سىرتنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆز مەدەنىيىتىگە ماسلاشتۇرغان ھەم ئۆزلەشتۈرگەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قوچو رايونى مىڭئۆي مەدەنىيىتى قوچو تۇپرىقىدا يىلتىز تارتىپ گۈللەنگەن بولغاچقا ، ئۆز نۆۋىتىدە بۇ دىياردا بەرپا بولغان مىڭئۆي ۋە بۇددىزم مەدەنىيىتى يەنىلا يەرلىك ئەنئەنىۋى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە دېيىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلار بىلەن تۇيۇق مىڭئۆيىنىڭ شەكلى ۋە تام رەسىم سەنئىتى قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز-ئارا بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلغاندا،قوچو رايونىدىكى بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ كۆنسايىن مىللىيلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ..



**تۇيۇق مىڭئۆيى 1 - غار سىخېمىسى**

## ئىزاھات:

①مەھمۇد كاشغەرى«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ 1984 ـ يىل نەشرى 227 ـ 228 ـ بەتلەر

②ۋاڭ بىڭخۇا: «تۇرپاننىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى» (خەنزۇچ()

) گىڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتى» (خەنزۇچە)مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2003 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 422 ـ 432 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

2010 ـ يىلى دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىقى بىلەن جۇڭگو ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاكادېمىيەسى، كۇسەنشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاكادېمىيەسىدىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە قېزىش ئەترىتى، شۇ يىلى تويۇق مىڭئۆيلىرىدە ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە ئىككى قېتىم قېزىش ئېلىپ بارغان، بۇجەرياندا بىر قىسىم يېڭى غارلار بايقالغان. بۇ غارلارغا تېخى يېڭى رەت نومۇرى بېرىلمىگەچكە يەنىلا ئەسلىدىكى كونا نومۇر ئاساس قىلىندى.

⑤گىڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتى»(خەنزۇچە)مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2003 ـ يىل 12 ــاي 1 ـ نەشرى 422 ـ 432 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

⑥خەن شياڭ، جۇيىڭرۇڭ: «كۇسەن مىڭئۆيلىرى»(خەنزۇچە)شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1996 ـ يىل8 ـ ئاي نەشرى .311 ـ 311

⑦«شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1998 ـ يىللىق 1 ـ 2 ـ سان، 197 ـ 200 ـ بەتلە

⑧«شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»1998 ـ يىللىق1 ـ 2 ـ سان 195 ـ 197 ـ بەتلەر

⑨ جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتى: «جۇڭگو بۇددا دىنى»(خەنزۇچە)3 ـ قىسىم شەرىق نەشرىياتى 1996 ـ يىل 1 ـ نەشرى 200 ـ 200

⑩خەن شياڭ،جۇ يىڭرۇڭ: «كۇسەن مىڭئۆيلىرى »(خەنزۇچە)شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1996 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى 315 ـ 315

(11)خەن شياڭ،جۇ يىڭرۇڭ: «كۇسەن مىڭئۆيلىرى »(خەنزۇچە)شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1996 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى 380 ـ 380

(ئاپتور تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى)

**تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىنىياز قۇتلۇق**

# تۇرپان بوستانلىقىنىڭ 4 – 10 - ئەسىرلەردىكى مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

ئەنۋەر قاسىم

تۇرپان ناھايىتى بۇرۇنلا ئىنسانلار ئولتۇراقلىشىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئانا ماكان بولۇپ، ئۇ قەدىمكى يىپەك يولىدا شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم لىنىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئوخشاش بولمىغان تارىخىي مەزگىللەردە ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىغا ئاساسەن، قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا، ئۆز ئالاھىدىلىككە ئىگە يەرلىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلغان. يېقىنقى بىر ئەسىردىن بۇيان، ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش خىزمىتى جۈملىدىن ھەرقايسى ساھەلەر توغرىسىدىكى مەخسۇس تېمىدىكى تەتقىقات نەتىجىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەرخىل مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشى ۋە ئالماشتۇرۇلۇشى كۆپ خىل دىنىنىڭ تارقىلىشى، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەتكە بولغان قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزىگە ماسلاشتۇرۇش مۇئامىلىسى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تۇرپان ناھايىتى بۇرۇنلا ھەرخىل مەدەنىيەت ئۆزئارا قوشۇلۇپ تەرەققىي قىلىدىغان چوڭ سەھنىگە ئايلانغان. ئەلۋەتتە، ئەتراپىدىكى ھەرقايسى مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە، تۇرپان تەۋەسىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرمۇ مۇشۇ رايوننىڭ جۈملىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى، ئەۋزەل جۇراپىيەلىك ئورنىدىن پايدىلىنىپ، ئەتراپىدىكى رايون ۋە مىللەتلەرگە تارقىتىپ ئۆزىنىڭ ئىچىۋىتىش ۋە قوبۇل قىلىشچانلىقىنى تولۇق نامايەن قىلغان. خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، بولۇپمۇ ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن سۈي، تاڭ دەۋرى مەزگىلى تۇرپان تارىخىدىكى ناھايىتى مۇھىم تەرەققىيات باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، مۇشۇ مەزگىلدە، يىپەك يولى تېخىمۇ راۋانلىشىپ، ئۆزئارا ئالاقىنىڭ قويۇقلىشىشى ۋە مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى بىلەن قوشۇلۇشى، ھەرخىل مەدەنىيەتنىڭ ئۇچرىشىشى بىلەن ئالماشتۇرۇلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ مۇنبەت زېمىن ھەرقايسى جەھەتتە يۈكسەك تەرەققىي قىلىدى ۋە گۈللەندى. دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، مەزكۇر رايوننىڭ مەدەنىيىتى كۆپ خىل تۈسكە ئىگە بولغان. نۆۋەتتە، قېزىۋېلىنغان كۆپ مىقداردىكى ئېسىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن مول مەزمۇنلۇق قەدىمكى قوليازمىلار بۇنى ئىسپاتلاپ بەردى.

## I. كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە كۆپ خىل مەدەنىيەت ئۆزئارا ئۇچراشقان رايون

تارىخىي نوقتىدىن قارىغاندا، تۇرپان ئەزەلدىنلا كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولغاچقا، ئوخشاش بولمىغان تارىخىي مەزگىللەردە، بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەر بىلەن قەدىمكى مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان ۋە تۇرمۇش كەچۈرگەن، شۇڭلاشقا ھەرقايسى مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى مۇشۇ يەرگە جۇغلىنىپ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، يەرلىك مەدەنىيەتنى زور دەرىجىدە بېيىتقان.

يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ غەربىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



غولىدىكى تەكشىلىك ئۈستىدىن بايقالغان كوناتاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە تەۋە تاش يالپاق، تاش ياپراق، تاش ئۆزەك ۋە يونۇش قورالى، ئۇچلۇق قورال قاتارلىق سوقۇپ ياسالغان تاش قوراللار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىكى، بۇنىڭدىن 20 مىڭ يىل ئىلگىرىلا، تۇرپان تەۋەسىدە ئىنسانلار پائالىيەت قىلىشقا باشلىغان①، ئۇلار ئاددىي ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئارقىلىق ئوۋچىلىق ۋە تەرمىچىلىكنى ئاساس قىلغان تۇرمۇش كەچۈرگەن تارىخىي باسقۇچقا قەدەم باسقاندىن كېيىن، تۇرپان ئۆزىنىڭ ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن پايدىلىنىپ، تەدرىجىي ھالدا كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايغا ئايلانغان. «خەننامە غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، غەربىي خەننىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە، تۇرپان ئويمانلىقى ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان قەدىمكى ئاھالىلەر غۇز-قاڭقىللار ئىدى. ئۇلار قەدىمكى غەربىي يۇرت بولۇپمۇ تۇرپان ئويمانلىقىدىكى يەرلىك ئاھالىلەردىن بولغاچقا، بۇ يەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە تەۋە مەدەنىيەتلەر، ئۇلار بىلەن ناھايىتى كەڭ دائىرە ئىچىدە مۇناسىۋەتلىك. كېيىنچە،گەرچە ئىلگىرى - كېيىن ساكلار،ھۇنلار،خەنزۇلار، توخرىلار، ئۇسۇنلار، ئىفتالىتلار، جۇرجانلار، تۈركلەر ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەر ياكى مىللەتلەر خېشى كارىدورى ئارقىلىق ئىلى دەريا ۋادىسىغا كۆچۈش جەريانىدا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مۇشۇ يەردىن بېسىپ ئۆتكەن ياكى قىسقا مۇددەت تۇرۇپ پائالىيەت قىلغان. دېمەك، ئېلىمىزنىڭ شىمالىي يايلاقلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر، ئاساسەن مۇشۇ تۇپراقتا ئىزناسىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. شۇڭا، تۇرپان تەۋەسىدە ئۇلارغا خاس خارابىلىقلار بىلەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساقلىنىپ قالغان. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تۇرپاننىڭ تارىخىي ناھايىتى بۇرۇنلا ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان كۆپ مىللەتلىك تۈسكە ئىگە بولغان ②.

كۆپلىگەن قەدىمكى قەبىلىلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ تۇرپان تەۋەسىدە تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى جۈملىدىن مەزكۇر رايوننىڭ شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تۇتاشتۇرىدىغان يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى بولغاچقا، بۇ يەرنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا كۆپ خىل دىن ۋە كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت بىرگە مەۋجۇت بولغان ۋە تەرەققىي قىلغان ئالاھىدىلىكى ناھايىتى روشەن بولغان. ئارخېئولوگىيەلىك بايقاش ۋە قەدىمكى قوليازمىلاردىن قارىغاندا، تارىختا مۇشۇ يەردە خەنزۇ يېزىقى، سانسكرىت يېزىقى، كۇسەن يېزىقى، مانى يېزىقى، سوغدى يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق كۆپ خىل تىل - يېزىقلار ئىشلىتىلگەن. ئەمما، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نۇرغۇن يېزىقلار كىشىلەرنىڭ ئىستېمالىدىن قىلىپ، تەدرىجىي ھالدا ئۆلۈك ياكى يېرىم ئۆلۈك يېزىققا ئايلانغان. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، چەت ئەللىكلەرنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلىرى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشكە ئەگىشىپ تەدرىجىي ھالدا بايقىلىدۇ. تۇرپاندىن بايقالغان تىل ۋە يېزىقلار ئايرىم ھالدا ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى، خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى ۋە سام - ھام تىللىرى سىستېمىسىغا تەۋە بولغان. يېزىقلار بولسا،خەنزۇ يېزىقى سىستېمىسىدىكى يېزىقلار، ئەرەم يېزىقى سىستېمىسىدىكى يېزىقلار، براھمى يېزىقى سىستېمىدىكى يېزىقلار بىلەن فىنىك يېزىقى سىستېمىسىدىكى يېزىقلارغا ئايرىلغان. ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللاردىن توخرى تىلى ۋە B، سانسكرىت تىلى، تۇمشۇق تىلى (يەنە گىيازدى تىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، سوغد تىلى، پەھلەۋىي تىلى، باكتېرىيە تىلى،گرېك تىلى، لاتىن تىلى ۋە پارس تىلى؛ ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكىدىن تۈرك تىلى،يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن موڭغۇل تىلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ خەنزۇ — زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللاردىن خەنزۇ تىلى، تۈبۈت تىلى تاڭغۇت تىلى؛ سام - ھام تىللىرى سىستېمىسىدىكىلەردىن سۈرىيە تىلى بىلەن

ئەرەب تىلى بار. بايقالغان ھەرخىل قەدىمكى يېزىقتىكى قولىيازمىلار ئىچىدە، تۇرپان ئاستانە ـ قاراغوجا قەبرىستانلىقى بىلەن بېزەكلىك مىڭئۆي ۋە پىچان سىڭگىم مىڭئۆي خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان خەنزۇچە قولىيازمىلار ناھايىتى مۇھىم تارىخىي ۋە مەدەنىيەت ئەھمىيىتىگە ئىگە.

تۇرپان تەۋەسى قەدىمكى غۇز- قاڭقىل بەگبالىقىنىڭ تۇرۇشلۇق ماكانى ئىدى، غەربىي خەن سۇلالىسى مەزگىلىدە، غەربىي خەن خاندانلىقى غۇز-قاڭقىل بەگلىكىدە چېك پۇت تىرەپ تۇرۇشى ئۈچۈن، يانداش بەگ جېڭ جىنى ئەسكەر باشلاپ يارغول قەدىمكى شەھىرى ئەتراپىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. ھەمدە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگكە ۋاقىتىنچە قاراشلىق بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش چېرىكچىبېگىنى تەسىس قىلدى. يۈەندىنىڭ چۇيۈەن بىرىنچى يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 47-يىلى)، بوكى چېرىكچىبەگلىكىنى تەسىس قىلىپ، دۇنخۇاڭ ياكى لياڭجۇغا قارالغان. شۇڭا، دۇنخۇاڭ ناھىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان لياڭجۇغا قاراشلىق ھەرقايسى ئايماقلار غۇز- قاڭقىل بەگلىكى تەۋەسىگە، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەسكەرلەرنى ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، دۇنخۇاڭ ناھىيە قوچو يېزىسىدىن كەلگەن ئەسكەرلەر تۇرپاننىڭ شەرقىي تەرىپىدە قورغان ياساپ ئولتۇراقلاشقان،ئۇلار يۇرتىنى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، بۇ قورغاننى قوچو دەپ ئاتىغان ).بۇ مەزگىلدە، گەرچە قوچو دېگەن نام بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەرنىڭ سىياسەت، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ھازىرقى يارغول شەھىرىدە ئىدى. شەرقىي جىن سۇلالىسى مەزگىلىدە، ئالدىنقى لياڭ ھاكىمىيىتى بۇيەردە قوچو ئايمىقىنى تەسىس قىلدى، شىمالىي لياڭنىڭ چېڭپىڭ 18- يىلى جورجانلار شىمالىي لياڭنىڭ قالدۇق ھاكىمىيىتىنى يوقۇتۇپ، كەنبوجۇنى «قوچو خانى» قىلىپ تىكلەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن، جياڭ، ما، كۇي قاتارلىق جەمەتلەر ئىلگىرى ـ كېيىن خانلىق ئورۇندا ئولتۇرىدۇ، بۇنى تارىختا «قوچو ئېلى» مەزگىلى دەپ ئاتايدۇ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۈەن 14- يىلى، تاڭ سۇلالىسى ئەسكەر تارتىپ قوچونى بويسۇندۇرۇپ، بۇيەردە غەربىي ئايماقنى تەسىس قىلىپ، قوچو شەھىرىنى غەربىي ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى قىلغان. مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىن كېيىن، بۇ يەر ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ پايتەختىگە ئايلانغان. تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان قولىيازمىلار دەل قوچو ۋىلايىتىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي ئايماق مەزگىلىدە، قوچو ئاھالىسى تەرىپىدىن يەر ئاستىغا كۆمۈپ قويغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. تۇرپان ھۆججەتلىرىنىڭ بايقىلىشىنى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20 ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، چەت ئەللىكلەرنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلىرى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشكە ئەگىشىپ، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ «ئېكىسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى»، ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە، تۇرپان تەۋەسىدىن ئېرىشكەن ھۆججەتلەر ناھايىتى كۆپ. ھازىرغا قەدەر ئېلان قىلغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، رۇسىيە، شۋېتسىيە، ياپونىيە، ئامېرىكا، ھىندىستان، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇزېي ۋە كۇتۇپخانىلاردا ساقلانماقتا. ئەلۋەتتە، دۆلىتىمىز ئىچىدىكى قىسمەن مۇزېي، كۇتۇپخانا بىلەن ئارخىپ يۇرتىدىمۇ بىر تۈركۈم تۇرپان ھۆججەتلىرى بار.

1950- يىللاردىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېلوگىيە ئەترىتى 1959- يىلىدىن 1975- يىلىغىچە، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۇرپان ئاستانە ۋە قاراغوجا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا 13 قېتىم ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ، 4-10- ئەسىرگە تەۋە قەبرىلەردىن 400 گە يېقىننى قېزىپ تازىلاپ، نۇرغۇنلىغان ھەرتۈرلۈك- مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىۋالغاندىن سىرت، يەنە ھەرخىل يېزىقتىكى ھۆججەتلەرنىمۇ يىغىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، پەقەت خەنچە

www.uyghurkitap.com



ھۆججەتلەرنىڭ سانى 4000 مىڭ پارچە ئەتراپىدا. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ بىرقىسمى بىۋاستە ھەمدەپنە قىلىنغان ئېگىن بۇيۇملار تىزىملىكى،يەر خېتى، مەنسەپكە تەيىنلەش بۇيرۇقى، ئۇنۋان بېرىش بۇيرۇقى بىلەن قىسمەن ۋەسىقىلەرنىڭ ساقلىنىشى بىرقەدەر مۇكەممەل بولغاندىن سىرت، كۆپ مىقداردىكىسى ئەينى ۋاقىتتا كىرەكسىز قەغەز ئورنىدا ياكى شۇلار ئارقىلىق ھەمدەپنە بۇيۇملىرى ياسىلىپ بىرگە دەپنە قىلىنغان، مەسىلەن ement ئۆتۈك،قەغەز كەش، قەغەز بۆك، قەغەز پوتا، قەغەز پۇل، قەغاز ھەيكەل، قەغەز يوتقان، قەغەز ئۇكەك ۋە قەغەز ئويما قاتارلىق نەرسىلەر ياسالغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ساقلىنىش ھالىتى بىرقەدەر ناچار. ھۆججەتلەرنىڭ يېزىلىش شەكلىدىن قارىغاندا، ئۇلار ۋەسىقە (ئىجارىگە بېرىش،ئېلىم – سېتىم، يالاش، قەرز ئېلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ھېسابات (تىلخەت، ھېسابات دەپتىرى، نوپۇس تىزىملىكى، تاپشۇرۇۋالغان يەر، يەر قەرزى، ئالۋان، مۇقىم نوپۇس ھېساباتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى (پەرمان، ھۆكۈمەت ئالاقىسى، دېلولارغا قاراپ چىقىش جەريانىدىكى ئاقلاش سۆزى ۋە دېلو خاتىرىسى، مەنسەپكە تەيىنلەش بۇيرۇقى، ئۇنۋان بېرىش بۇيرۇقى، يول خېتى ۋە تەكشۈرگەنلىك ئىسپاتى، خەت - چەكلەر، كىرىم - چىقىم دەپتىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). يۇقىرىقىلاردىن باشقا،يەنە شەخسلەرنىڭ خەت - چەكلىرى، بۇددا نوملىرى، مەندەپنە قىلىنغان ئېگىنلەر تىزىملىكى قاتارلىقلار بار. ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنى سىياسىي، ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار، ئىدىئولوگىيە، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ.

تۇرپان ھۆججەتلىرى ناھايىتى يۇقىرى ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولغاچقا، بايقالغاندىن بۇيان دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇن ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان، نۆۋەتتە نۇرغۇن تەتقىقات نەتىجىلىرىمۇ بارلىققا كەلدى. تەتقىقات ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان زور مىقداردىكى خەنچە ھۆججەتلەر شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، قوچودا يەنە خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۇچرىغان باشقا مىللەتلەرمۇ بولغان. ئۇلار ئاساسەن غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەردىن كەلگەن ئاھالىلەر بولۇپلا قالماي، يەنە شىمالىي يايلاقتىن ياكى غەربىي شىمالدىكى رايونلاردىن كەلگەن قەدىمكى مىللەتلەر. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە سوغدىلارمۇ بولغان. مۇشۇ مەزگىلدە كۆپلىگەن خەنزۇلارنىڭ ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، قوچوغا كۆچۈپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئەنئەنىۋى تويىن دىنى مەدەنىيىتىمۇ بۇ جايغا تارقىلىپ كىرگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بۇددىزمىنىڭ قوچودىكى تەسىرىنى تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان كۆپلىگەن خەنزۇچە بۇددا نوملىرى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ھۆججەتلەر ئارىسىدا،«نەسىر نامە»» «نەزمىنامە»» «مۇھاكىمە ۋە بايان»» «ۋاپانامە»» «ئۈچ پادىشاھلىق . سۇڭ چۈەن تەزكىرىسى». «تاڭ قانۇنلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، جۇگيى دورىسىنىڭ رېتسىپى، يىڭنە سانجىشقا ئائىت رېتسىپلار بىلەن ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەشىق دەپتىرى قاتارلىق قوليازمىلار بايقالغان. بولۇپمۇ «مۇھاكىمە ۋە بايان» نىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنىڭ بايقىلىشى، يەنە بىر تەرەپتىن جىن دەۋرىدىن قوچو ئېلى مەزگىلىگىچە خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ قوچو تەۋەسىدە تارقالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ھۆججەتلەر ئىچىدە، ئېلىم – سېتىمغا ئائىت نۇرغۇن توختامنامىلەر ساقلانغان.چۈنكى بۇخىل توختام مۇناسىۋىتى يەنە يەرنى ئىجارىگە بېرىش، ئادەم يالىلاش، قەرز ئېلىش قاتارلىق كۆپ خىل ئىقتىسادىي تۇرمۇش مۇناسىۋىتى شەكلىگە تەرەققىي قىلىپ، قوچونىڭ ئەل ئىچىدە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان توختام تۈزۈمى شەكىللەنگەنلىكىنى، ھەر خىل توختاملارنىڭ بەلگىلىك قائىدىلىرى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ سودا ئىشلىرى

تەرەققىي تاپقان قوچودىمۇ بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان سودا مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ھۆججەتلەرنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەھمىيىتى شۇكى، قىسمەن ھۆججەتلەر تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ يېتەرسىزلىك تەرىپىنى تولدۇرسا، قىسمەنلىرى تارىخنامىلەردىكى خاتالىقلارغا تۈزۈتىش بەرگەن. بولۇپمۇ ھۆججەتلەردە مەلۇم بولغان نۇرغۇن يىل نامەلار، ئىلگىرى كىشىلەرگە ئاساسەن نامەلۇم ئىدى، بەزىلىرى ھەتتا تارىخىي كىتابلاردىمۇ خاتىرىلەنمىگەن، بەزىلىرى بولسا تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن يىل نامەلەر بىلەن توغرا كەلمىگەن. دېمەك، قىسمەن يىل نامە ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، بەزى تارىخىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

ئومۇمەن، تۇرپان ھۆججەتلىرى كۆپ مىقداردىكى ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسى ھۆججەتلەرنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ناھايىتى مول ئىجتىمائىي مەزمۇن بىلەن روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي تۈزۈم، ئىقتىسادىي تەدبىرى، ھەربىي ئىشلار، مەدەنىيەت مۇئارىپ، ئىدېئولوگىيە جۈملىدىن تۇرمۇش ئادەتلىرى قاتارلىق جەھەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا ، مۇھىم تارىخىي ۋەقەلىق، مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر بىلەن پۇقرالارنىڭ تۇرمۇش ئىشلىرى قاتارلىقلار ھۆججەتلەردە ئەكس ئېتىلگەن. شۇڭا، بۇ ھۆججەتلەر تۇرپان ئويمانلىقى جۈملىدىن پۈتۈن غەربىي يۇرتنىڭ تارىخىي جۇغراپىيىسى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشى قاتارلىق جەھەتلەرنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن ناھايىتى مول ماتېرىياللارنى تەمىنلەپلا قالماي، بەلكى ئەينى ۋاقىتتىكى تىل يېزىقنىڭ ئىشلىتىش ئەھۋالى ۋە خەتتاتلىق سەنئىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان ماتېرىيا. ھېسابلىنىدۇ.

تىل يېزىق تارقىلىش بىلەن بىرگە، مەنىۋى مەدەنىيەتمۇ چەكلىمىسىز ھالدا ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش ۋە تارقىلىشقا باشلىغان. تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ جۇراپىيىلىك ئورنى ئالاھىدە بولغاچقا، يىپەك يولى ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ۋە سىرتىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بىلەن بولغان ئۆز ئارا ئالاقە باغلاش جەريانىدا، دىنىي مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشىمۇ ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋالغا ئايلانغان. شۇڭا، بۇ يەردە تۇرمۇش كەچۈرگەن كىشىلەر ئېتىقاد قىلغان دىنلار، دۆلىتىمىزنىڭ سىرتىدىن تارقىلىپ كىرگەنلىرىدىن سىرت، يەنە ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن تارقىلىپ كىرگەنلىرى . دەل مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ يەردە دىنىي مەدەنىيەتكە مۇناسىۋەتلىك كۆپ مەدەنىيەت مىراسلىرى ساقلىنىپ قالغان.

تارىختا، تۇرپان تەۋەسىدە تارقالغان دىن ناھايىتى كۆپ بولۇپ،نۆۋەتتە ئىپتىدائىي دىندىن سىرت، يەنە شامان دىنى، ئاتەشپەرەسلىك، بۇددا دىنى، تويىن دىنى، مانى دىنى، نېستورىئان دىنى ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىقلار بولغان. ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ يەردىكى ئىپتىدائىي دىن، تەبىئەتكە تېۋىنىش، ئەجدادلارغا تېۋىنىش ۋە تۇتېمغا تېۋىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. چۈنكى تارىختىن بۇرۇنقى تۇرپاننىڭ قەدىمكى ئاھالىسىنىڭ مەدەنىيىتى قويۇق ئىپتىدائىي تۈسكە ئىگە بولغان، قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدا ساقلانغان نۇرغۇن نەقىشلەر ۋە قىسمەن بۇيۇملارنىڭ شەكلى، ئىپتىدائىي دىننىڭ قالدۇق ئىزىنى ئەسكەرتكەن. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى جۈملىدىن تەبىئەتكە تېۋىنىش قاتارلىقلارنى مۇھىم بەلگە قىلغان ئىپتىدائىي دىننىڭ زاۋالغا يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئېتىقادى كۆپ ئىلاھلىقتىن بىر ئىلاھلىققا قەدەم باشلايدۇ، نۆۋەتتە شامان دىنى دەل مۇشۇ مەزگىلنىڭ مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ. شامان دىنى بىر مەھەل ئېلىمىزدىكى قەدىمكى مىللەتلەر ئىچىدە كەڭ تارقالغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭ تەۋەسىدىمۇ ناھايىتى بالدۇرلا پەيدا بولغان. گەرچە شامان دىنىغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر تارىخىي مەنبەلەردە بىر قەدەر كۆپ بولسىمۇ، ئەمما شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش ناھايىتى چەكلىك، ھازىرغا قەدەر پەقەت

www.uyghurkitap.com



پىچان ناھىيىسىدىكى ياڭخې قەبرىستانلىقىدا ساقلىنىشى بىر قەدەر ياخشى بولغان شامان پېرخونىنىڭ جەسىتى بايقالدى . ئۆلگۈچى بەدىنىگە يۇڭدىن تىكىلگەن كىيىم، پۇتىغا تېرە ئۆتۈك كىيگۈزۈلگەن، ئۆتۈك مىس توپچا بېزەك بىلەن بېزەلگەن، بېشىغا بىر ئايلانما قۇلۇلە قېپى بىلەن بېزەلگەن رەڭدار يۇڭ بۆك كىيگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ بوينىغا ھېقىق،فىرۇزە مارجان ئېسىلغان، بىر قۇلىقىغا ئالتۇندىن،بىر قۇلىقىغا مىستىن ياسالغان دۈگىلەك ھالقا ئېسىلغان، سول قولىغا ياغاچ دەستىلىك مىس پالتا، ئوڭ پەنجىسىنىڭ ئۈستىگە ياغاچ ئاياق قويۇلغان، بېلىنىڭ ئاستىدا ئىككى دانە تېرە قاپ بار بولۇپ، ئىچىگە ئايرىم – ئايرىم ھالدا جۇلدىسى يايسىمان مىس بىگىز سېلىنغان. ئوڭ قولىغا دىنىي مۇراسىمدا ئىشلىتىدىغان ئەسۋاب، يەنى مىس ياپراقچە ئورالغان ياغاچ تاياق تۇتقۇزۇلغان. كېيىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، شامان پېرخونلىقى ئېنىق. شامان دىنى بۇيەردە خېلى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشقان، چۈنكى مىلادىيەنىڭ ئالدى كەينى مەزگىللىرىدە، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئاھالىلەرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن دىنىي ئېتىقادى، چىن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى مۇشۇ رايوننىڭ مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئېتىقادى بىلەن زىچ ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى بولغان، خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغىنى يەنىلا شامان دىنى بولغان. ۋېي،جىن،جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەردىن سۈي – تاڭ سۇلالىلىرىغىچە، تۇرپان تارىخىدىكى ئىنتايىن مۇھىم باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ، بۇ مەزگىلدە، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەلقلەرنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى قوچو تەۋەسىدە كەڭ كۆلەمدە تارقىلىدۇ. تىل يېزىقلار تارقىلىش بىلەن بىرگە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىقادىمۇ قوچو ئاھالىسىنىڭ دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىدە تولۇق گەۋدىلەنگەن. مەسىلەن، ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانا ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ئەجداتلىرى سۈپىتىدە، غەربىي خەن سۇلالىسى مەزگىلىدىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا بارلىققا كەلگەن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر مەزگىلىگە كەلگەندە، تۇرپان تەۋەسىدە بارلىققا كېلىشى، بۇ خىل ئادەتنىڭ تارقىلىپ كىرگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

يۇقىرىدىكىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىندىن بىرى ھېسابلانغان بۇددا دىنى، تۇرپان تەۋەسىدە قالدۇرغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەڭ مول بولغان. بۇددا دىنى تەخمىنەن مىلادىيەنىڭ ئالدى – كەينىدە شىنجاڭ تەۋەسىگە تارقىلىپ كىرگەن، گەرچە تۇرپان تەۋەسىگە قايسى مەزگىلدە تارقىلىپ كىرگىنى تېخى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەمما ھازىرغا قەدەر مەلۇم بولغان بىر پارچە يىل نامە چۈشۈرۈلگەن بۇددا نومى، يەنى ياپونىيە ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇيۇقتىن بايقىغان غەربىي جىن خۇيدېنىڭ يۈنكاڭ 6 – يىلىدىكى «بۇددالار سۇتراسى»⑤. مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، مۇشۇ مەزگىلدە يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكتىن، بۇددا دىنى ناھايىتى تېزلا ئەسلىدىكى شامان دىنى بىلەن تەشپەرەسلىكنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، يەرلىك ئاھالىلار ئېتىقاد قىلىدىغان ئاساسلىق دىنغا ئايلانغان، ھەمدە قوچو تەۋەسىمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى بۇددا مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. تۇرپان تەۋەسىدىن بايقالغان بېزەكلىك، تۇيۇق ۋە سىڭگىم مىڭئۆيلىرى، يارغول قەدىمكى شەھىرى ئىچىدىكى غەربىي شىمال كىچىك ئىبادەتخانا، بۇدتەكچە مۇنارى قاتارلىق خارابىلىقلار بىلەن خەنچە، سانسكرىتچە، كۇسەنچە، سوغدىچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرى جۈملىدىن كۆپ مىقداردىكى بۇددا دىنىغا ئائىت سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلارمۇ، بۇنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

گەرچە بۇددا دىنى قەدىمكى تۇرپان تەۋەسىدە بىر مەزگىل دۆلەت دىنى ئورنىدا تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندا مەدەنىيەت بىلەن ئىدېئولوگىيەنى مەجبۇر ھالدا بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەستى،شۇڭلاشقا، ھەرخىل مەدەنىيەت بىلەن ئىدېئولوگىيەمۇ ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردە مۇشۇ زېمىنغا تارقىلىپ كىرىپ

بۇددا دىنى بىلەن بىرگە ساقلانغان. ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شەرقىي جىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە قوچو تەۋەسىدە تويىن دىنى تارقىلىشقا باشلىغان، بۇنى تۇرپان ھۆججەتلىرى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مەسىلەن، 1963- يىلى تۇرپان ئاستانە 1- نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان «غەربىي لياڭنىڭ جيەنچۇ 14 - يىلى (مىلادىيە 418 - يىلى) خەن چۇنىڭ ئايالىنىڭ ھەمدەپنە كىيم- كېچەك تىزىملىكى» : «ئوڭ تەرەپتە ئەجدىھا، سول تەرەپتە ئاق يولۋاس، ئالدى تەرىپىدە قىزىل قۇشقاچ (جەنۇبىي ئىلاھ)) كەينى تەرىپىدە ement (مەبۇد)» دېگەنلەر خاتىرلەنگەن⑥. ئەجدىھا، ئاق يولۋاس، قىزىل قۇشقاچ بىلەن تاشپاقا ئېلىمىزدا ناھايىتى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، دەسلەپكى مەزگىلدە ئاساسەن ئورۇن بەلگىلەشكە ئىشلىتىلگەن، كېيىنچە تويىن دىنىنىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھلىرىغا ئايلانغان. شەرقىي جىن سۇلالىسى مەزگىلىدىكى گې خۇڭ«كىمياگەرلىك» دېگەن كىتابىدا مۇشۇ توغرىلىق خېلى تەپسىلى خاتىرە قالدۇرۇلغان. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ھەدەپنە كىيم - كېچەك تىزىملىكىنىڭ بايقىلىشى 5 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تويىن دىنىنىڭ تۇرپان تەۋەسىدە تارقىلىشقا باشلىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىرلا ۋاقىتتا مانى دىنى بىلەن نېستورىئان دىنىمۇ پېرسىيەدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق تۇرپان تەۋەسىگە تارقىلىپ كىرگەن، بولۇپمۇ مانى دىنى قەدىمكى قوچو تەۋەسىدە بىر مەزگىل ناھايىتى گۈللەنگەن، ھەمدە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانىدانلىقى دائىرىسىدە، خاندىن پۇقرالارغىچە ئاساسەن مانى دىنى مۇرتلىرى بولغان. مانى دىنى ئىبادەتخانا خارابىسى بىلەن ھۆججەت قاتارلىق ماتېرىياللارنىڭ قايتا بايقىلىشى، T 20 ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مۇشۇ ساھەدىكى مۆجىزە خاراكتېرلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ. گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش مەزگىلىدە، تۇرپان تەۋەسىدىكى قوچو قەدىمكى شەھىرى، بېزەكلىك مىڭئۆيى قاتارلىق خارابىلىقلاردىن، مانى دىنى ئىبادەتخانىسى، مىڭئۆي ۋە تام رەسىملىرىنى بايقايدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش خىزمىتىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، مانى دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مىڭئۆي تام رەسىمى ۋە ھۆججەتلەر تۇرپان تەۋەسىدە داۋاملىق دېگەدەك بايقىلىدۇ. بۇ يېڭى بايقاشلار ئىچىدە، بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ 38 - غارى قوچو تەۋەسىدىكى ھازىرغا قەدەر مەلۇم بولغان مەزمۇنى ئەڭ مول، ساقلىنىشى ئەڭ مۇكەممەل مانى دىنىغا ئائىت غار ھېسابلىنىدۇ⑦. مەسىلەن، 1980 - يىلى، بېزەكلىك مىڭئۆيىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن سوغدى يېزىقىدىكى مانى دىنى ھۆججەتلىرى⑧ 1981 - يىلى، بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ 65- غارىدىن (ئەينى ۋاقىتتا 9821 نومۇرلۇق غار دەپ ئاتالغان) 8 پارچە مانى دىنىغا ئائىت ھۆججەت بايقالغان، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۈچ پارچىسى سوغدى يېزىقىدا يېزىلغان، قالغان بەش پارچىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان⑨. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر پارچە سوغدى يېزىقىدا يېزىلغان مانى دىنى قولىيازمىسى جەمئىي 9 ۋاراق قەغەزنى تۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق ھاسىل بولغان ئۇزۇن يۆگىمە بولۇپ، ئېگىزلىكى 26 سانتىمېتىر ، ئۇزۇنلۇقى 268 سانتىمېتىر، 135 قۇر قارا سىيادا يېزىلغان سوغدىچە خەت بار، قەغەزلەرنى تۇتاشتۇرغان ئورۇن بىلەن خەتلەرنىڭ تۆۋەن قۇرى ئاستىغا قىزىل تامغا بېسىلغان؛ ئوتتۇرىدا نەپىس رەسساملىق بىلەن سىزىلغان رەڭلىك قىستۇرما رەسىم بار، رەسىمنىڭ يېنىغا ئالتۇندا ھەل بېرىلگەن بىر قۇر بېغىشلىما چۈشۈرۈلگەن⑩. بۇ ئەمەلىيەتتە سوغدى يېزىقىدا يېزىلغان مانى دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ خەت - چەكلىرى بولۇپ، مانى دىنىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇھىم ماتېرىياللاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

مانى دىنى ئىبادەتخانا خارابىسى، غارلار، تام رەسىملەر ۋە ھۆججەتلەرنىڭ تۇرپان تەۋەسىدىن داۋاملىق بايقىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇيەر تەدرىجىي ھالدا مانى دىنىنىڭ شەرقتىكى پالىيەت مەركىزى

www.uyghurkitap.com



دەپ قارىلىپ، ئالىملارنىڭ زور دىققىتىنى قوزغايدۇ. بىرلا ۋاقىتتا،مانى دىنىغا ئائىت خارابىلىق ۋە يادىكارلىقلارنى ئېزدەش جۇملىدىن تەتقىق قىلىشمۇ ئىلىم ساھەسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى. گەرچە ھازىرغا قەدەر نۇرغۇن مەسىلىلەر تېخى ھەل قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما ھەرخىل ئەھۋاللار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، بۇددا دىنىنىڭ زاۋالغا يۈزلىنىشى مانى دىنىنىڭ قوچو تەۋەسىدە گۈللىنىشى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى پۇرسەت ھازىرلايدۇ. شۇڭا، مانى دىنى شىنجاڭ جۇملىدىن تۇرپان ئويمانلىقىدىكى تەرەققىيات باسقۇچى قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى، يەنى مىلادىيە 9 10 ئەسىرلەر بولغان.

نېستورىئان دىنىغا كەلسەك، 1cG nr3D سۇڭ سۇلالىلەر مەزگىلىدە نېستورىئان مەدەنىيىتى بىر مەزگىل خېلى گۈللەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ تەسىرى دائىرىسى ئاساسەن تۇرپان تەۋەسىدە چەكلەنگەن. قوچو قەدىمكى شەھىرى، بويلۇقتىكى تاشلىۋېتىلگەن ئىبادەتخانىنىڭ تاملىرى قاتارلىق ئورۇنلاردا نېستورىئان دىنىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن تام رەسىملىرى، سۇرىيە يېزىقى، سوغدى يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان نېستورىئان دىنىغا ئائىت ھۆججەتلەر بايقالغان. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، بۇ قىممەتلىك ماتېرىياللار 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا،چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى قاتارلىق ئاساسەن چەت ئەللەرگە ئېلىپ كېتىلگەن. نۆۋەتتە، نېستورىئان دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ناھايىتى چەكلىك،بايقالغان دائىرىسى ئاساسەن تۇرپان بويلۇقتىكى نېستورىئان دىنىنىڭ ئىبادەتخانا خارابىسى بىلەن قورغاس ناھىيىسىدىكى ئالمىلىق قەدىمكى شەھىرى خارابىسى، يادىكارلىقلار بولسا بىر قىسىم ھۆججەتلەر بىلەن تام رەسىملىرىدىن ئىبارەت. شۇنداق بولسىمۇ، ھازىرغا قەدەر ئېرىشكەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، يەنىلا بۇ خىل دىنىنىڭ شىنجاڭ جۇملىدىن تۇرپان تەۋەسىدىكى تارقىلىش ئەھۋالىنى، جۇملىدىن كۆرسەتكەن تەسىرىنى كۆزەتكىلى بولىدۇ. مىلادىيە 9 ئەسىرنىڭ ئاخىرى 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىگە تارقىلىپ كىرىدۇ(11) . ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن بىر يۈرۈش دىنىي ئۇرۇشلار ئارقىلىق، 16 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە كەلگەندە بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ،تۇرپان تەۋەسىدىكى ئاساسلىق دىنغا ئايلانغان.

دېمەك،تۇرپان ئۆزىگە خاس تەبىئىي مۇھىت ۋە ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك شارائىتقا ئىگە بولغاچقا، ھەرىسل مەدەنىيەتنىڭ مۇشۇ يەرگە جۇغلىنىشى ۋە ئۆزئارا قوبۇل قىلىش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، مول مەزمۇنغا ئىگە قەدىمكى تۇرپان مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىپ، ئۇنى شىنجاڭنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمىغا ئايلاندۇرىدۇ، ھەمدە ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى تولۇق نامايەن قىلىدۇ.

## II يىپەك يولىنىڭ سودا ئىشلىرىدىكى ئورنى .

تۇرپان يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان جاي بولغاچقا، دېڭىز يولي تەرەققىي قىلىشتىن بۇرۇن، جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان ۋاستە ئىدى، تارىختا شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد ئالماشتۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. شۇڭا ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي مەزگىلدە، بۇ يەرنىڭ ئالاھىدە جۇراپىيىلىك ئورنى ۋە مەدەنىيەتكە بولغان قوبۇلچانلىقى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىدىن سىرت، ھىندىستان بۇددا مەدەنىيىتى، پارس ئەجەم مەدەنىيىتى، ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە يۇنان (گېرك)، رىم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنىمۇ مۇشۇ يەرگە يەتكۈزگەن، شۇڭلاشقا، بۇيەر ئەينى ۋاقىتتا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرىدىغان چوڭ سەھنىگە ئايلانغان.

ئارخېئولوگىيەلىك بايقاش ۋە تارىخىي مەنبەلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا،

شىنجەڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ئوتتۇرىسىدا، خەن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىلا مۇناسىۋەت ساقلانغان، يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى ۋە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى بىلەن بىرگە، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر يېڭى تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، شىنجاڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان ئىقتىساد ئالماشتۇرۇشتا، ئىككى رايوننىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇلۇپ ۋە تارقىلىپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى سودا ـ سېتىق ئىشلىرى تېخىمۇ قويۇق بولغان. «كېيىنكى خەننامە· غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى «غوز سودىگەرلىرى كۈندە دېگىدەك قورۇللاردىن ئۆتۈپ تۇراتتى» دېگەن خاتىرە يىپەك يولىدىكى سودا ئىشلىرىنىڭ ئەينى زاماندا ناھايىتى گۈللەنگەنلىكىنى ئوبرازلىق تەسۋىرلىگەن. سودا نوقتىسىدىن قارىغاندا شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىلغان بويۇملار ئۈزۈم، بىدە، شاپتۇل، تەرخەمەك، زىغىر، يۇمغاقسۈت، پالەك، ياڭاق، ئانار ۋە كىپەز قاتارلىق زىرائەتلەردىن سىرت، چارۋا، تېرە مەھسۇلاتى، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار بىلەن دورا ماتېرىياللىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولسا، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن تاۋارلار ئاساسەن يىپەك بۇيۇملار، مىس كۆزگى، قەغەز ۋە سىرلانغان قاچا ـ قۇچا قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغىنى يىپەك توقۇلمىلار بولغان.

ھەممىگە مەلۇمكى، شىنجاڭنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە جۇغراپىيىلىك مۇھىتى قەدىمكى خارابىلىق ۋە قەبرىستانلىقلاردا بايقالغان ھەرخىل توقۇلمىلارنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلىنىشىدىكى ئاساسلىق ئامىل بولغان. ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلاردىن قارىغاندا، ھازىرغا قەدەر بايقالغان توقۇلمىلار يۇڭ، يىپەك، پاختا ۋە كەندىر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ەۋرى ئەڭ بالدۇر بولغىنى يۇڭ توقۇلما بولۇپ، دەۋرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىگە توغرا كېلىدۇ. بىراق كىشىلەر شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تۇتاشتۇرىدىغان يىپەك يولىنى مەدھىيىلىگەندە، مۇققەرەر ھالدا شىنجاڭ تەۋەسىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرىدىن قېزىۋېلىنغان كۆپ مىقداردىكى نەپىس يىپەك توقۇلمىلارنى ئەسلىتىدۇ. ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ھازىرغا قەدەر شىنجاڭ تەۋەسىدىن قېزىۋېلىنغان ئەڭ دەسلەپكى يىپەك توقۇلما، باركۆل ناھىيىسىدىكى نەنۋەن قەبرىستانلىقىدىن بايقالغان كۆزلۈك مىس پالتا ئۈستىگە چاپلىشىپ قالغان، تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 يىل ئەتراپىغا توغرا كېلىدىغان گۈللۈك دارايى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئەمىنىيە دەۋرىگە تەۋە توقسۇن ناھىيەسىدىكى ئالغۇي قەبرىستانلىقىدىنمۇ شايى، تاۋار ـ دۇردۇن، ھىلھىلە بىلەن كەشتە قاتارلىق يىپەك توقۇلمىلار قېزىۋېلىنغان. ئەمما، يىپەك بۇيۇملارنىڭ بايقىلىش مىقدارى ئەڭ چوڭ، تۈرى ئەڭ كۆپ بولغىنى خەن ـ تاڭ سۇلالىلىرىغا تەۋە قەبرىلەر بولغان، بولۇپمۇ تۇرپان تەۋەسىدىن قېزىۋېلىنغان يىپەك توقۇلمىلار ئەڭ مول بولغان. تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان يىپەك بۇيۇملار ئىچىدە، دەۋرى ئەڭ بالدۇر بولغىنى شەرقىي جىن سۇلالىسى مەزگىلىگە تەۋە يىپەك كەش ھېسابلىنىدۇ. جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەردىن سۈي ـ تاڭ سۇلالىلەر مەزگىلى، ئېلىمىزنىڭ يىپەكچىلىك تېخنىكىسى زور تەرەققىي قىلغان باسقۇچ بولغاچقا، يىپەكلەرنىڭ تۈرلىرى تېخىمۇ موللىشىپ، كىمخاپ، دارايى، ھىلھىلە، گاز، شايى ۋە كەشتە قاتارلىقلار بارلىققا كەلگەن، دېمەك، مۇشۇ توقۇلمىلار تۇرپان تەۋەسىدە ناھايىتى كۆپ بايقالغان. مۇشۇ مەزگىلدە يىپەك توقۇلمىلار ئۇسلۇبى جەھەتتە ئەنئەنىۋى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۇسلۇبىنى ساقلاپلا قالماي، بەلكى پېرسىيە ساسانىلار ئۇسلۇبىمۇ بارلىققا كەلگەن.

مۇھىمى، قوچودىمۇ كىمخاپ توقۇش ئىشخانىلىرى بولغان. تارىخىي يازما مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ مەزگىلدە تۇرپان تەۋەسىدە گەرچە پاختا ۋە كەندىر توقۇلمىلىرىنىڭ

ئىشلەپچىقىرىشى توغرىسىدا خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما يىپەك توقۇلما توغرىسىدا «يىلە بىيقىشقا مۇۋاپىق» دېگەن سۆزدىن سىرت، باشقا خاتىرە قالدۇرمىغان. مەسىلەن، «لياڭنامە. قوچو تەزكىرىسى» . : قوچو ئېلىدە پاختا كۆپ ئۆستۈرىلىدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭدا رەخت توقۇيدۇ، رەخلىرى ناھايىتى يۇمشاق ۋە ئاق كېلىدۇ ھەمدە بازاردا سېتىلىدۇ، دەپ خاتىرىلىگەن. بىراق قېزىۋېلىنغان خەنچە ھۆججەتلەردىن قارىغاندا،جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر مەزگىلىدىكى قوچو يىپەك يولى مۇققەرەر بېسىپ ئۆتىدىغان جاي بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئېلىمىزنىڭ يىپەك بۇيۇملارنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان رايونلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان(12). قېزىۋېلىنغان خەنچە ھۆججەت ۋە ھەقىقىي بۇيۇملاردا مەلۇم بولۇشىچە، قوچودا ئىشلەنگەن توقۇلمىلار پاختا رەخت، كاناپ، يۇڭ ئەديىال بىلەن شايى،كىمخاپ قاتارلىق يىپەك بۇيۇملاردىن ئىبارەت. قېزىۋېلىنغان خەنچە ھۆججەتتە، قوچودا ئىشلەنگەن كىمخاپلار ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ، بىر خىلىنىڭ ئۇزۇنلىقى 9 چى 5 سۇڭ، كەڭلىكى 4 چى 5 سۇڭ، يەنە بىر خىلىنىڭ ئۇزۇنلىقى 8 چى، كەڭلىكى 4 چى، بۇخىل كىمخاپلار ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى رەخت توقۇش دەستىگاھلىرى ئارقىلىق توقىغانلىرىغا ئوخشىمايدۇ(13) ، دەپ خاتىرىلەنگەن.

كىيىم - كىچەك جەھەتتە، ئىچكى ئۆلكىلەردە ئىشلەنگەن يىپەك بۇيۇملار غەربىي يۇرتنىڭ كىيىم - كىچەك قۇرۇلمىسىغىمۇ ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. نىيە خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان «ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولغاي، پەرزەنتلەرگە خەيرىلىك ئاتا قىلغاي» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن كىمخاپ تون بىلەن ئىشتان، پەلەي قاتارلىق بۇيۇملاردىن قارىغاندا غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسى مەزگىلىدىلا خەنزۇ مەدەنىيىتى ئۇسلۇبىدىكى يىپەك توقۇلمىلار غەربىي يۇرتتىكى ئاھالىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن. خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، بولۇپمۇ جىن - تاڭ سۇلالىلەر مەزگىلىدە، يىپەك يولىنىڭ راۋانلىشىشى ۋە غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ كىيىم - كىچەكلىرىدە كۆپ خىل ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. كىيىملەرنىڭ ماتېرىياللىرىدا ئەنئەنىۋى يۇڭ، پاختا ۋە كاناپتىن سىرت، يىپەك توقۇلمىلار مۇتلەق نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان لاي ۋە ياغاچ قاتارلىق ھەيكەللەر بىلەن شايىغا سىزىلغان رەسىملەرنى مىساللىساق، ناھايىتى روشەنكى، ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەر كەيگەن يىپەك كىيىملەر پاسون جەھەتتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولغان، ئەمما قىسمەن يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنگەن، بۇ شەرق ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالمىشىشنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تۇرپاننى ئالساق، ئاستانە - قاراغوجادىكى 4 -- 10 - ئەسىرلەرگە تەۋە قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان يىپەك توقۇلمىلار بىلەن كىيىم - كېچەككە ئائىت بۇيۇملار ئىنتايىن مول. بۇ گۈزەل ۋە نەپىس يىپەك توقۇلمىلار، كىيىم - كىچەك ماتېرىيالى ئورنىدا ، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئويناپلا قالماي، بەلكى شۇ زاماندىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىسى، ئېستېتىك قارىشى، ئەخلاق پەزىلىتى ۋە سەنئەت تۇيغىسى قاتارلىق جەھەتلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئوبيېكتى قىلغان. شۇڭا،يىپەك توقۇلمىلار ناھايىتى مول مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىغا ئىگە بولغان.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنلەردىن سىرت، تۇرپاننى ۋاستە قىلىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىلغان بۇيۇملار ئىچىدە،كىپەز، ئۈزۈم ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن ئۈزۈم ھارىقىنى ئىشلەش تېخنىكىسى،خېلى بۇرۇنلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن. ئۈزۈمنى ئالساق، تۇرپان تەۋەسىدە ئۈزۈمنىڭ ئۆستۈرۈلۈ . تارىخىي ناھايىتى ئۇزۇن. مەسىلەن، 1992 - يىلى، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى پىچان ناھىيىسى سۇبېشى قەبرىستانلىقىدىكى 3 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتا ئېلىپ بارغان قېزىش جەريانىدا،

16- ۋە 30 - نومۇرلۇق قەبرىنىڭ تىندۇرما توپا ئىچىدىن ئۈزۈم ئۇرۇقىنى بايقىغان. نۆۋەتتە،16- نومۇرلۇق قەبرىدىن 30 نەچچە دانە، 30- نومۇرلۇق قەبرىدىن 100دانىدىن ئارتۇقى بايقالغان(14). بۇندىن باشقا، 2003-يىلى 3-- 5- ئاي مەزگىلىدە، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە پىچان ناھىيىسى ياڭخەي قەبرىستانلىقىدىكى 2 - نومۇرلۇق قەبرىدىن ئۇزۇنلىقى 15 سانتىمېتىر،كەڭلىكى 2.3 سانتىمېتىر كېلىدىغان قىزىل سايۋا ئۈزۈم شېخىنى بايقىدى (15). بۇ بايقاشلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئەمىنىيە دەۋرى، يەنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 5 ئەسىرلەر مەزگىلىدىلا ئۈزۈمنىڭ تۇرپان تەۋەسىدە ئۆستۈرۈشكە باشلىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، بولۇپمۇ جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەردىن سۈي - تاڭ سۇلالىلىرىگە كەلگەندە، ئۈزۈمچىلىك تۇرپان تەۋەسىدە ناھايىتى زور تەرەققىي قىلىدۇ. بۇنى 1959 يىلىدىن بۇيان، تۇرپان ئاستانە - قاراغوجا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا، قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن كۆپ مىقداردىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە خەنچە ھۆججەتلەر ناھايىتى ئەتراپلىق ۋە تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يىپەك يولىدىكى سودا ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا،تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان قوچو ئېلىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي ئايماق مەزگىلىگە تەۋە ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسىي ھۆججەتلەردە بىر قەدەر تەپسىلىي خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.بايقالغان مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش، سودا ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرگە، يەنە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. چۈنكى يىپەك يولىنىڭ راۋانلىشىشىغا ئەگىشىپ، ھەرخىل شەكىلدىكى سودا پائالىيەتلىرى قويۇقلىشىپ، قوچونى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇملىدىن يىپەك يولىنى بويلاپ بارلىققا كەلگەن بەگباللىقلار بۇ خىل ۋاستىلىق سودىدىن يېتەرلىك پايدىغا ئېرىشكەن. پەقەت تۇرپاننى مىساللىساق، 4-- 10-ئەسىرلەردە، بۇ يەرگە كېلىپ - كېتىدىغان. سودىگەرلەرنى كۈتۈۋېلىش توغرىسىدا، نەچچە يۈرۈش مۇكەممەل باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى يولغا قويغان، بۇ توغرىسىدا تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان خەنچە ھۆججەتلەردە ناھايىتى ئېنىق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. بىرلا ۋاقىتتا، يىپەك يولىدىكى سودا ئىشلىرىنىڭ گۈللەنگەن ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يەنە بىر مۇھىم ئامىل بولسا، قەدىمكى يىپەك يولىدا بايقالغان جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ پۇللىرى ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمكى شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانلىقلار قۇيغان پۇللار شىنجاڭ تەۋەسىگە تارقىلىپ كىرىدۇ، ھەمدە يەرلىك پۇللارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىشلاردا مەلۇم بولۇشىچە، ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بايقالغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۆتكەن سۇلالىلەرگە تەۋە پۇللارنىڭ سانى چوڭ، تۈرى كۆپ بولۇپ، سۇلالىلەرنىڭ باغلىنىشىدىن ئالساق، غەربىي خەن سۇلالىسىدىكى يېرىم سەرلىك يارماقتىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ پۇللىرىغىچە تولۇق بولغان، ھەمدە كەڭ دائىرىدە تارقالغان. بۇ پۇللار ئىچىدە ئەڭ كۆپ بايقالغىنى s جۇلۇق پۇل بىلەن تاڭ، سۇڭ جۇملىدىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ پۇللىرىدۇر. بۇ بايقاشلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئۆتكەنكى زامان سۇلالىلەرنىڭ پۇللىرى شىنجاڭدا قوللانغان ئاساسلىق پۇللاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئەلۋەتتە، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغ ئەگىشىپ، نۆۋەتتە ئىچكى ئۆلكىدە قۇيۇلغان پۇللارنىڭ تەسىرى جۇملىدىن يەرلىك بازارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭمۇ تارىختا نۇرغۇن پۇللارنى قۇيۇپ ئىشلەتكەن. بايقىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە قۇيۇلغان

www.uyghurkitap.com



پۇللار خەنچە - كاروشتىچە خەت چۈشۈرۈلگەن پۇل(يەنە خوتەن ئات پۇلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)3 قاراخانىيلار پۇلى، چاغاتاي خانلىقى پۇلى،جۇڭغار خانلىقى پۇلى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى پۇللارغا ئوخشىتىپ قۇيغان خەنچە كۇسەنچە خەت چۈشۈرۈلگەن پۇل، كۇسەنىنىڭ كىچىك مىس يارمىقى، قوچو ئېلى يارمىقى، تۈركەش پۇلى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ پۇلى، كۇچادىكى راشىدىنىڭ پۇلى، خوتەندىكى ھەببۇللانىڭ پۇلى بىلەن كۆپ مىقداردىكى مىللىيچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ يارماقلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. بۇ پۇللارنىڭ قۇيۇلۇشى ۋە ئىشلىتىلىشى گەرچە دەۋر جەھەتتە بىر - بىرىگە ئۇلاشمىغان، ھەمدە قىسمەن پۇللارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز، ئىشلىتىلگەن دائىرىسىمۇ ناھايىتى چەكلىك بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان. تۇرپاننى ئالساق، بۇيەردىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ «كەيۈەن تۇڭباۋ يارمىقى» قاتارلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىقلارنىڭ پۇللىرى بايقىلىپلا قالماي، يەنە مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدە قۇيۇلغان«قوچو ئېلى يارمىقى» مۇ بايقالدى. «قوچو ئېلى يارمىقى» كۇي جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قوچو ئېلى مەزگىلىدە (مىلادىيە 499 640 - يىلى) قۇيغان بىر خىل يەرلىك پۇل بولۇپ، يۇملاق شەكىلدە، ئوتتۇرىدا چاسا تۆشۈك بار، چۆرىسى بىر قەدەر قېلىن، ئالدى يۈزىگە «گاۋچاڭ جىلى» دېگەن تۆت خەت چۈشۈرۈلگەن، كەينى يۈزى سىدام كەلگەن. بۇخىل پۇل چوڭ ۋە ئېغىر بولسىمۇ، بىراق ناھايىتى سۈپەتلىك قۇيۇلغان. ئەپسۇسلىنىدىغان تەرىپى شۇكى،بۇ پۇلنىڭ بايقىلىشى ناھايىتى ئاز، ھازىرغا 10 دانە ئەتراپىدا بايقالدى، ھەمدە ئۇلار ئاساسەن تۇرپان تەۋسىدە بايقالدى.

تۇرپان تارىختا يىپەك يولى سودىسىدا ۋاستىلىق رول ئوينايدىغان جاي بولغاچقا، بۇ يەردىن بايقالغان پۇللار مەملىكەت بويىچە بىردەك ئورتاق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن مىللىي خۇسۇسىيەتكە ، جۇملىدىن بەلگىلىك دەرىجىدە خەلقئارالىق خۇسۇسىيىتىگىمۇ ئىگە.

ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش ۋە تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، چىن - خەن سۇلالىسىدىن بۇرۇنلا، ئېلىمىز شىنجاڭ ئارقىلىق غەربىي ئەللەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشنى باشلىغان. خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، بولۇپمۇ جياڭ چەننىڭ غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلىشى ۋە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى بىلەن بىرگە، ئېلىمىز بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا،جەنۇبىي ئاسىيا جۈملىدىن غەربىي ئاسىيا قاتارلىق جايلار ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاستە سودا مۇناسىۋەت بارلىققا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، ئېلىمىز بىلەن غەربىي ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ مەدەنىيەتنىڭ ئالماشتۇرۇلىشىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. بولۇپمۇ سودا ئىشلىرىغا ئەگىشىپ قىسمەن چەت ئەل پۇللىرىمۇ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىدۇ ھەمدە قىسمەن پۇللار ئېلىمىزنىڭ مەلۇم رايونلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ، بولۇپمۇ پېرسىيە ساسانىيلا كۈمۈش تەڭگىسى بىلەن شەرقىي رىم تىللالىرى، ئەينى زاماندىكى شەرق ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئىشلىرىدا بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغان. ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلاردىن قارىغاندا، بۇ ئىككى خىل پۇل تۇرپان تەۋەسىدە خېلى كۆپ بايقالغان. مەسىلەن، قوچو قەدىمكى شەھىرى، ئاستانە - قاراغوجا قەبرىستانلىقى ،باداملىق ۋە مۇنار قەبرىستانلىقى قاتارلىقلاردىن قېزىۋېلىنغان پېرسىيە ساسانىيلار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ، ئايال II خۇسراۋ I، جاماسپ. خۇسراۋ III، شاپۇرIII. ئەردەشىر II شاشار قاتارلىق خانلار تەختتىكى چاغدا ياسالغانخاقان بوران II بىلەن يەزدىگىرە تەڭگىلەر؛ شەرقىي رىم تىللالىرىدىن ساسانىيە I بىلەن مورىسىنىڭ تەڭگىلىرىگە تەقلىد قىلىپ ياسىغان پۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (16). يۇقىرقىلاردىن قارىغاندا، تۇرپان يىپەك يولى سودا ئىشلىرىدىكى بىر ۋاستە ئورنىدا، ئۆزىنىڭ ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك ئورنى ئارقىلىق شەرق ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئويناپلا قالماي،

بەلكى يەنە شەرق بىلەن غەربنىڭ پۈل مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن.

قىسقىسى، تۇرپان تەۋەسىدىن قېزىۋېلىنغان ھەرخىل بۇيۇملار، ھەرخىل يېزىقدىكى قەدىمكى ھۆججەتلەر ۋە جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرىنىڭ پۇللىرى، سودا ئىشلىرىنىڭ گۈللەنگەنلىك ۋە پۇل مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللەنگەن ئەھۋالىنى ئوبرازلىق ھالدا تەسۋىرلەپلا قالماي، بەلكى شىنجاڭنىڭ ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى بىلەن سىياسەت، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ناھايىتى زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى تولۇق ئىپادىلىگەن.

## III مەدەنىيەت سەنئەت بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇپ تەرەققىي قىلىشى

ماددىي مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇلۇش بىلەن بىرگە مەدەنىيەت سەنئەتمۇ مۇشۇ قەدىمىي يول ئارقىلىق ئۆزلۈكسىز ئۇچراشقان ۋە ئالماشتۇرۇلغان. شۇڭا، تۇرپان ئويمانلىقى ئۆزىگە خاس جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مەدەنىيەت قىياپىتىنى بەرپا قىلغان.

شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات تارىخىي نوقتىسىدىن قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مەدىنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبەلىك تۈسكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، چۈنكى بۇ يىپەك يولىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت گۈللىنىشى، ھەرخىل مەدەنىيەتنىڭ چەكلىمىسىز ھالدا ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇلۇشى ۋە تارقىلىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. مەدەنىيەت سەنئەتكە كەلسەك، ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، كەڭ مەنبە جەھەتتە، مەنىۋى مەدەنىيەتكە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئاساسەن ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئەمما تار مەنىدىن ئالساق ئاساسەن ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى، رەسسامچىلىق، ھەيكەلتىراشلىق ۋە گۈزەل سەنئەت قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ناخشا ـ ئۇسسۇل ساھەسىنى ئالساق، شىنجاڭ خەلقى ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىرلىقى ۋە تالانتلىقى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر، ھەمدە ناھايىتى بالدۇرلا قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ناخشا ـ ئۇسۇل سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان، شۇنداقلا خەن سۇلالىسى مەزگىلىدە غەربىي يۇرت ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقىلىپ كىرىپ، خەن ئوردىسىنىڭ مۇزىكا قۇرۇلمىسىنى بېيىتقان، ئەلۋەت «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىن مەلۇم بولۇشىچە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا بارلىققا كەلگەن جاڭ، دۇمباق بىلەن قانۇن (قەدىمكى يەتتە تارلىق چالغۇ ئەسۋاب) قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلارمۇ مۇشۇ مەزگىلدە شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىپ، مەزكۇر زېمىننىڭ چالغۇ تۈرلىرىنى بېيىتقان. دېمەك، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ئەسىردىن باشلاپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى ئۆز ئارا قوبۇل قىلىش ۋە تەسىر كۆرسىتىش باسقۇچىغا قەدەم قويغان (17). مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىن باشلاپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئالماشتۇرۇلۇپ ۋە قوشۇلۇپ، «كۇسەن نەغمىسى»7 «سۇلى نەغمىسى»7 «قوچو نەغمىسى»7 «ئۇدۇن نەغمىسى»» جۇملىدىن كېيىنرەك بارلىققا كەلگەن «ئېۋرغول (قومۇل) نەغمىسى» قاتارلىقلارنى شەكىللەندۇرگەن.

تارىخنامىلەردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى خەن سۇلالىسىدىن باشلاپلا ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن، بولۇپمۇ كۇسەن، «ناخشا ـ ئۇسسۇل جەھەتتە، بارلىق بەگباللىقلار ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى» (18). ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارنى ئالساق، چەرچەن زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقى، قومۇل ئەسكى شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى قەبرىستانلىق ۋە تۇرپاندىكى ياڭخې قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان غوڭقا، چىرا ناھىيىسىدىكى دامىكۇ بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن قېزىۋېلىنغان بەرباب، تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان بەرباب بىلەن دۇمباقنىڭ لايدا ياسالغان مودېلى، مارابېشى ناھىيىسىدىكى توققۇز ساراي خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان سۆڭەك نەي قاتارلىق چالغۇلار، تۇرپان

www.uyghurkitap.com



ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان شايىغا سىزىلغان چالغۇ چېلىۋاتقان ئاياللار بىلەن لاي ۋە ياغاچتا ياسالغەن سازەندىلەر ۋە ئۇسسۇلچى ئوبرازىدىكى ھەيكەللەر، قارا شەھەردىكى شىكشىن مىڭئۆيى ئەتراپىدىن بايقالغان سولمى (قەدىمكى قاراشەھەر) يېزىقىدا پۈتۈلگەن «مائىترىسىمىت » 1959 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، قومۇل ناھىيىسى تىيانشان خەلق گۇڭشېسى تەۋەسىدىكى تۆمۈرتى دېگەن جايدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مائىترىسىمىت» (19) ) ارلىقلار بايقالغان. بۇندىن باشقا،كۇسەن، قوۋم ۋە ئۇدۇن قاتارلىق جايلاردىكى بۇددا ئىبادەتخانىلار بىلەن مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە ساقلىنىپ قالغان كۆپ مىقداردىكى ناخشا ـ ئۇسسۇلغا مۇناسىۋەتلىك كۆرۈنۈشلەرمۇ، ناخشا ـ ئۇسسۇلنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، ھەمدە ناخشا ـ ئۇسسۇلنىڭ خەن ـ تاڭ سۇلالىلەر مەزگىلىدە غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن دىنىي پائالىيەتلىرى، بولۇپمۇ بۇددا مەدەنىيىتى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك بىرلەشتۈرۈلگەن ۋە كەڭ تارقالغان ھالىتىنى ناھايىتى ئوبرازلىق نامايەن قىلغان.

قەدىمكى شىنجاڭنىڭ ھەيكەلتىراشلىق بىلەن رەسساملىق سەنئىتى رەڭگارەڭ، تۈرىمۇ مول بولۇپ، بىر خىل ئالاھىدە ھەم قەدىمىي مەدەنىيەت مۇھىتىدا ھاسىل بولغان ۋە تەرەققىي قىلغان، شۇڭا ئۇلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىك بىلەن چوڭقۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىسگە ئىگە. شىنجاڭنىڭ رەسامچىلىق سەنئىتىنى چوقۇم قەدىمىي قىيا تاش رەسىملىرى، رەڭدەر ساپال بۇيۇملار،كۆپ خىل تۇسكە ئىگە مىڭئۆي تام رەسىملىرى، قەبرە ئىچىگە سىزىلغان تام رەسىملار، شايى، كىمخاب، كاناپ ۋە پاختا رەخت ئۈستىگە سىزىلغان رەسىملەر، قەغەز بىلەن ياغاچ تاختايلارغا سىزىلغان رەسىملەر بىلەن قەغەز قىيمىسى جۈملىدىن ھەرخىل توقۇلمىلار ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەن نەقىش ۋە گۈل نۇسخىلاردىن ئىبزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

شىنجاڭنىڭ دەسلەپكى مەزگىلگە تەۋە رەساملىق سەنئىتى ئاساسەن ئالتاي،قۇتۇبى،چەرچەن ۋە قومۇل قاتارلىق جايلاردىكى قىياتاش رەسىملىرىدە نامايەن بولغان. بۇددا دىنىي شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، بۇددا دىنىي بىلەن بىرگە بارلىققا كەلگەن مىڭئۆي تام رەسىملىرى، قەدىمكى شىنجاڭنىڭ رەسساملىق سەنئىتىگە يېڭى مەزمۇن كىرگۈزىدۇ. شۇڭا ئەينى زامانىدىكى بۇددا دىنىنىڭ مەركەزلىرىدىن بولغان كۇسەن، قوچو ۋە ئۇدۇن قاتارلىق جايلاردىكى مىڭئۆي ۋە بۇددا ئىبادەتخانا خارابىلىرى ئىچىدە، ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەرگە تەۋە بۇددا دىنى مەزمۇنلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن نۇرغان تام رەسىملىرى ساقلىنىپ قالغان. ئۇلارنىڭ مەزمۇنى، رەسىمدىكى ئادەملەرنىڭ ئوبرازى، رەسىم سىزىش ئۇسلۇبى ۋە تېخنىكىسى قاتارلىق جەھەتلەردىن بۇ تام رەسىملىرىنىڭ يونان ئەنئەنىسىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى تولۇق ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، يەنە ھىندىستان بۇددا سەنئىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تاڭ دەۋرىگە قەدەم تاشلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ تەۋەسىدىكى رەسساملىق سەنئىتى ئەسلىدىكى ئاساسىدا، يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن بۇددا سەنئىتىنىڭ رەسساملىق تېخنىكىسى ۋە ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ئوبرازى جانلىق، سىزىقلىرى ئىخچام، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىدىكى نەقىش ۋە گۈل نۇسخىلارنىڭ سىزىلىشى ناھايىتى سۈپەتلىك بولغان سەنئەت ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرۈپ، بۇددا دىنىغا ئائىت مەزمۇنلار، ئادەم ئوبرازى، تاغلار ۋە سۇلار، گۈلگىيا ۋە قۇشلار جۈملىدىن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئادەتلىرى قاتارلىقلارنى ئاساس مەزمۇن قىلغان نۇرغۇنلىغان تام رەسىملىرى، ساراي ۋە زاللارنىڭ تورىسىدىكى رەڭلىك بېزەكلەر، ياغاچ تاختاي، قەغەز ۋە ھەرخىل توقۇلمىلارغا سىزىلغان رەسىملەرنى ئىجاد قىلغان. ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلا T

ئاساسلانغاندا، تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان شەرقىي جىن سۇلالىسىغا تەۋە «قەبرە ئىگىسىنىڭ تۇرمۇش ھالىتى» قارالغان قەغەزگە سىزىلغان رەسىم، ھازىرغا قەدەر ئېلىمىزدا ساقلىنىۋاتقان دەۋرى ئەڭ بالدۇر قەغەزگە سىزىلغان رەسىم ھېسابلىنىدۇ. شايىغا سىزىلغان «ئۇسسۇلچى قىز رەسىمى ». «ساھىبجامال ۋە گۈلگىيا،ئۇچار قۇش رەسىمى» «قورشاۋ شاخمەت ئويناۋاتقان ئايالنىڭ رەسىمى» « ئاستىدىكى ساھىبجامالنىڭ رەسىمى» بىلەن «قولىدا قەدەھ تۇتقان كېنىزەكلەر رەسىمى» (20) قاتارلىق رەسىملەر ، ھازىرغا قەدەر ئېلىمىز) تەۋەسىدىن بايقالغان دەۋرى ئەڭ بالدۇرقى ئاياللارنىڭ تۇرمۇشىنى ئاساس تېما قىلغان ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ؛ رەسىملەرنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، سىزىلىشى ئالاھىدە، ئۆزىگە خاس سەنئەت بەددىلىكى ۋە سېرلىق تۈسكە ئىگە «ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانا»نىڭ شايى بىلەن كانابقا سىزىلغان رەسىمى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايوندىكى خەنزۇلارنىڭ قىسمەن ئادەتلىرىنىڭمۇ مۇشۇ يەرگە تارقىلىپ كىرىپ، ھەمدە بەلگىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، مەزكۇر رايوننىڭ بىر خىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دېمەك، ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەت نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ھازىرغا قەدەر شىنجاڭ تەۋەسىدىن بايقالغان تام رەسىملىرى بىلەن سىزما رەسىملەر ناھايىتى كۆپ، مەزمۇنى ئىنتايىن مول، مۇنداقچە ئېيتقاندا،بۇ نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى قەدىمكى شىنجاڭنىڭ رەسساملىق سەنئىتى جۈملىدىن دىنىي سەنئىتىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىپلا قالماي، بەلكى ئېلىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيىسى ۋە گۈزەل سەنئەت تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈنمۇ مۇھىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن.

ھەيكەلتىراشلىق ئەجداتلارنىڭ ستىرېئولىق ئوبراز ئارقىلىق ئىدىيە ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان ۋاسىتىلاردىن بىرى بولغاچقا، قەدىمكى شىنجاڭدىمۇ بىخ ھالەتتىن يېتىلىش،پىشىش ۋە گۈللىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى تەرەققىيات باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەن. ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭ تەۋەسىدىن قېزىۋېلىنغان دەسلەپكى مەزگىلگە تەۋە ۋەكىل خاراكتېرلىد . ھەيكەللەر، بۇنىڭدىن 3800 ـ يىل ئەتراپىغا توغرا كېلىدىغان قەبرە غول (گۇمۇگۇ) قەرىستانلىقى، قۇمدەريا قەرىستانلىقى بىلەن كېرىيەنىڭ شىمالىدىكى قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان ياغاچ ۋە تاش ھەيكەل قاتارلىقلار ھېسابلىنىدۇ. دەۋرى سەل ۋاقچىراق بولغىنى ئالتاي تەۋەسىدىكى شەمىرشەك مەدەنىيىتىگە تەۋە بالباللار بىلەن كۇنەس ناھىيىسىدىن بايقالغان مىس نۆۋكەر قاتارلىقلار بولغان. بۇ ھەيكەللەر گەرچە ناھايىتى مۇبالىغىلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ بەش ئەزاسىنى ئويۇپ چىقارغان بولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتۇرغانلىقتىن، ئادەمگە بىر خىل ئىپتىدائىي گۈزەللىك تۇيغۇ پەيدا قىلغان. بۇ ئەجدادلارنىڭ گۈزەللىك قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. كېيىنچە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىمۇ رەڭگارەڭ ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلىگەن، جۈملىدىن ئادەملەرگىلا ئەمەس، ھەتتا ھايۋانات ۋە ئەرۋالارنىڭ ئوبرازىغىمۇ نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئاتا قىلغان. ۋېي،جىن،جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەردىن سۇي ـ تاڭ سۇلالىلىرى بولسا، ئېلىمىزنىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلغان ۋە گۈللەنگەن مەزگىلى بولغاچقا، بۇ مەزگىلگە تەۋە قەبرىلەر جۈملىدىن ھەمدەپىنە بۇيۇملار ، مەيلى سان ياكى سۈپەت جەھەتتە بولسۇن ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولىدۇ، بولۇپمۇ ھەرخىل ھەيكەللەر ھەمدەپىنە بۇيۇملار سۈپىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇخىل ئەھۋالنى ئەينى زاماندىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ.

تۇرپان تەۋەسىگە كەلسەك،تۇرپان ئاستانە ـ قاراغوجا، بادامىلىق ۋە مۇنار قاتارلىق قەبرىستانلىقلاردىن قېزىۋېلىنغان ھەيكەللەر،سان جەھەتتە كۆپ بولۇپلا قالماي، بەلكى ماتېرىياللىرىمۇ ھەرخىل، ئەمما ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغىنى لاي ھەيكەل بىلەن ياغاچ ھەيكەللەر.

www.uyghurkitap.com

بۇ ھەيكەللەرنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى ناھايىتى مول بولۇپ، مەزكۇر رايوننىڭ ئەينى زاماندىكى يۇكسەك تەرەققىي قىلغان ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك قارىشىنى تولۇق نامايەن قىلغان. تۇرپان تەۋەسىدىكى جىن — تاڭ سۇلالىلىرىگە تەۋە قەبرىلەردىن كۆپلىگەن ھەمدەپنە ھەيكەللەرنىڭ بايقىلىشى مەلۇم جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس يەرلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ساقلانغان. ياغاچ ھەيكەلنى ئالساق، تۇرپان تەۋەسىدە ياغاچ ھەيكەلنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە بىر قەدەر ئومۇمىيلىششى، قەدىمكى شىنجاڭنىڭ ھەيكەلتىراشلىق ئەنئەنىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شىنجاڭدا تاغلار خېلى كۆپ ، ئەمما ھەيكەل ئويۇشقا ماس كېلىدىغان تاشلار ئانچە كۆپ بولمىغاچقا شىنجاڭنىڭ تاش ئويما سەنئىتى دېگەندەك ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلالمىغان. ئەكسىچە،ياغاچلارنىڭ تۈرى بىر قەدەر كۆپ، ھەرخىل بۇيۇملارنى ئويۇپ ياسىقۇلايلىق بولغاچقا، ياغاچچىلىق ۋە ياغاچ ئويمىچىلىقى ناھايىتى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن ۋە خېلى تەرەققىي قىلغان، شىنجاڭ تەۋەسىدىكى دەسلەپكى مەزگىلگە تەۋە قەبرىلەر بىلەن خارابىلىقلاردىن بايقالغان ياغاچ بۇيۇملار بۇ نوقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ياغاچ ھەيكەللەر قەدىمكى شىنجاڭنىڭ ھەيكەلتىراشلىقىدا ئەڭ بالدۇر بارلىققا كەلگەن،تارقالغان دائىرىسى كەڭ،داۋاملاشقان ۋاقتى ئۇزۇن، سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان بىر خىل مۇھىم ھەيكەلتىراش تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ياغاچ ئويمىچىلىق ئەنئەنە ناھايىتى بۇرۇنلا كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىپ، قەدىمكى شىنجاڭنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان (21). مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئىچكى ئۆلكىدىكى خەنزۇلارنىڭ دەپنە ئادەتلىرى تۇرپان تەۋەسىگە تارقىلىپ كىرىشى بىلەن بىرگە، ياغاچ ھەيكەل تەبئىي ھالدا ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن. بولۇپمۇ تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىنى، تۇرپان تەۋەسىنىڭ ياغاچ ئويمىچىلىق سەنئىتىنىڭ يۇكسەك تەرەققىي قىلغان باسقۇچى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ياغاچ ئويما ۋە ھەيكەللەر تۇرپان ئاستانە — قاراغوجا قەبرىستانلىقىدىكى جىن — تاڭ سۇلالىلىرىگە تەۋە قەبرىلەردىن ناھايىتى كۆپ قېزىۋېلىندى، تۇرىدىن قارىغاندا، ئات، كالا، ئۆدەك، ھارۋا قاتارلىقلار بولۇپلا قالماي،بەلكى يەنە ھەرخىل ئوبرازدىكى ئادەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ساماۋى پادىشاھنىڭ ئەرۋاھنى دەسسەپ تۇرغان ھەيكەل، تۆگىچى ھەيكىلى، ئاتلىق ياساۋۇللار بىلەن مۇلكىي ئەمەلدارلار ھەيكىلى، كېنىزەك ھەيكىلى، ئۇسسۇلچى قىزلار ھەيكىلى ۋە ھەرەم ئاغىسىنىڭ ھەيكەللىرى قاتارلىقلار.بۇ ياغاچ ھەيكەللەرنىڭ ياسىلىشى نەپىس، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ ھەيكەلتىراشلىق تارىخىدىكى ئوخشاش مەزگىلگە تەۋە ياغاچ ئويمىلار ئىچىدىمۇ ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ.

لايدا ياسالغان ھەيكەللەرنىڭ كۆپ مىقداردا بايقىلىشى، قەدىمكى شىنجاڭنىڭ لاي ھەيكەلتىراشلىق ئەنئەنىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. قېزىۋېلىنغان ھەرخىل ھەيكەللەردىن قارىغاندا، قەدىمكى شىنجاڭدا لاي ھەيكەللەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە كەڭ تارقالغان ۋاقتى ياغاچ ھەيكەللەردىن كېيىن ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. بۇ ئاساسەن بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئومۇملىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك،چۈنكى بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن بۇددا سەنئىتى، بولۇپمۇ لاي ھەيكەل سەنئىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىدۇ، نۆۋەتتە تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى بوستانلىق بەگلىكلىرى بۇددا دىنىنى سەل بالدۇر قوبۇل قىلغانلىقتىن بۇ يەردە بۇددا سەنئىتى جۈملىدىن لاي ھەيكەل سەنئىتى ئىنتايىن تەرەققىي تاپقان. تۇرپان تەۋەسىگە بۇددا دىنى نىسپىي ھالدا ۋاقچىراق تارقىلىپ كىرگەنلىكتىن، دەسلەپكى مەزگىلدىكى لاي ھەيكەللەر بەدىئىيلىك جەھەتتە ناھايىتى ئاددىي بولغان، شىمالىي لياڭ دەۋرىگە تەۋە جۇرچى فېڭداي قەبرىسىدىن قېزىۋېلىنغان لاي ھەيكەللەر بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

سۇلالىسىنىڭ غەربىي ئايماق مەزگىلىگە كەلگەندە ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىشىشى ۋە ئىقتىسادنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ مەدەنىيەت سەنئەتمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇ ۋە گۈللىنىدۇ. دەل مۇشۇ مەزگىلدە لاي ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى تۇرپان تەۋەسىدە يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئېسىل سەنئەت بۇيۇملىرى بارلىققا كەلگەن. ھەيكەللەرنىڭ تۇرى ئات، كالا، قوي ۋە تۆگە قاتارلىق ھايۋانلار بولۇپلا قالماي، يەنە ھەرخىل ئادەم ئوبرازىمۇ بارلىققا كەلكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئېسىل بۇيۇم دەپ قارالغانلىرى ھەرخىل شەكىلدىكى رەڭدار ۋە سىدام قەبرە مۇئەككىلى، مۇلچەر ھەيكىلى، ھەرخىل شەكىلدىكى غوزلار ئوبرازىدىكى ھەيكەللەر. ئۇلار شەكىل ۋە ئوبراز جەھەتتە روشەن ھالدا پەرقلىنىپ،بەدئىيلىكى ناھايىتى يۇقىرى بولغان.

دېمەك، ھازىرغا قەدەر تۇرپان تەۋەسىدىكى 4 -- 10-ئەسىرلەرگە تەۋە قەبرىلەردىن كۆپ مىقداردىكى ياغاچ ۋە لاي ھەيكەللەر قېزىۋېلىنغان،بۇ خىل ئەھۋال مەيلى شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىدا، ياكى ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە بولسۇن ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇلار بەلگىلىك دەرىجىدە جىن - سۇلالىلىرى مەزگىلىدىكى شىنجاڭ جۇملىدىن ئېلىمىزنىڭ ھەيكەلتىراشلىق تارىخىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت سەنئەتنى ھەر جەھەتلەردىن تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىياللاربىلەن تەمىنلىدى.

مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ،نۇرغۇن جەھەتتە ئۆز ئارا ئالمىشىش ۋە قوشۇلۇپ تەرەققىي قىلىش ئەھۋالى ھاسىل بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۈلگى ھېسابلانغان يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنى ئالساق، ئۇ نامايەن قىلغان سىغدۇرمىچانلىقمۇ ناھايىتى روشەن بولدى.

ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ۋە تارىخىي مەنبەلەردىكى خاتىرىلەردە مەلۇم بولۇشىچە، يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغان شىنجاڭدا،ئىنسانلار ناھايىتى بۇرۇنلا پائالىيەت ئېلىپ بارغان، ھەمدە ئوخشاش بولمىغان تارىخىي مەزگىللەردە ھەرخىل مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈش جاسارىتى بىلەن، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تەپسىلاتىغا ئاساسەن، قوشۇش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئۆزىگە خاس يەرلىك مەدەنىيەتنى ئىختىرا قىلىدۇ. دېمەك، يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىمۇ دەل شۇلارنىڭ بىرى. شۇڭا، ئۇزاق تارىخ مۇساپىسىدا،يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىمۇ نۇرغۇن ئۆزگىرىش ۋە ەققىياتلارنى باشتىن كەچۈرگەن. تەڭرىتاغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ئوخشىمىغان تارىخىي مەزگىللەرگە تەۋە قەدىمكى قەبرىستانلىق بىلەن خارابىلىقلاردىن قېزىۋېلىنغان كاۋاپ قاتارلىق گۆش يېمەكلىكلىرى، تەييارلىنىشى بىر قەدەر ئىپتىدائىي بولغان تېرىق توقاچلىرىدىن ناھايىتى سۇپەتلىك ۋە نەپىس تەييارلانغان نان ۋە پېچىنە - پىرەنىك قاتارلىق ئۇن يېمەكلىكلىرى، ئۈگۈر بىلەن تۈگۈر قاتارلىق ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەكلىكلىرى، قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ھەر خىل قۇرۇق مېۋە - چېۋىلەر بىلەن ماتېرىيالى ھەرخىل بولغان قازان - قۇمۇچ، قاچا - قۇچا قاتارلىقلاردىن قەدىمكى شىنجاڭنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىدىن ئالساق، كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ۋە ئۇششاق تاش قورال دەۋرى مەزگىلىدە شىنجاڭ تەۋەسىدە ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەر ئىجتىمائىي فورماتسىيىسى ئوۋچىلىق بىلەن تېرىمچىلىقنى ئاساس قىلغان.شۇڭا، بۇ مەزگىلدە تەبىئەت ئاتا قىلغان مېۋە - چېۋىلەر بىلەن ئوۋلىغان ھايۋانلار ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقلۇقى بولغان، برونزا دەۋرىدىن دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرلىرىگىچە، بۇ يەردىكى ئاھالىلەر چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان، قوشۇمچە دېھقانچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش باسقۇچىغا قەدەم باسقان. مۇشۇ

www.uyghurkitap.com



مەزگىلدە دېھقانچىلىق بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان رايونلاردا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنىڭ نىسپىي كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاشلىقلارنى پىششىقلايدىغان يارغونچاق جۈملىدىن تۈگمەن قاتارلىق قورالار بارلىققا كېلىدۇ ھەمدە تەدرىجىي ھالدا ئومۇمىيلىشىشقا باشلايدۇ، شۇنداقلا يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى تارىخىي مۇساپىسىنى ئاچىدۇ. غەربىي خەن سۇلالىسى مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي فورماتسىيەسى گەرچە يەنىلا چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما دېھقانچىلىق دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىپتىدائىي ھالەتتىن چوڭ كۆلەملىك ۋە سۇغىرىشنى ئاساس قىلغان باسقۇچقا ئۆتكەن ھەمدە باغۋەنچىلىكمۇ بارلىققا كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلىپ، ئىقتىساد قۇرۇلمىسىدا دېھقانچىلىقنىڭ نىسبىتى روشەن ھالدا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەن. بولۇپمۇ غەربىي خەن سۇلالىسى مەزگىلىدە، يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، بۇ جاينىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن سىياسەت، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىسى تېخىمۇ قويۇقلىشىدۇ. خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ قويۇقلىشىشى، ھەرخىل مەدەنىيەتنىڭ ئۆز ئارا ئۇچرىشىشى سەۋەبىدىن، بۇ يەر ھەرقايسى جەھەتتە يۈكسەك تەرەققىي قىلىدۇ ۋە گۈللىنىدۇ. ئىقتىسادىي فورماتسىيە جەھەتتە، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلار ۋە شىنجاڭنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا تۇرمۇش كەچۈرىدىغان كىشىلەر يەنىلا چارۋىچىلىق بىلەن ئوۋچىلىقنى ئاساس قىلغان بولسا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىدىكى بوستانلىقلاردىكى خەلقلەر، دېھقانچىلىق بىلەن باغۋەنچىلىكنى ئاساس قىلغان، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلغان ئىجتىمائىي باسقۇچقا ئۆتكەن. دەل مۇشۇ مەزگىلدە، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى بوستانلىقلىرىدا تۇرمۇش كەچۈرگەن قەدىمكى ئاھالىلەر، تەدرىجىي ھالدا بۇغداي، تېرىق، پۇرچاق قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەرنى ئىستېمال قىلىپ، دانلىق زىرائەت، پۇرچاق تۈرىدىكى مەھسۇلات ۋە مېۋىلەرنى قوشۇمچە يېمەكلىك قىلىپ، ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. (The continuation of the right column flows into the left column below.)

لىق يېمەكلىك، كۆكتات، مېۋە - چېۋە ۋە بەلگىلىك نىسبەتتىكى گۆش يېمەكلىكىنى قوشۇمچە ئۇزۇقلۇق قاتارىدا ئىستېمال قىلىدىغان يېمەك - ئىچمەك قۇرۇلمىسىنى ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن.

تۇرپاننى ئالساق،خەن سۇلالىسىدىن كېيىن بولۇپمۇ ۋېي،جىن،جەنۇبىي ۋەشىمالىي سۇلالىلەر مەزگىلىدىن سۈي - تاڭ سۇلالىلىرىغىچە،تۇرپان تارىخىدىكى بىر مۇھىم تەرەققىيات باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە، يىپەك يولى تېخىمۇ راۋانلىشىشى، ئۆزئارا ئالاقىنىڭ ئۈزلۈكسىز قويۇقلىشىشى،جۈملىدىن مىللەتلەرنىڭ داۋاملىق كۆچۈپ تۇرىشى بىلەن ئوشۇلۇشىشى، ھەرخىل مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشى ۋە ئالمىشىشىغا ئەگىشىپ،بۇ يەر ھەرقايسى جەھەتتە يۈكسەك تەرەققىي قىلىدۇ ۋە گۈللىنىدۇ، ئىقتىسادىي فورماتسىيەسىمۇ دېھقانچىلىق بىلەن باغۋەنچىلىقنى ئاساس قىلغان،چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلغان باسقۇچقا ئۆتكەن. ئەلۋەتتە، تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش جەريانىدا، ئۇزاقتىن بۇيان مۇشۇ تۇپرىقتا ياشاپ كەلگەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەجدادلىرى، كۆچۈش، ئۆزگىرىش،بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ تەرەققىي قىلىشلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، بىرلىكتە شانلىق تارىخ ۋە مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىپ، ھەمدە تولۇقلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا، ئۆزىگە خاس مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگەن،يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە تېخىمۇ شۇنداق بولغان.

تۇرپان تەۋەسىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىق خارابىلىرىنىڭ تارقىلىش ۋە بايقىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تارىختا مەزكۇر زېمىندا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەر، ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى بىلەن شۇغۇلانغان مەزگىلدە، ئاساسەن گۆش قاتارلىق چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئاساسلىق ئوزۇقلۇق قاتارىدا ئىستېمال قىلىپ،دانلىق زىرائەت، پۇرچاق تۈرىدىكى مەھسۇلات ۋە مېۋىلەرنى قوشۇمچە يېمەكلىك قىلغان. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويغاندىن

كېيىن، دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان رايوندا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەر، ئاشلىق زىرائەتلىرى بىلەن كۆكتاتلار ئارقىلىق تەييارلىغان ھەرخىل يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشقا باشلىغان، بولۇپمۇ ئۇن يېمەكلىكىنى ئاساسلىق يېمەكلىك قىلغان. شۇڭا، ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش ۋە ھەرخىل يېزىقتىكى ھۆججەتلەردە يېمەك - ئىچمەككە ئائىت ئۇچۇرلا ناھايىتى مول. بۇ بايقاشلار تۇرپان تەۋەسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەك قۇرۇلمىسىنىڭ كۆپ خىللاشقانلىقى، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى ناھايىتى ياخشى بىرلەشتۈرگەنلىكى، جۈملىدىن تېخىمۇ مۇۋاپىق ۋە ئىلمىي بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

شىنجاڭ تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىشتا ئېرىشكەن ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، تەخمىنەن6000 7000 يىللار بۇرۇن، يەنە يېڭى تاش قورال دەۋرىدە، ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق بارلىققا كەلگەن(22)، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تۈگمەننىڭ دەسلەپكى شەكلى دەپ قارالغان يارغۇنچاق بىلەن سۈركەش تېشىمۇ بارلىققا كەلگەن. كېيىنچە، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىشى بىلەن زىرائەت تۈرىنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنىڭ تەدرىجىي كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، يارغۇنچاقنىڭ ئاساسىدا كىچىك تىپتىكى قولدا چۆگىلىتىدىغان تۈگمەننى كەشىپ قىلغان. شىنجاڭ تەۋەسىدە قايسى زاماندىن باشلاپ تۈگمەن ئىشلەتكەنلىكى توغرىسىدا ھازىرغا قەدەر تېخىي ئېنىق خاتىرە بايقالمىدى. ئەمما ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، تۈگمەن، شىنجاڭ تەۋەسىدە ئاساسەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن بىر مەزگىلدە پەيدا بولغان. چۈنكى تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە، نان، ھەرخىل شەكىلدىكى پىچىنە - پىرەنىك، ئۈگرە، تۈگرە، چۆچۈرە ۋە پۈرە قاتارلىق يېمەكلىكلەردىن سىرت، يەنە 1972 - يىلى، 201 - نومۇرلۇق قەبرىدىن لايدىن ياسالغان بىر گۇرۇپپا ئەمگەك قىلىۋاتقان ئاياللارنىڭ كىچىك ھەيكىلى قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ئوغۇردىكى دانلىق ئاشلىقنى ئوغۇر توقمىقى بىلەن سوقۇپ، داننى پوستىدىن ئايرىۋاتقان ھالەتتە؛ ئىككىنچىسى، ئوغۇردا سوقۇلغان دانلىق ئاشلىقنى قالاقتا سېلىپ تاسقاۋاتقان ھالەتتە؛ ئۈچىنچىسى، تاسقالغان داننى تۈگمەندە ئۇن قىلىپ تارتىۋاتقان ھالەتتە؛ تۆتىنچىسى، تۈگمەندە تارتىلغان ئۇندا يۇغۇرۇلغان خېمىرنى نوغۇچتا دۈگىلەك شەكىلدە نېپىزرەك يېيىپ، تاۋىدا پىشۇرۇۋاتقان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن(23). تۈگمەن مودېلىدىن قارىغاندا، بۇ خىل ئادەم ئىتتىرىپ چۆرۈيدىغان تۈگمەننىڭ سۈپىسى دۈگىلەك، كەڭ گىرۋەكلىكى بولۇپ، ئېگىزلىكى تۈگمەن چۆرۈۋاتقان قوتچاقنىڭ تىزىدىن ئاشىدۇ، سۈپا يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىرجۈپ دۈگىلەك تۈگمەن تېشىنىڭ ئاستى پېيى ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى گىرۋىكىگە يېقىنراق جايغا ئورنىتىلغان ئىككى تال ياغاچ ئوقىقا ئۈستى پاي مىندۈرۈلگەن، ئىككى تال ئوقنىڭ ئۇچى ئۈستى پاينىڭ تۆشۈكىدىن خېلى ئېگىز چىقىپ تۇرىدۇ، ئۈستى پاينىڭ يان تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئويۇلغان تۆشۈككە، توغرىسىغا قىلىپ ئۇزۇن ياغاچ دەستە ئورنىتىلغان. ئۇن تارتىۋاتقان ئايال قورچاق سول قولىنى ئۈستى پاينىڭ گىرۋىكىگە قويغان، ئوڭ قولى بىلەن ياغاچ دەستىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تۇتۇپ ئىتتىرىپ، ھارغىن ھالەتتە تۈگمەن چۆرۈۋاتقان(24). يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن تەرەپلەردىن شۇنى بىلىمىزكى، ئەينى زاماندا ئاشلىق زىرائەتلەر كىشىلەرنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئاشلىقنى پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىمۇ خېلى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن.

مەدەنىيەتنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى ئەزەلدىنلا ئىككى تەرەپلىك، قەدىمكى شىنجاڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش بىلەن بىرگە، يىپەك يولىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، غەربىي يۇرتتىن چىقىدىغان مېۋە -

www.uyghurkitap.com



چىۋە، كۆكتات، خۇشپۇراقلىق بۇيۇملار بىلەن ئۈزۈم ھارىقى قاتارلىق مەھسۇلاتلار، ئىلگىرى ـ كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقىلىپ كىرىپلا قالماي، بەلكى نۇرغۇن يېمەكلىكلەرمۇ يىپەك يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقىلىپ كىرىدۇ. مەسىلە، شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدە مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەن نان، غەربىي خەن سۇلالىسى مەزگىلىدىلا يىپەك يولى ئارقىلىق غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن. بۇنىڭدىن باشقا، «يۈۋ ياڭ مەجمۇئەسى» دېگەن كىتابتا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزى چاڭئەندە پولو ساتىدىغان ئاشپۇزۇللار بولۇپلا قالماي، بەلكى مەخسۇس پولو كوچىسىمۇ بار ئىدى، دەپ خاتىرىلەنگەن. ئەمەلىيەتتە، يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەنلەردىن سىرت، تارىخىي يازما مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، كاۋاپمۇ ئۆز زامانىسىدا غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن. ۋېي، جىن دەۋرلىرىگە كەلگەندە، زىخقا ئۆتكۈزۈلگەن كاۋاپتىن باشقا، «خۇپاۋرۇ (      )» دەپ ئاتالغان قېرىن كاۋىپىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن. «پۇقرالار ئۈچۈن تېرىقچىلىق دەستۇرى» دېگەن ئەسەرنىڭ 8 جىلدىدا، بۇ خىل قېرىن كاۋىپى ھەققىدە، «بىر ياشلىق قوينى سويۇپ، گۆشىنى مېيى بىلەن بىللە توغراپ، ئاندىن ئۇنىڭغا مەزلىك دورا ـ دەرمەكلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، پاكىز تازىلانغان قېرىننىڭ ئىچىگە قاچىلاپ، قېرىننىڭ ئاغزىنى چىڭ بوغقاندىن كېيىن، قىزدۇرۇلغان تونۇرنىڭ ئىچىدە بىردەم قاقلاپ، گۆشى بىر قۇر قېتىشىپ چالا پىشقاندىن كېيىن تونۇرنىڭ ئوتىنى تارتىۋېتىپ، قېرىننى قىزىق كۈلنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ پىشۇرىدۇ» دەپ خاتىرە قالدۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا، تاڭ دەۋرىدىكى راھىب خۇي لىڭنىڭ «نوملار شەرھى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 37 ـ جىلدى ھېسابلانغان «دارىنلار» دىمۇ، ئەينى زاماندا غەربىي يۇرتتىن ناندىن باشقا پولو قاتارلىق تائاملارمۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تارقىلىپ كىرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن (25). قىسقىسى، شىنجاڭدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تارقىلىپ كىرگەن زىرائەتلەر بىلەن يېمەكلىكلەر، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خەلقلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنى زور دەرىجىدە قۇۋۋەتلەپ ۋە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ ئايرىلماس قىسمىغا ئايلانغان.

جىن ـ تاڭ سۇلالىلەر مەزگىلىدىكى تۇرپاننىڭ مەدەنىيەت سەنئەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇش ۋە تەرەققىياتىنى يىغىنچاقلىغەندا، بىزگە ئايان بولغىنى شۇكى، مەيلى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى بولسۇن، ياكى ھەيكەلتىراشلىق، تاش ئويما ۋە ئابىدىلەر، خەتتاتلىق، رەسساملىق سەنئىتى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى بولسۇن، ھەممىسى دېگىدەك مىللەت ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىنى نامايەن قىلغان، ھەمدە مول مەزمۇنلۇق تارىخىي مەدەنىيەت ئاساسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۇرۇپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ ۋە تۇرمۇش كەچۈرگەن قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئەقىل پاراسىتى بىلەن ئىجادكارلىقىنى تولۇق گەۋدىلەندۇرگەن.

تۇرپان ئېلىمىزدىكى ئۆزىگە خاس روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە رايون، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، مۇشۇ مۇنبەت تۇپراقتا يۈز بەرگەن ھەرقايسى مىللەت ئارىسى، جۈملىدىن جۇڭگو بىلەن چەتئەل ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، مەزكۇر رايوننىڭ مەدەنىيەتلىك باسقۇچىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرگە، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى بىلەن تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. تۇرپان بوستانلىقىنىڭ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت ھالىتىنى شەكىللەندۇرۇش جەھەتتىكى ئامىللار ناھايىتى كۆپ، بىراق يىغىپ ئالغاندا ئاساسەن ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك مۇھىتى بىلەن قەدىمدىن تارتىپلا كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئەھۋال، جۈملىدىن ئوخشىمىغان مىللەتلەر، ئوخشاشمىغان تىل - يېزىقلارنى قوللىنىپ، ئوخشىمىغان تارىخىي باسقۇچلاردا، ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى،

تۇرمۇش ئادەتلىرىنى قوللىنىپ ۋە ئوخشىمىغان دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان، چۈنكى بۇ خىل ئەھۋال تۇرپاننىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى كۆپ مەنبەلىك تۈسكە ئىگە قىلغان. شۇڭا، تۇرپان بوستانلىقىنىڭ 4-- 10- ئەسىرلەردىكى مەدەنىيىتى شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى سۈپىتىدە، غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ ناھايىتى ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلىگەن.

## ئىزاھات:

(1) ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى:«يارغولنىڭ غەربىي غولى- 1994 1996- يىللىق ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش دوكلاتى»» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،2001- يىلى.

(2) ۋاڭ سۇ: «دۇنخۋاڭ تۇرپان ھۆججەتلىرى»29 - بەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 2002- يىلى.

(3) ۋاڭ سۇ: «دۇنخۋاڭ تۇرپان ھۆججەتلىرى» em nt 30 مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 2002- يىلى.

(4) شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى: «پىچان ناھىيىسىدىكى ياڭخې 1 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقىدىكى قېزىشتىن قىسقىچە دوكلات»» «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى » (خەنچە) 2004 - يىل 1 - سان. جەسەت ھازىر تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇقېيدا ساقلانماقتا.

(5) چى تىيەنۇىن: «جۇڭگونىڭ قەدىمكى قولىيازمىلىرىدىن تۇنۇلغان سۆزلۈكلەر توپلىمى» 74 - بەت، توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقىي ئاسىيا مەدەنىيەت تەتقىقات ئورنى،1990 - يىلى.

(6) «ۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ھۆججەتلەر» بىرىنچى توم 15 - بەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1981 - يىلى.

(7) ليۇخۇڭلياڭ (باش تۈزگۈچى): «تۇرپاندىن يېڭى قېزىۋېلىنغان مانى دىنى ھۆججەتلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات» كىرىش سۆز 1 - بەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 2000 - يىلى.

(8) ھازىر ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

(9) تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى: «بېزەكلىك مىڭئۆيى خارابىسىنى تازىلاشتىن قىسقىچە دوكلات») «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1985 - يىل 8 - سان.

(10) ليۇخۇڭلياڭ (باش تۈزگۈچى): «تۇرپاندىن يېڭى قېزىۋېلىنغان مانى دىنى ھۆججەتلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» 23 - بەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى

(11) لى تەيىۇ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن:«شىنجاڭدىكى دىنلار» 12 1 13 - بەتلەر،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1989 - يىلى.

(12) ۋۇمىڭ: «قېزىۋېلىنغان ھۆججەتلەردىن قەدىمكى قوچونىڭ يىپەك ۋە توقۇلمىچىلىقىغا نەزەر»»«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1987 - يىل 5 - سان.

(13) ۋۇمىڭ:«توقۇلما ۋە كەشتە»112 - بەت،تەيۋەن يۇشى مەدەنىيەت ئىشلىرى چەكلىك شىركىتى،1992 - يىلى.

(14) شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى،تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېي :«پىچان ناھىيە سۇبېشى قەبرىستانلىقىدىكى 3 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىق») «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (خەنچە) 991994 يىل 2 - سان.

(15) شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى قاتارلىقلار: «پىچان ياڭخې 2 نومۇرلىق قەبرىستانلىقىدىكى قېزىشتىن قىسقىچە دوكلات»» «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (خەنچە)002004 يىل1 - سان.

(16) لىن يىڭ:«پۇلنىڭ ساياھىتى ـــ ۋىزانتىيەدىن چاڭئەنگىچە» 18 ەلق گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى، 2004 يىلى.

(17)جۇ جىڭباۋ:«يىپەك يولىدىكى سەنئەتلەر توغرىسىدا تەتقىقات»6 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 991994 يىلى.

(18) «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى »1 ـ جىلد، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى (تىنىش بەلگىسى قويۇلغان نۇسخا))1977 ـ يىلى.

(19) سولمى (قەدىمكى قەراشەھەر)يېزىقى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مائىترىسىمىت » ھازىر ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

(20) قەغەز ۋە شايىلارغا سىزىلغان بۇ رەسىملەر ھازىر ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلىنماقتا .

(21) مېڭ فەنرېن:«تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ياغاچ ۋە لاي قورچاقلار»،جاۋخا باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «تۇرپاندىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان سەنئەت بۇيۇملىرى»72 ـ بەت، شىنجاڭ گۈزەل دەنئەت ـ فوتو شۇرەت نەشرىياتى،1992 ـ يىلى.

(22) يۇتەيشەن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «غەربىي يۇرتنىڭ ئومۇمىي تارىخىي»،جۇڭگو قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى،1996 ـ يىلى.

(23) ھازىر ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

(24) ئىسراپىل يۇسۇپ،ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخىي»168 ـ o مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى.

(25) شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىن خېڭ جى : «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىدىكى بىر قانچە مەسىلە»» «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى » (خەنچە) 161996 يىللىق 1 ـ سان.

(ئاپتور ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى -ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆرسەتكەن تەسىرى

يۇسۇپ ئەخمىدى

«غەربىي يۇرت» دېگىنىمىز ئاساسلىق هازىرقى شىنجاڭ رايونىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭدىن سىرت گەنسۇنىڭ غەربىي، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «غەربىي يۇرت» تا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرى ئىچىدە، قەدىمى چالغۇ ئەسۋابلار، ناخشا-مۇزىكا، مىللىي ئۇسۇللار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ناخشا، مۇزىكا ۋە ئۇسۇلدىن بىرىككەن، مۇجەسسەملەنگەن، -بېستىملاشقان، يۇرۇشلەشكەن چوڭ كۈيلەر بۇگۈنكى كۈندە بەدىئىي سەنئەت بايلىقلىرىمىزنىڭ قىممەتلىك گۆھىرى بولغان «ئۇيغۇر مۇقاملىرى» بولۇپ، دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ ئاغزاكى مەدەنىيەت جەۋھىرى، مىراسلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

قەدىمكى «غەربىي يۇرت» مۇزىكىلىرى دېگىنىمىز- «ئېۋىرغول نەغمىلىرى» (قومۇل)) «ئىدىقۇت-قوچو نەغمىلىرى» (تۇرپان)) «كۇسەن نەغمىلىرى» (كۇچار)) «سۇلى نەغمىلىرى» ( )) «ئۇدۇن نەغمىلىرى» (خوتەن)) «بېشبالىق نەغمىلىرى» (جىمسار) قاتارلىق يۇرتلاردىكى يۇرۇشلەشكەن كۈيلەرنى، ئۇسۇل مۇزىكىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆپرەك، بۇرۇنراق تارقالغانلىرى-ئېۋىرغول نەغمىلىرى، ئىدىقۇت-قوچو نەغمىلىرى، كۇسەن نەغمىلىرىدىن ئىبارەت. بۇ كۈيلەر مىلادىيەدىن ئىلگىرىلا «غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرى». «خۇ نەغمىلىرى» دېگەن ناملار بىلەن جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىغا الغان. (بۇ يەردىكى «خۇ» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ) يەنە ياپونىيە، كورىيە، جەنۇبىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىياغىمۇ تارالغان.

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخىغا نەزەر سالساق، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان بىر هادىسىنى بايقايمىز، يەنى ئىنسانلار تۈركۈملىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ئۆزلىرىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت مۇھىتىدىكى سىرلىق هادىسىلەرنىڭ سىرىنى تېخى چۈشىنىپ بولالمىغان دەۋرلەردە كۈن، ئاي، ئاسمان جىسىملىرى، تاغ-دەريا، -دەرەخ، هايۋانات قاتارلىق نەرسىلەرگە چوقۇنغان، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار ئېڭىدا ھەرخىل «ئىلاھ» لار ئوبرازى شەكىللەنگەن. مۇنداق هادىسىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى تەشكىل قىلغۇچى ئەجدادلارمۇ مۇستەسنا بولالمىغان. مانا شۇ تارىخى

www.uyghurkitap.com



دەۋرلەردە پەيدا بولۇشقا باشلىغان نۇرغۇنلىغان ناخشا ـ مۇزىكا كۈيلىرىنىڭ «سېھرى كۈچى» ئىنسانلارنىڭ ئىزدىنىش پائالىيەتلىرىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان ئىدى. باشلانغۇچ جەمئىيەتتە ئۇيغۇرلار ئوملۇشۇپ ياشاپ، ئەمگەك قىلىش، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق قىلىش جەريانىدا ناخشا ـ مۇزىكىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى شەكىللەندۇرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئېڭىدا «كۆپ تەڭرىلىك» تەسەۋۋۇرى پەيدا بولغان دەۋرلەر ناخشا ـ مۇزىكا ـ ئۇسۇلنىڭ يېڭى تەرەققىياتقا يۈزلىنىۋاتقان 2 ـ باسقۇچىنى شەكىللەندۇرگەن. يىپەك يولى سودا كارۋانلىرى پائالىيەتلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشى نەتىجىسىدە كارۋان قوشاقلىرىنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كېلىشى، بەگلىك، خانلىق ئوردا سارايلاردا ۋە ئاۋام خەلق ئىچىدە ناخشىچى، بەزمىچى، سازەندە، ئۇسۇلچى ۋە داپ چېلىپ نەغمە قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان ھاپىزلارنىڭ بارلىققا كېلىشى «غەربىي يۇرت» مۇزىكىچىلىقىنىڭ، دىرامىچىلىقىنىڭ زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە، تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان ئىدى.

تۆۋەندە نۇقتىلىق ھالدا «غەربىي يۇرت» كۈيلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قاچاندىن باشلاپ، قانداق تارقالغانلىقى ۋە قانداق تەسىر پەيدا قىلغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

مۇزىكا تەتقىقاتچىسى جاڭ شۈيشيەننىڭ نەقىل كەلتۈرۈشىچە ،مىلادىيەدىن ئىلگىرى (بۇنىڭدىن 2000 يىللار بۇرۇن) خەن سۇلالىسىنىڭ كەيىۋەن يىللىرىدىن باشلاپلا «غەربىي يۇرت»نىڭ نۇرغۇن ناخشا مۇزىكىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشقا باشلىغان. 000 سۇلالىسى دەۋرىدە يەنى (مىلادىيە 714 ـ 741 ـ يىللىرى) شى لياڭ يەنى ھازىرقى ۋۇۋېينىڭ باسقاق بېگى گەيجايۇن دېگەن كىشى ئېۋىرغول، ئىدىقۇت ۋە كۇسەن كۈيلىرىدىن بىر قىسمىنى تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئېلىپ كىرگەن. بۇ ئوردىدا مەخسۇس مۇزىكا، ناخشا ـ ئۇسۇل، تىياتىر ئۆگىنىدىغان مەھكىمە «ئوقۇتۇش يۇرتى» تەسىس قىلىنغان. «ئوقۇتۇش يۇرتى» دىكى ئۇستا مۇزىكانت لى يۈەن تالىپلىرىغا «غەربىي يۇرت» مۇزىكىلىرىنى مەشق قىلدۇرغان. ««وقۇتۇش يۇرتى» نىڭ ئاز ـ تولا ئۆزگەرتىپ پىششىقلىشى ۋە رەپتىسىيە قىلىشى نەتىجىسىدە «غەربىي يۇرت» مۇزىكىلىرى بىلەن خەنزۇ مۇزىكىلىرى ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ، سىڭىشىپ راۋان، چوڭ ناخشا ـ ئۇسۇل مۇزىكىلىرىنى تەشكىل قىلغان. «ئوقۇتۇش يۇرتى»دا جەمئىي 324 مۇزىكا بولۇپ، بۇنىڭ 46 سى چوڭ نەغمە، 16سى غەربىي يۇرتتىن كەلگەن نەغمىلەر ئىدى. بولۇپمۇ بۇ نەغمىلەر ئىچىدە «غەربىي يۇرت» نەغمىلىرى قەدىمىي پايتەختت چاڭئەنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن بۇ يەردىكى ناخشا ـ ئۇسۇل سارايلىرى، چايخانا، مەيخانىلىرىدا ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە باشقا خىزمەتچى خادىملارنىڭ تۇرلۇك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە دائىم ئوينىلىپ، ئېيتىلىپ، چېلىنىپ زور ئالقىشلارغا مۇيەسسەر بولغان ۋە ئوردا ئىچى سىرتىدا داڭ چىقارغان.

ئالىم، مۇتەپەككۇر، مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن يازغان «تاڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ ناخ ـ ئۇسۇللىرى» ناملىق كىتا كۆرسىتىلىشىچە، مىلادىيە 421 ـ يىلى غەربىي لياڭ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندا بۇ يەردىكى ئەمەلدارلار ۋە مۇزىكانتلاردىن

تاڭچى، لى باۋ قاتارلىقلار قېچىپ ئېۋىرغولغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئېۋىرغولدا 21 يىل تۇرۇپ «ئېۋىرغول نەغمىلىرى» نى توپلىغان، تەتقىق قىلغان. مىلادىيە 442-يىلى لى باۋ دۇنخۇاڭغا ۋالى بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، قايتىشىدا ئېۋىرغولدىن 10 قىسىم ناخشا-مۇزىكا، ئۈچ قىسىم ئۇسۇل ۋە ئېۋىرغول غېرجەكى قاتارلىق 11 خىل چالغۇ ئەسۋاب ۋە 30 نەپەر خەلق سەنئەتكارلىرىنى بىللە ئېلىپ كەتكەن. بۇ مۇزىكىلار دۇخاندا ئۇزاق مەزگىللەرگىچە مودا مۇزىكا، باشلامچى مۇزىكا بولۇپ قالغان.

خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى جاڭ چيەن «غەربىي يۇرت» قا ئۈچ قېتىم كەلگەن بولۇپ، ھەر قېتىم قايتىشىدا «غەربىي يۇرت» نىڭ نۇرغۇن ناخشا-مۇزىكا، ئۇسۇللىرى ۋە نۇرغۇن چالغۇلىرىنى ئېلىپ ئوردىغا قايتقان. بۇ چالغۇلاردىن پىپا( ) ئېۋىرغول غىرجەكى، سۇرناي، كارناي، داپ، بەل دۇمبىغى، قوش يۈزلۈك دۇمباق (تەبلۋاز)) تىزمانەي (سىڭ)، ئەگرى بويۇنلۇق گېتار (2014)، شاقىلداق، بۇرغا، غوڭقا، چوڭ-كىچىك مىس جاراڭ، كۆپ تارلىق قالون، چارتار قاتارلىقلارنى ۋە نۇرغۇن سەنئەتكارلارنى بىللە ئېلىپ قايتقان. ئۇيغۇر ئۇسۇللىرىدىن «ئېۋىرغول ئۇسسۇلى». «ئەتلەس كۆڭلەك». «ئۇيغۇر راھىبى ساماسى». «كۆك تۇرك سەنمى». «چىراق ئۇسسۇلى». «توخو ئۇسسۇلى». «تۆگە ئۇسسۇلى». «شىر ئۇسسۇلى»» «چىنە ئۇسۇلى»» «ئوت ئۇسۇلى» قاتارلىقلار بار ئىكەن.

غەربىي دىيار نەغمىلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تونۇشتۇرۇلۇشىدا لى باۋ، جاڭ چيەن، لۈي گۇاڭ، ياڭ جىڭشىن، گوچيلەن قاتارلىق كىشىلەر كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغان، سۇي ياڭدى (مىلادىيە 605-618-يىللىرى) دايىنىڭ 5-يىلى 6-ئايدا شى لياڭ (ھازىرقى جاڭ يى) نى كۆزدىن كەچۈرگەندە ۋەزىر خې جۈيىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان بەزمىدە، ئېۋىرغول، قوچو ئەلنەغمىلىرى ئوينىلىپ قىزغىن قارشى ئېلىنغان.

«تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2012-يىلى 1-ساندا ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق ۋە يولۋاس راشىدىن ئەپەندىلەر تەرجىمە قىلىپ تەھرىرلىگەن 25-بەتتىكى «قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» ناملىق ماقالىنىڭ 31-بېتىدە كۆرسىتىلىشىچە ئوتتۇرا ئەسىردە «غەربىي يۇرت» مۇزىكىسى ئوتتۇرا ئىقلىمدىمۇ ئالاھىدە ئالقىشقا نائىل بولغان. 6-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا شىمالى جۇ سۇلالىسىنىڭ ۋۇدى خانىنىڭ تۈرك خانىشى گانىيە (يەنى سەمەرقەندتە ۋە ئۇنىڭ شىمالىدىكى قوشنا رايونلاردا) كۈينى چالىدىغان «غەربىي يۇرت» چالغۇچىلىرىنى جۇڭگوغا ئېلىپ كەلگەن. مىلادىيەنىڭ 636-يىلى تاڭ قۇشۇنى قوچوغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، مەركىزى ھاكىمىيەت كىشىلىرى قوچو كۈيلىرىگە دىققەت قىلىشقا باشلىغان ۋە قوچودىن 14 كىشىلىك سازچىلارنى جۇڭگوغا چاقىرتقان. ئومۇمەن ئېيتقاندا ئوتتۇرا ئاسىيا مۇزىكىسىنىڭ جۇڭگوغا بولغان تەسىرى سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە ناھايىتى زور بولغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ زور بولغان.

«غەربىي يۇرت» مۇزىكىلىرىنىڭ ئىچكى رايونلارغا تارقالغانلىقىغا ئائىت ئەمەلىي مىسالار ناھايىتى كۆپ.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان شائىرلار «غەربىي يۇرت» نەغمىلىرى ۋە

www.uyghurkitap.com



ئۇسسۇللىرىنى مەدھىيەلەپ شېئىر يازسا، بەزىلىرى ئۇنىڭغا يېڭى تېكىستلەرنى يازغان، بەي جۇ يى يازغان بىر تېكىست مۇنداق:

«چېكىلگەن تارىلاردىن مۇڭ چىقار ھەر نەغمىسى ئەلۋەك،
ئۇنىڭ خۇ نەغمىسى بىرلە، سۆز مەنىسى بىردەك».

ۋاڭ جيەن «قەسىر نەزمىسى» ناملىق «شياڭ دىياۋ»ۋەزنىدە مۇنداق يازغان:

«نەيچە ھەم پەي تارىلىق سازلار تەڭكەش بولۇپ،
بۇنداق شاڭ دىياۋ ۋەزنىدە ئوينالدى ئىپۇرغول كۈيلىرى»
«ئوينىشى ئۇنىڭ ئىپۇرغول ئۇسسۇلى تېز پىقراپ،
چۆشمىدى باشتىكى گۈل سېرىلىپ يەرگە قاراپ».

تىيەنباۋنىڭ 13-يىلى ئۈگلۈك توپىلىڭىدىن كېيىن چاڭئەنگە قايتقان تاڭ شۆەنزۇڭ غەربىي دىيار ناخشا-ئۇسسۇللىرىنىڭ نامىنى بىر تۇتاش خەنزۇچە نامغا، تېكىستلىرىنى تاڭنىڭ خەنزۇچە تېكىستلىرىگە ئۆزگەرتىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. بۇ چاغدا ئۇيغۇرچە 5-7 بوغۇملۇق تېكىستلەر كالتە كەلگەچكە، سوزۇش، قايتىلاش ئاھاڭ تولۇقلىغۇچى قوشۇمچە ئاۋۇشلارنى قوشۇش ئارقىلىق گارمونىيەلەشتۈرگەن ۋە ئۆزۈن مىسرالىق تېكىستلەر كۆپلەپ كىرگۈزۈلگەن.

ئەينى ۋاقىتلاردا دۈنخۇاڭ قومغارلىرىدىن تېپىلغان غەربىي دىيارغا ئائىت بەزى تېكىستلەردە مۇنداق مىسرالار ئۇچرايدۇ:

«چالسا ماش رەڭ پەنجىرە ئىچىدە ئىپۇرغول نەغمىسىنى،
مەست قىلار قىزىل تاۋار مەيخانىدا مەي ئەھلىنى.»
«ئاي راۋاق ئۈستىدە بەگزادە كۆكۈل ئاچتى شۇئان،
«چى قىز كۈيلەپ، ئىپۇرغول نەغمىسىنى قىلدى بايان.»
«چۆلسىرەپتۇ، ئاڭلىماق تەس بوپتۇ قۇش ئاۋازىنى،
ئىككى كۆزدىن ياش ئاقار تىڭشاپ ئىپۇرغول سازىنى.»

19-ئەسىرنىڭ بېشىدا دۈنخاڭ قومغار مىڭئۆيلىرىدىن تېپىلغان «غەربىي يۇرت»» «بەرباپ نوتىسى» دېگەن كىتاپ ئىچىدە 16-24-كۈيلەر ئىپۇرغول، ئىدىقۇت مۇزىكا نوتىلىرى بولۇپ چىققان. بۇ مۇزىكا نوتىلىرى ھازىرقى نوتىلارغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان بولغاچقا، شاڭخەي مۇزىكا نەشرىياتىنىڭ مۇزىكا پروفېسسىرلىرى بۇ نوتىلارنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ھازىرقى نوتىلارغا تەرجىمە قىلغان. بۇ قەدىمكى ئاھاڭ نوتىلىرى ھازىر شاڭخەي مۇزىكا نەشرىياتىدا ساقلانماقتا.

تارىخقا ھۆرمەت قىلىش، تارىخى مەدەنى مىراسلارغا ھۆرمەت قىلىش-ھەرقانداق تەتقىقاتچىنىڭ، جۈملىدىن مەدەنىيەت-سەنئەت تەتقىقاتىنىڭ قىل سىغمايدىغان ئالدىنقى شەرتىدۇر.

قەدىمكى ناخشا-مۇزىكا تەتقىقاتىدا پاكىتلار ئاساسىدا دەلىللەش،«مۇزىكا، ئاھاڭ»دىن ئىبارەت بۇ «مەركەز» ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلما قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش، تونۇش ھەممىدىن مۇھىم. قىزىش-توپلاش، تولۇقلاش، رەتلەش، سېلىشتۇرۇش، ئۆلچەمگە، قېلىپقا سېلىش ئارقىلىق تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەندە، مۇقاملارنى-خەلق ناخشا-مۇزىكىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا ۋارىسلىق قىلدۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز. شۇنداق قىلغاندا«قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، كونىدىن يېڭىنى يارىتىش»فاڭجېنىنى ھەقىقىي ئەمەلىلەشتۈرگىلى،سەنئەت تەتقىقاتىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق مۇكەممەل ماتېرىياللار بىلەن يېڭى ئۆزۈك ئاساسىغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

(ئاپتور: قومۇل سەنئەت ئۆمىكىنىڭ پېنسيونېرى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى پۇللار

مۇھەممەد تۇراپ

(1)

مىلادىيە 866-يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى بۆكە تېگىن قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقىنى قۇرۇپ، ئۇيغۇرلار تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ـ چتى. ئۇنىڭ ئاستانىسى تۇرپاندىكى قوچو شەھىرى (هازىرقى تۇرپاندىكى ئىدىقۇت قەدىمكى ەھىرى)دۇر، ئىككىنچى ئاستانىسى هازىرقى سانجى ئوبلاستىنىڭ گۇچۇڭ ناھىيەسىدىكى بېشبالىقتا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ زېمىن )ەۋلىكى شەرقتە قومۇلدىن غەربتە ئاقسۇنىڭ مۇزات داۋىنىغىچە تۇتاشقان. «شىنجاڭنىڭ ئومۇمى تارىخى» ناملىق كىتاپتا: قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقى 9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە غەرپكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، تۇرپان ۋە بېشبالىق (بۇگۇنكى جىمسار) نى مەركەز قىلىپ فېئوداللىق يەرلىك هاكىمىيەت قۇرغانلىقى ۋە «قوچو ئۇيغۇر ئېلى » 014 ئاتالغانلىقى، ئارسلان ئۇيغۇرلىرى، لياۋ، سۇڭ سۇلالىلىرى بىلەن كۆپ قېتىم بېرىش-كېلىش قىلغانلىقى، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىدىن دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىگە ئۆتكەن مۇھىم تارىخي مەزگىلدە تۇرغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دېھقانچىلىق، J ۋىچىلىق، قول هۈنەرۋەنچىلىك، كانچىلىق ئىشلىرى مىسلىسىز دەرىجىدە راۋاجلانغان. كانلاردىن تۆمۈر رودىسى، نوشۇدۇر، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قەلەي قاتارلىقلار قېزىۋېلىنغان. قول هۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىدىن پاختا، يۇڭ، يىپەك، كاناپ توقۇلما بۇيۇملىرى بىلەن ئوقدان، ئۆتۈك، ئىگەر-جابدۇق قاتارلىق كۆن-خۇرۇم بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن داڭ چىقارغان. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول هۈنەرۋەنچىلىكنىڭ زور دەرىجىدە راۋاجلىنىشى سودا سېتىق ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئاستانىسىدە ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشى ۋە سودا قىلىشى ئۈچۈن ئۇيغۇر مەھەللىسى قۇرۇپ بەرگەن. قوچو ۇيغۇر خاندانلىقى ئوردىسى هەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم 400 دىن ئارتۇق ئەلچى ۋە سودا كارۋانلىرىنى ئەۋەتىپ قاشتېشى، ئۈنچە مەرۋايىت، كەھرىۋا، نوشۇدۇر، ماتا، ئەنشى مەشۈتى، يۇڭ، چەكمەن قاتارلىق ئەتىۋارلىق تاۋارلارنى شاڭجىڭ (هازىرقى ىچكى موڭغۇلنىڭ جاۋۇدا ئايمىقىدىكى بارىنسول خۇشۇنۇ) غا ئاپىرىپ ساتقان. نۇرغۇن ئاتلارنى لوياڭ ۋە كەيفېڭ قاتارلىق جايلاردا ساتقان بولۇپ، ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىمدا 24 مىڭ تۇيا سودىسى قىلىنغانلىقى مەلۇم.

قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقى دەسلەپتە تۈرك يېزىقىنى، كېيىن سوغدى يېزىقى ئاساسىدىكى 400ىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىجاد قىلىپ قوللىنىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور دەرىجىدە يۈكسەلدۈرگەن. 9-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 10-ئەسىرگىچە بولغان ئارلىقتا قوچو ۇيغۇر خاندانلىقى راسا گۈللەنگەن دەۋر بولۇپ، سودا سېتىق ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن شەكلى يۇملاق، چاسا تۆشۈكلۈك مىس پۇل

www.uyghurkitap.com


قوْيۇپ تارقىتىپ ئەينى ۋاقىتتىكى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىگەن. قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقى قۇيغان پۇلنىڭ دىئامېتىرى 20 - 21 مىللىمېتىر، تۆشۈكى 5 - 5.5 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 2.25 - 2.3 گىرام كېلىدۇ. بۇ خىل مـ3 2ۇلدىن ئىككى خىل پۇل قۇيۇلغان بولۇپ، بىر خىلىنىڭ ئوڭ يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسى قېلىن، چۆرىسى نېپىز، شەكلى ھورنانغا ئوخشايدۇ. پۇلغا سوغدى يېزىقى ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭغا «مۇقەددەس يارلىقىقا ئاساسەن ئوبروت قىلىنىدۇ» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. يەنە بىر خىلىنىڭ ئىككى يۈزىدە سوغدى يېزىقى ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى بولۇپ، ئوڭ يۈزىدە «كۆل بىلگ ئۇيغۇر تەڭرى خاقان» دېگەن خەت، تەتۈر يۈزىگە «پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە يۈرسۇن» دېگەن 3 2 چۈشۈرۈلگەن. 1990-يىللارنىڭ ئالدىدا تۇرپان، جىمسار قاتارلىق جايلاردىن بۇ خىل پۇلدىن جەمئىي 12 دانە قېزىۋېلىنغان بولۇپ، بۇ پۇللارنىڭ قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ۋيۇلغانلىقىدا شەك يوق، بىراق، قايسى يىلى 99 قۇيۇلغانلىقىغا دائىر ئېنىق مەلۇمات ۋە ئارخېئولوگىيەلىك ئىسپات تېخى تېپىلمىدى.

قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ پۇللىرى روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە مىللىي خاسلىققا ئىگە بولۇپ، تارىختا قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ۋە ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنىڭ كۆلەملەشكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

(2)

تۇرپان قەدىمكى «يىپەك يولى» نىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرق بىلەن غەرپنىڭ سودا، مەدەنىيەت، تېخنىكا ئالماشتۇرۇش مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىن يېقىنقى زاماندىكى چىڭ سۇلالىسى زامانىسىغىچە بولغان ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا دۇنيا مەدەنىيەت غەزىنىسىگە ئاجايىپ ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئارخېئولوگلىرى تۇرپاندىكى «يارغول» «ئىدىقۇت» «بىزەكلىك مىڭئۆي» «تۇيۇق مىڭئۆي» «قاراغوجا قەدىمكى قەبرىستانلىقى» «ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى» قاتارلىق تارىخىي ۋە مەدەنىي يادىكارلىق ئىزلىرىدىن قەدىمكى تۇرپان پۇللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك يادىكارلىقلارنى قېزىۋالدى. ھازىر بۇ يادىكارلىقلار ئېلىمىز ۋە چەت ئەل موزېيلىرىنى بېيىتىپ تۇرماقتا. تۇرپاندىن يەنە «ۋۇجۇ» ۋە «كەييۈەن»» «باۋچەن» دېگەن خەنچە مىس پۇللارمۇ تېپىلغان.

يېگورى 19-ئەسىردە تۇنجى قېتىم تۇرپانغا كەلگەن ياۋرۇپالىق بولۇپ، دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن پېتىربورگ (لېنىنگراد) شەھىرىدە نەشر قىلىنىدىغان «باغۋەنچىلىك ئىلمى» ژۇرنىلىدا شىنجاڭدىن ئېلىپ بارغان ئۈسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرىنى تونۇشتۇرغان. ئۇ 1878-يىلى ئىككىنچى قېتىم رۇسىيە مەسلەھەتچىل قىسمىنىڭ كاپىتان دەرىجىلىك ئوفىتسېرى سۈپىتىدە چارلاشقا كەلگەندە، قەشقەردىن تۇرپانغىچە بارىدىغان يولنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ماقالە يازغان. شۇ يىلى 11-ئايدا ئۇ تۇرپاندا كۆپلىگەن قاچا-قۇچا پارچىلىرى ۋە بەزى رەسىملەرنى كۆزدىن كەچۈرگەن ھەم توپلىغان. ئىدىقۇت شەھەر خارابىلىقلىرىنىڭ شەكلى ۋە كۆلىمىنى رەسىمگە تارتىپ خەرىتىسىنى سىزغان ھەم ئىدىقۇت شەھىرى خارابىلىقىنى قەدىمكى رىم شەھىرىگە ئوخشاتقان. ئۇنىڭ «شىنجاڭ ئۈسۈملۈكلىرى ئەۋرەشكىلىرى» توغرىسىدىكى ماقالىلىرى 1880-يىلى 26-سان «پورتمان جۇغراپىيە ئايلىق مەجمۇئەسى» ۋە «تۇرپان تەكشۈرۈش خاتىرىسى»» «تۇرپان» ناملىق رۇسچە

مەجمۇئەلەردە تونۇشتۇرۇلغان. 1904 - يىلى گېرمانىيەلىك ۋون. لىكوك باشچىلىقىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش ئەترىتى شىنجاڭغا كەلگەن. ۋون. لىكوك 1905 - يىلى ئۆكتەبىردە «ئىدىقۇت قەدىمكى شەھەر خارابىلىقى» «بېزەكلىك مىڭئۆيى» قاتارلىق يادىكارلىق ئىزلىرىدىن ھەر خىل تىل - يېزىقتىكى پۈتۈكلەر، پۇل ئەۋرىشكىلىرى، پۇل، تاش ئويمىلار، تام رەسىملەر ۋە باشقا مەدەنىيەت سەنئەت بۇيۇملىرىنى قېزىۋېلىپ، 200 ساندۇققا قاچىلاپ بېرلىنگە ئېلىپ كەتكەن. 1928 - يىلى ئېلىمىز ئالىمى ۋە ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى تۇرپاندىن بىر دانە مىس پۇلنى سېتىۋالغان. مەزكۇر پۇل مىستىن قۇيۇلغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا يۇمىلاق چاشا تۆشۈكى بار پۇلدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ دىئامېتىرى 25.1 مىللىمېتىر، قېلىنلىقى 4 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 12.5 گىرام بولۇپ، سائەت ئىستىرىلكىسىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە «گاۋچاڭ جىلى (高昌吉利)، قوچو ئېلى» دېگەن خەنزۇچە خەت چۈشۈرۈلگەن. يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، مەزكۇر پۇل ئەسلىدە «قاراغوجا قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دىن قېزىۋېلىنغان ئىكەن. خۇاڭ ۋېنبى بۇ پۇلنى «قوچو» نامىدا ئاتالغانلىقى ئۈچۈن چوقۇم قوچو بەگلىكى » ۋرىدە قۇيۇلغان دەپ ھېساپلىغان. 1970 - يىلى 10 - ئايدا شىئەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇپ تەرىپىدىكى خېجاسۇن كەنتىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەئەللۇق مىڭ داندىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقى قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە «قوچو ئېلى» خەتلىك بىر دانە مىس پۇل بار بولۇپ» پۇلنىڭ دىئامېتىرى 26 مىللىمېتىر، تۆشۈكىنىڭ دىئامېتىرى سەككىز مىللىمېتىر، قېلىنلىقى تۆت مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 10 گىرام كېلىدۇ. سەنشى ئۆلكىلىك موزېيدىكى چېن زۇڭشاڭ مەزكۇر پۇلنى «مىلادىيە 640 - يىلدىن بۇرۇن قوچو ئېلى قۇيغان» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

1973 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق موزېيى بىلەن غەربىي شىمال ئۇنىۋېرستېتى قانۇن فاكولتېتى ئارخېئولوگىيە كەسپىي سىنىپى بىرلىشىپ،«ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دىن «قوچو ئېلى» خەتلىك بىر دانە مىس پۇلنى قېزىۋالغان. 1982 - يىلى سەنشى ئۆلكىلىك توڭچۈەن شەھىرىدىكى جو كۈنمىڭ دېگەن كىشى دۆلەتكە «قوچو ئېلى» خەتلىك بىر دانە مىس پۇلنى تەقدىم قىلغان بولۇپ، دىئامېتىرى 26.7 مىللىمېتىر، قېلىنلىقى 3.5 مىلىمېتىر، ئېغىرلىقى 12 گىرام كېلىدۇ. بۇ پۇل ھازىر توڭچۈەن شەھەرلىك موزېيدا ساقلانماقتا.

1950 - يىللاردىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى 1959 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە تۇرپاندىكى «قاراغوجا ئاستانە قەبرىستانلىقى» ئۈستىدە ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ 400 دىن ئارتۇق قەدىمكى قەبرىنى تەكشۈرۈپ ۋە قېزىپ، 400 - چەك، يىپەك، يۇڭ - پاختا توقۇلمىلار، مەڭگۈ شلار، قونچاق، سىزما سۈرەتلەر، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى، مېۋە - چېۋىلەر، پېرسىيەنىڭ كۈمۈش پۇللىرى ۋە شەرقىي رىمنىڭ ئالتۇن پۇلى قاتارلىق قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىۋالغان.

دېڭ فۇباۋ ۋە خۇاڭ ۋېنبى قاتارلىقلار قوچو ئېلى مىس پۇلىنىڭ قۇيۇلۇش شەكلىگە قاراپ يۈەن سۇلالىسىنىڭ مىس پۇلى دەپ ھېساپلىغان. كۆپ ساندىكى ئالىملار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىقىنىڭ كۈي جەمەتىدىن بولغان قوچو خانىغا ۋاكالىتەن قۇيدۇرغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت نامىدىكى پۇلى ياكى خاتىرە پۇلى دەپ قارايدۇ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت نامىدىكى پۇلى دېگەننى تەكىتلىگۈچىلەردىن شاڭخەي كېمەسازلىق زاۋۇتى، «مىس پۇللار دوستى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى يۈي لۇلياڭ بار. 1985 - يىلى سەنشى لوڭچۈەن شەھىرىدە قوچو ئېلى پۇلىنى دۆلەتكە

www.uyghurkitap.com



ھەدىيە قىلغۇچى جوكۇننىڭ «ئىچكى موڭغۇل پۇل مۇئامىلىسى» ژۇرنىلىنىڭ 4 - سانىدا «قوچو بەگلىكىنىڭ قەدىمكى پۇلى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغان، ئۇنىڭدا «قوچو ئېلى پۇلىنىڭ ئەۋلاددىن - ئەۋلادقا قالغىنى ئىنتايىن ئاز، ئۇ ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك بايلىق. بۇ پۇلنى ئىدىقۇت ئېلىنىڭ قۇيدۇرغان - قۇيدۇرمىغانلىقىغا كەلسەك، بۇرۇندىن ھازىرغىچە تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆز نىشى ئوخشاش ئەمەس، قوچو ئېلى پۇللىرى توغرىسىدا تالاش تارتىش توختاپ قالمىدى، بۇ ھەقتە ئېنىق بىر نەرسە دېيىش تەس» دەپ قارايدۇ. شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە تەتقىقات ئورنىدىكى لو جەنشېڭ يۇقىرىقى پىكىرلەرگە قوشۇلمايدۇ. ئۇ «ئىچكى موڭغۇل پۇللىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان ««وچو ئېلى ۋە قوچۇ پۇلى توغرىسىدا قوشۇمچە تولۇقلىما» دېگەن ماقالىسىدا: «قوچو ئېلى پۇلىنىڭ قەدىمكى پۇل ئۇسلۇبىغا ئىگە، ياسىلىشى ئىنتايىن نەپىس بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئۇنى شىمالىي ۋېي ياكى سۇي سۇلالىسى قوچو ئېلىنىڭ پادىشاھىغا قۇيۇپ بەرگەن خاتىرە پۇل»دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. «جۇ نامە. قوچو تەزكىرىسى» ناملىق ئەسەردە: « - خىراجەت تۆلەش ئۈچۈن، كۈمۈش ئېلىناتتى، كۈمۈش يوقلاردىن ماتا ئېلىناتتى» دېيىلگەن. «ۋېينامە» ناملىق ئەسەردە: «36 بەگلىك مەزگىلىدە يىپەك سېتىۋېلىشتا خام بوز تۆلىنەتتى، يىلىگە گىلەم تۆلىنەتتى، تۆگىگە تۆگە تېگىشەتتى» دېيىلگەن. يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان بايانلار قوچو ئېلىدە ئىراندا ئۆتكەن ساسانىيلار سۇلالىسىگە تەۋە بولغان كۈمۈش پۇللارنىڭ ئوبروت قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بىراق تۆۋەندىكى مەلۇمات «قوچو ئېلى پۇلى يۈەن سۇلالىسى ياكى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى قوچو ئېلى پادىشاھىغا قۇيۇپ بەرگەن خاتىرە پۇل»دېگەن ھۆكۈمنى ئىنكار قىلىپ،«قوچو ئېلى ئۆز ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ قۇيغان خاتىرە پۇل» ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

ۋاڭ يەندېنىڭ «ئىدىقۇتقا ساياھەت قىلىش خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە: «ئىدىقۇتتىن بۇلغۇن، پاختا، كەشتىلەنگەن رەخت چىقىدۇ، ئادەملىرى سۇمباتلىق، پاكىزە، قولى ئەپچىل، ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈر ۋە قاشتېشىدىن ھەر خىل سايمانلارنى ياسايدۇ، قار يامغۇرى ئاز، ھاۋاسى ئىسسىق، ئۆي - ئىمارەتلىرى ئاپئاق ھاك بىلەن ئاقارتىلغان، تەڭرىتاغدىن ئېرىپ چۈشكەن قار سۇلىرى بىلەن سۇ ئامباردىن پايدىلىنىپ زىرائەت تېرىيدۇ، بۇ بەگلىكتە 50 نەچچە ئورۇندا بۇددا ئىبادەتخانىسى بار، ياغاچتىن ياسالغان پەشتاقلار ۋە راۋاقلار كۆپ» دېيىلگەن. ئەمدى مەزكۇر پۇلدىكى «گاۋچاڭ جىلى» (高昌吉利) دېگەن خەتكە كەلسەك، گاۋچاڭ دېگەن خەت «قوچو» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «جىلى» دېگەن سۆزنىڭ قۇتلۇق، بەختلىك، خەيرلىك، سائادەتلىك، باياشاتلىق دېگەن مەنىنى بىرىدىغانلىقى ئېنىق. شۇنداق بولغاچقا، مەزكۇر پۇلنى قوچو پادىشاھى ئەينى زاماندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر بىلەن بولغان ئىنتايىن نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك خاتىرە كۈنى ياكى تارىخىي ۋەقەنى خاتىرلەش يۈزىسىدىن قۇيغان. بەزىلەردە: مەزكۇر پۇلغا نېمە ئۈچۈن خەنزۇچە خەت چۈشۈرۈلگەندۇ؟ دېگەن تونۇشنىڭ پەيدا بولۇشى ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋال. بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيىش ئۈچۈن، يەنىلا قەدىمكى زاماندىكى خەنچە تارىخىي كىتاپلارغا مۇراجەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى». «جۇ تارىخى». «كونا تاڭنامە» قاتارلىق قەدىمكى خەنچە كىتاپلارنىڭ تۇرپان توغرىسىدىكى بايانلىرىنىڭ ھەممىسىدە «ئىدىقۇتتا خۇاشيا (خەنزۇلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ نامى) يېزىقى قوللىناتتى، خور (ئۇيغۇر) لار ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ تىلىدا ئوقۇيتى» دەپ قەيت قىلىنغان. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ

«ئۇيغۇر» دېگەن سۆزگە بەرگەن تەبىردىمۇ، تۇرپاندا ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلارنىڭ يېزىقىغا ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقى بارلىقى، ئۇلار ئوردا خەت-چەكلىرىنى شۇ يېزىقتا يازىدىغانلىقىنى ئېنىق ئەسكەرتكەن.

دېمەك، «قوچۇ ئېلى پۇلى» نەپىس ئىشلەنگەن مىس پۇل بولۇپ، ئۇنىڭ قېلىن، ئېغىر، سانىنىڭ ئىنتايىن ئاز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى قوچو ئېلى پۇلىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر بىلەن قوچو بەگلىكىنىڭ دوسلۇقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان پۇل ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ مەلۇم سىياسى ئەھمىيتى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بىراق ھازىرغىچە قوچو ئېلى پۇلىنىڭ قۇيۇلغان يىلى ئۇستىدە ئېنىق يەكۈن چىقىرىلمىدى. ئالىملارنىڭ ۋە پۇل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىپ يەكۈن چىقىرىشىنى كۈتمەكتە.

(3)

قوچو – غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى بەگبالىقلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇرپان ۋىلايىتى تەۋەسىگە جايلاشقان. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قەدىمكى غۇز قەبىلىسى بۇ يەردە خان ئوردىسى تەسىس قىلغان. خەن، ۋېي، جىن سۇلالىرى مەزگىلىدە بۇ يەر «قوچو قەلئەسى» دەپ ئاتالغان ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىنگۇەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرلىرى (مىلادىيە 5 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى) غىچە قوچو ئېلىنىڭ نامى قىلىنغان. گۈللەنگەندە زېمىنى شەرقتە دۇنخۇاڭغىچە، غەرپتە كۇسەنگە، جەنۇپتا لوپنۇر كۆلى، شىمالدا تەڭرىتاغنىڭ ئېتىكىگىچە تۇتاشقان. قوچو – جۇڭگو بىلەن غەرپ قاتنىشىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ شانلىق مەدەنىيەت تارىخى ھىندىستان، ئىران، ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى مەدەنىيەتلەر بىلەن ئۆزئارا قوشۇلۇپ كەتكەن. جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى (مىلادىيە 460 - يىلدىن 640 - يىللىرى) گىچە قوچو ئېلى قاراغوجا شەھىرىنى ئاستانە قىلغان بولۇپ، شەرقتە قۇمۇل ئارقىلىق خېشى كارىدورىغا تۇتاشقان. غەربىي شىمالدا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئۈچىنى بويلاپ ماڭغاندا بىۋاستە ئىلىغا بارغىلى، غەربىي جەنۇبتا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ ماڭغاندا بۈگۈر ۋە ئاقسۇغا بارغىلى، يەنە جەنۇبتا قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتكەندە كرورانغا بارغىلى بولغان. يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي يولىدا خوتەن ۋە سۇلىغا بارغىلى بولغان. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتاپنىڭ 1 - قىسىم 254 - بېتىدە: قوچودىن ئاشلىق، پاختا، ئۈزۈم، قوغۇن - تاۋۇز قاتارلىق مېۋىلەر كۆپ چىقىدىغانلىقى، قول سانائىتى خېلى راۋاجلانغان بولۇپ، خەلق ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر ۋە قاشتېشى بۇيۇملىرىنى ياساشقا ناھايىتى ماھىر ئىكەنلىكى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. قوچو ئېلىدە دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشى پۇلنىڭ قۇيۇپ تارقىتىلىشىغا سەۋەپ بولغان. بۇنىڭ بىلەن سودا سېتىق راۋانلىشىپ، خەلق تۇرمۇشى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى زور دەرىجىدە يۈكسىلىپ، قوچو ئېلى مىس پۇلنى قۇيۇپ ئوبروت قىلغان. مىلادىيە 640 - يىلى تاڭ سۇلالىسى قوچو ئېلىنى يوقاتقاندىن كېيىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن توڭباۋ خەتلىك مىس پۇلىمۇ قوچو رايۇنىغا ئېقىپ كىرىپ ئوبروت قىلىنغان. ھۆكۈمەت 692 - يىلى قوچو خانلىقى ئۆزى قۇيۇپ تارقاتقان «قوچو ئېلى مىس پۇلىنىڭ بىر مىسقىلى (بىر دانىسى) 32 مىسقال كەييۈەن توڭباۋ خەتلىك مىس پۇلغا تەڭ» دەپ بەلگىلىگەن. قوچو ئېلىنىڭ مىس پۇلى قوشۇمچە پۇل بولۇش رولىنى ئوينىغان بولۇپ، ئۇ

www.uyghurkitap.com



كۆي جەمەتى زامانىسىدىكى قوچو خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قۇيۇپ تارقىتىلغان. كۆي جەمەتى ھۆكۈمرانلىق قىلغان قوچو خانلىقىنىڭ مىس پۇللىرى توغرىسىدىكى خەت چەكلەر كۆي جەمەتىدىن بولغان قوچو خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى يەنشو يىللىرىدا بارلىققا كەلگەن. قوچو ئېلىنىڭ مىس پۇلى كۆي جەمەتىدىن بولغان قوچو خانلىقى قۇيۇپ تارقاتقان قوشۇمچە پۇل بولۇپ، قىسقا ۋاقىت ئوبروت قىلىنغاندىن كېيىن پۇل سىستېمىسىدىن چېكىنىپ چىققان.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن چيەنلۇڭ زامانىسىدا بەزى پۇل ھەۋەسكارلىرى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى خەنزۇچە خەتلىك «قوچو ئېلى» مىس پۇلنى ئاۋال بايقاپ، ئىچكىرىگە ئېلىپ كەتكەن. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە نۇرغۇنلىغان 2014 - غەرب ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۇرپانغا كېلىپ، قەدىمكى شەھەر ۋە قەبرىلەرنى قېزىش ھەم - ئەتىقە بازارلىرىدىن سېتىۋېلىش ئارقىلىق بىر قىسىم «قوچو ئېلى» مىس پۇلغا ئېرىشكەن. بۈگۈنكى كۈندە بۇ خىل پۇللار ئەنگلىيە، روسىيە، ياپونىيە ۋە ھىندىستان قاتارلىق ئەللەرنىڭ مۇزېيلىرىدا ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىۋاتىدۇ. ئېلىمىزنىڭ لۈشۈن مۇزېيىدا قوچو ئېلىنىڭ ئۈچ دانە مىس پۇلى ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، بۇ پۇل ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىدىن جۇ رۈيچاۋ (تاجىۋا نازىچاۋ) قاتارلىقلار تۇرپاندىن ئېرىشكەن (وچۇ ئېلى مىس پۇلىنىڭ بىر قىسمى ئىكەن.

1928 - يىلى ئېلىمىز ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى تۇرپاندىن «قوچو ئېلى» دېگەن خەنزۇچە خەت چۈشۈرۈلگەن بىر دانە مىس پۇلنى بايقىغان. 1970 - يىلى شىئەننىڭ خېجاسۇن كەنتىدىن «قوچو ئېلى» دېگەن خەنچە خەت چۈشۈرۈلگەن بىر دانە مىس پۇل قېزىۋېلىنغان. 1973 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيە خىزمەت ئەترىتى تۇرپاندىكى ئاستانە قەبرىستانلىقىنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش داۋامىدا قەدىمكى زاماندىكى ھۆكۈمەت خەت چەكلىرى ۋە خۇسۇسىي خەت چەكلەر، پۇللار، يىپەك، كەندىر، پاختا، كەشتە بۇيۇملار، يۇڭ تۇقۇلما بۇيۇملار، شايى، تام رەسىملىرى، تۇرلۇك رەڭلىك لاي ھەيكەللەر، ساپال بۇيۇملار، ياغاچ ئەسۋابلار، لاكلانغان ساپال بۇيۇملار، تۆمۈر ئەسۋاپلار، تاش ئەسۋاپلار، تۇرلۇك مېۋىلەر ۋە ئۇندىن ياسالغان پېچىنە - پىرەنىكلەر تېپىلغاندىن باشقا يەنە، 519 - نومۇرلۇق قەبرىدىن جەسەتنىڭ ئاستىغا قىستۇرۇپ قويۇلغان «قوچ ئېلى» دېگەن خەنزۇچە خەتلىك بىر دانە مىس پۇل قېزىۋېلىنغان. بۇ پۇلنىڭ دىئامېتىرى 2.6 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.35 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 12.5 گىرام كېلىدۇ. بۇ پۇل ھازىر بېيجىڭ تارىخىي مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ قەبرىدىن يەنە تاڭ سۇلالىسى «جېنگۇەننىڭ 16 - يىلى (مىلادىيە 642 - يىل)» دېگەن بىر دانە قەبرە تېشى قېزىۋېلىنغان. بۇ قەبرە تېشى بىزنىڭ بۇ پۇلنىڭ قۇيۇپ تارقىتىلغان ۋاقتىنى ئېنىقلىشىمىزغا ياردەم بېرىدىغان مۇھىم تارىخىي پاكىت ھېساپلىنىدۇ. تۇرپان ئاستانىدىكى 519 - نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان جېنگۇەننىڭ 16 - يىلى دېگەن قەبرە تېشىدىن «قوچو ئېلى» خەتلىك مىس پۇلنىڭ مىلادىيە 642 - يىلى قۇيۇپ تارقىتىلغانلىقىنى جەزملەشتۈرگىلى بولىدۇ. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»›: ئىدىقۇتتا باج يىغىشتا كۈمۈش پۇل ئېلىناتتى دېيىلگەن. 1955 - يىلى ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدىن ئۈچ تۇركۈمدە پېرسىيە ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ 20 دانە كۈمۈش پۇلى قېزىۋېلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدىن بىر تەرەپتىن قوچۇنىڭ تاشقى سودىسىنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققى قىلغانلىقىنى،

يەنە بىر تەرەپتىن پېرسىيە كۈمۈش پۇلىنىڭ بۇ ئەلدە باج تۆلەشنىڭ ئاساسى قىلىنغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. 2004-يىلى 10-ئايدا تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىدارىسىنىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، تۇرپان شەھىرى ئاستانە يېزىسى تەۋەسىدىكى بادام قەبرىستانلىقىدىن 82 قەبرىنى قازغان. بۇ قەبرىلەردىن 10 دانە قەبرە تېشى قېزىۋېلىنغان بولۇپ ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي خەنچە خەت ئىشلىتىلگەن. تۇرپاندىكى يارغول، ئىدىقۇت، باداملىق قاتارلىق قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە قېزىۋېلىنغان قوچو بەگلىكىنىڭ قەبرە تاشلىرىنىڭ سانى يۈزدىن ئارتۇق بولۇپ، ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى تۇرپاندىكى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن توختام، هېساپ دەپتەر، ھۆكۈمەت خەت-ئالاقىلىرى، خۇسۇسىي خەتلەر، قەدىمكى كىتاپلارنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ۋە قەبرىگە جەسەت بىلەن بىللە قوشۇپ دەپىن قىلىنغان كىيىم-كېچەك قاتارلىق 3000 پارچىدىن ئارتۇق ماددىي بۇيۇملارنى قېزىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەزمۇنلىرى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلار ۋە تۇرمۇش قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. 2005-يىلى بېيجىڭدىن «قوچو ئېلى» دېگەن خەنچە خەت چۈشۈرۈلگەن بىر دانە مىس پۇل قېزىۋېلىنغان.

دېمەك، قوچو ئېلىنىڭ مىس پۇللىرى قوچو بەگلىكىنىڭ ئەينى زاماندىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، پۇل مۇئامىلە ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ..

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


① ۋاڭ لىن: «لۇشۇن مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان شىنجاڭدىن قېزىۋېلىنغان پۇللار» ناملىق ماقالە، «جۇڭگو پۇللىرى» ناملىق خەنزۇچە ژۇرنال، 1987-يىللىق 2-سان.

② لو جەنشىڭ: «قوچۇ بەگلىكى ۋە قوچۇ ئېلى قەدىمكى پۇلىغا تولۇقلىما» ناملىق ماقالە، «ئىچكى موڭغۇل پۇل مۇئامىلىسى» ژۇرنىلى، 1985-يىللىق مەخسۇس سان.

چېن زۇنشاڭ:«شىئەن خېجاسۇندىكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەئەللۇق پۇللار تەتقىقاتى» ناملىق ماقالە، «جۇڭگو پۇللىرى» ژۇرنىلى 1984-يىللىق 3-سان.

چيەن بوچۈەن «تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان خەت-چەكلەردىن قوجۇ ئېلى پۇلىنىڭ قۇيۇلغان ۋاقتى ۋە پۇلىنىڭ خاراكتېرىگە نەزەر» ناملىق ماقالە«شىنجاڭ پۇللىرى» ژورنىلى 2006 -يىل 1-سان 1- J .

⑤ ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك«تىل-ئەدەبىيات» 10-قىسىم، 82- 200

⑥ «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كىتاپ، 1-قىسىم، 229_229.

⑦ «شىنجاڭ پۇل-مۇئامىلىسى» ژورنىلىنىڭ پۇلغا دائىر مەخسۇس سانى، خەنزۇچە 1988-يىل 2-سان 44-- 45- 198.

⑧ «شىنجاڭنىڭ مەنزىرە تەزكىرىسى» ناملىق خەنزۇچە كىتاپ، 112_112.

⑨ «تۇرپان» ناملىق خەنزۇچە كىتاپ 99-- 105_105.

⑩ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1987-يىل 4-سان 878 979 80_105.

(11)«بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» ناملىق كىتاپ 231_231



(ئاپتور : توقسۇ ناھىيەلىك خەلق بانكىسىنىڭ كەسپىي خادىمى)



تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

www.uyghurkitap.com



# بىزنىڭ قوشاقچى ئانىلىرىمىز

ياقۇپ ئىسمائىل قورولچى

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم ژانىرلارنىڭ بىرى ـقوشاقلار خەلقىمىز ئارىسىغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، نۇرغۇنلىغان كۆيۈمچان ئانىلىرىمىز ئۇيغۇر قوشاقچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. تۆۋەندە مەن يۇرتىمىزدا مۇبارەك نامى تا ھازىرغىچە تىللاردا داستان بولۇپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم قوشاقچى ئانىلىرىمىز ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن .

ئەرەمسىماخان ئانا

ئەرەمسىماخان ئانا 19 ـ ئەسىردە ياشىغان قوشاقچى ئايال . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇنىڭ نەسەبى لۈكچۈن خۇجىلىرى ئىمىن غۇجىدىن ئىلگىرىكى لۈكچۈن بېگى ئەھمەدباقى (كېپىش بەگ) كە تۇتىشىدىكەن) ئىمىن غۇجا كېپىش بەگنى مەغلۇپ قىلىپ بەگلىكنى ئېگىلىۋالغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئەجداتلىرى پىچان ناھىيەسىنىڭ ھازىرقى دالانكارىز يېزىسىغا قاراشلىق بەشتام كارىز مەھەللىسىدە ياشاپ ئۆتكەن . ئەل ئاغزىدا تارقىلىپ يۈرگەن بىر قىسىم پاراڭلارغا ئاساسلانغاندا ، ئەرەمسىماخېنىمنىڭ يالغۇز ئوغلى مىيىمخان يۇنۇس خۇجىنىڭ مېيىپ قىزى كەڭگىسخان بىلەن ياخشى كۆرۈشۈپ قېلىپ ، ئۇنى ئېلىپ قېچىپ كېتىۋاتقاندا ، كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن ئوردا نۆكەرلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قېلىپ ، ئاتقا سۆرۈتۈپ ئۆلتۈرۈش جازاسى بېرىلگەن ئىكەن . بۇ چاغدا ئەرەمسىما خېنىم يالغۇز ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرۇپ ، نۇرغۇن قوشاق توقىغان بولۇپ، ئۇ تۇقىغان قوشاقلار ئەينى دەۋر رىئاللىقىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

بەختىنىساخان ئانا

بەختىنىساخان ئانا 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تۇرپاننىڭ ئاستانە يېزىسى غۇجامئالدى مەھەللىسىدە ياشاپ ئۆتكەن قوشاقچى ئايال .

ئۇ بىر قېتىملىق مەشرەپتە، نەغمەباقى ئىسىملىك بىر قوشاقچى يىگىت بىلەن قوشاق توقۇشتا بەسلىشىپ قېلىپ (ئەگەر نەغمەم باقى يېڭىۋالسا ئۇنىڭغا تېگىدىغانغا كېلىشىپ) ئاخىرى ئىككىسى «نەغمەم بىلەن بەختىنىسا» دېگەن قوشاقنى ئىجاد قىلغان ئىكەن .

مەريەمخان ئانا

پىچان ناھىيەسى تۈيۈق يېزىسىنىڭ پەنجەن كارىز كەنتىدە ياشاپ، تۇرپان خەلق قوشاقلىرى ۋە تۇرپان پاراڭلىرىنىڭ تارىخى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان تونۇلغان خەلق قوشاقچىسى ، ئۇستا پاراڭچى مەرھۇم مەريەمخان ئانا ، مىلادىيە 1894 ـ يىلى پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازىرىنىڭ تۆۋەنمەھەللە (ھازىرقى مۇقام) كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن . كېيىن پەنجەن

كارىزغا ياتلىق قىلىنغان . 111 يىللىق ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى توي - تۆكۈنلەردە تەكلىپ بىلەن قوشاق ئېيتىش ۋە ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر پاراڭلىرى بىلەن جەمئىيەتتىكى بولمىغۇر قىلىقلارنى قامچىلاش بىلەن ئۆتكۈزگەن. بۇ تۆھپىكار ئۇمۇر چولپىنى، 2005 - يىلى 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بىز بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى .

ناجىخان ئانا

ناجىخان ئانا ئالدىنقى ئەسىردە لۈكچۈن بازىرىنىڭ تۆۋەنمەھەللە (ھازىرقى مۇقام) كەنتىدە ياشاپ ئۆتكەن تونۇلغان خەلق قوشاقچىسى بولۇپ ، لۈكچۈن خوجىلىرىنىڭ ئاخىرقى خوجىسى ماتسايىت (ساچىڭۋاڭ) دەۋرىدە ئوردا غەزىنىچىسى بولغان ئىكەن . ئەۋلادلىرىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە ، ناجىخان ئانىنىڭ ياشلىق مەزگىللىرىدە ئۇنىڭ چېچى ناھايىتى ئۇزۇن ھەم توم بولۇپ ، 41 ئېغىزلىق غەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى ئاشۇ 41 تال قىلىپ ئۆرۈلگەن چېچىنىڭ ئۇچىغا چىگىپ ساقلىغان ئىكەن. ناجىخان ئانا ئاز كەم 90 يىل ياشىغان بولۇپ، ئۇ ئازاتلىقتىن كېيىن سوتسىيالىزم، يېڭى زامان كۈيلەنگەن نۇرغۇنلىغان قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان، ئۇ ئىجاد قىلغان بىرقىسىم قوشاقلار «تۇرپان خەلق قوشاقلىرى» ۋە «پىچان خەلق قوشاقلىرى» قاتارلىق توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن .

شەئىدىخان ئانا

تونۇلغان خەلق قوشاقچىسى ۋە ئۇستا داستانچى شەئىدىخان ئانا 1881 - يىلى پىچان ناھىيەسى ھازىرقى دىغار يېزىسىنىڭ يۇرمۇڭ مەھەللىسىدىكى چېلىشچى زور پولات ئاكا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق مەزگىللىرىدە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ دىنى ساۋاتلىق بولغان، ئۇنىڭ ئۆمرى دىغار، چۆلتاغنىڭ سىڭىر، شىڭدى، لوپنۇرنىڭ تىكەنلىك، لۈكچۈننىڭ ئامانشاھ قاتارلىق يېزا (كەنت) لىرىدە ئۆتكەن . 1933 - يىلى لۈكچۈندە يۈز بەرگەن «چوڭ يېغىلىق» تا شۇ چاغدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلار بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالغاچقا ، يۇرتنى تاشلاپ چۆلتاغ - لوپنۇر يولى ئارقىلىق تىكەنلىككە كۆچۈپ بارغان . ئالدىنقى ئەسىرنىڭ1960 - يىللىرى لۈكچۈن بازىرىنىڭ ئامانشاھ كەنتىگە قايتىپ كەلگەن . شەئىدىخان ئانا 1991 - يىلى 110 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ ، ئۇ كۆچۈپ يۈرۈش جەريانىدا ئۆز بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغاقلارنى كەچۈرگەنلىكى ۋە ھەرقايسى يۇرت كىشىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ ياشىغانلىقى ئۈچۈن ، كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە ئۇستا قوشاقچىلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىققان . شەئىدىخان ئانا قوشاق توقۇشتىن باشقا يەنە داستان ئوقۇشقىمۇ ماھىر بولۇپ ، ھايات چېغىدا «تاھىر -زۆھرە»، «بوز يىگىت» قاتارلىق خەلق داستانلىرىنى پۈتۈن بېيىتلىرى بىلەن قوشۇپ ئوقۇپ ، لۈكچۈن خەلقىنىڭ مىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن . ئۇنىڭ قوشاقلىرىدا يەنە لۈكچۈندە يۈز بەرگەن «چوڭ يېغىلىق» تا خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرت - ئەلەملەر نەپىس ۋە يېقىشلىق خەلق تىلى بىلەن يارقىن ئىپادىلەپ بېرىلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ قوشاقلىرى ئەينى دەۋر رېئاللىقىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

www.uyghurkitap.com



ئو. ئۇتغۇر

# ئۇيغۇر ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدىكى ئايال ئوبرازلار ھەققىدە

تەرجىمان: مۇھەممەتئېلى ئەنۋەر

ئۇيغۇر ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدە ئوبرازلار بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، بەزى ئوبرازلار قەدىمكى خەنچە كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن بولسا، بەزىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىدە خاتىرىلەنگەن، بەزىلىرى بولسا پارس - ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىدە خاتىرىلەنگەن، يەنە بەزىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىدە قەدىمدە تارقالغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. تۆۋەندە بىر قەدەر تىپىك بولغان بىر قانچە ئوبرازلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

## I. ئاجايىپ - غارايىپ ئوبرازلار

يالماۋۇز ئوبرازى ئاساسلىقى خەلق داستانلىرى ۋە خەلق چۆچەكلىرىدە ئۇچرايدۇ. خەلق داستانى «چىن تۆمۈر باتۇر»① (بۇ ئەسەرنىڭ خەلق چۆچىكى نۇسخىسىمۇ )② دا يالماۋۇز بىلەن چىن تۆمۈر باتۇر ئۆز - ئارا ئېلىشىپ، چىن تۆمۈر باتۇر يالماۋۇزنىڭ ئالتە بېشىنى كېسىپ تاشلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يەتتىنچى بېشى قۇيۇنغا ئايلىنىپ قېچىپ كەتكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. «تايغان بىلەن بۈركۈت»③ دېگەن خەلق چۆچىكىدىكى يالماۋۇز بولسا گۈزەل قىزغا ئايلىنىۋېلىپ ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى بولغان يىگىتنى ئالدايدۇ. بۇ ئەسەردىكى يالماۋۇز يەنە قېرى دەللە ۋە كىچىك بالىغىمۇ ئۆزگىرىۋالىدۇ. «ئەلقۇۋان باتۇر» دېگەن چۆچەكتىكى يالماۋۇزنىڭ نۇرغۇنلىغان بېشى بار بولۇپ، ئېيىق ئىسلام باتۇر شەمشەر بىلەن - ئارقىدىن ئۇنىڭ 56 بېشىنى كېسىپ تاشلايدۇ. لېكىن، بىرىنى كەسسە يەنە بىرى ئۆزىراپ چىقىپ زادىلا ئۆلتۈرەلمەيدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ روھى مەخپىي جايغا يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇ يەردە بىر ساندۇق بار ئىكەن. ساندۇقنىڭ ئىچىدە بىر ئالتۇن بېلىق، ئالتۇن بېلىقنىڭ قورسىقىدا بىر تال تۇخۇم، تۇخۇمنىڭ ئىچىدە بىر تۇمار، تۇمارنىڭ ئىچىدە يالماۋۇزنىڭ روھى يوشۇرۇنغان ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، «ئاق ئۆلەن بەردىخان»④ دېگەن خەلق داستانىدىكى يالماۋۇزمۇ ئاياللىق خاراكتېرىگە ئىگە.

سېھىرگەر ھازىرغىچە تارقىلىپ كېلىۋاتقان خەلق چۆچەكلىرىدىكى ۋە كىشىلەرنىڭ دائىم ئالماشتۇرىدىغان ئىدىيەسىدىكى ئىجابىي ئوبرازدۇر. بەزى چاغلاردا ئۇلار سەلبىي رولغا ئىگە دەپمۇ قارىلىدۇ. «ئالتۇن كەش»⑤ دېگەن چۆچەكتە سېھىرگەر نامرات تۇل خوتۇن ھاجەرگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن ھاجەرنىڭ بېشىغا ئالتۇن كوكولا، ئالۋاستى ۋە باي ئايال پاتىمەنىڭ بېشىغا قوناق مەدىكى ئۆستۈرۈپ قويىدۇ. ئۇنىڭ بىرلا قۇيۇن چىقىرىشى بىلەن ئاجايىپ

گۈزەل كىيىملەر، زىبۇ - زىننەتلەر ۋە جارىڭشىپ تۇرغان مەيلەر پەيدا بولىدۇ[6]. «بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى»[7] دېگەن چۆچەكتىكى سېھىرگەر ۋە «سىرلىق ساندۇق»[8] دېگەن چۆچەكتىكى سېھىرگەر ئۆگەي ئانىسى تەرىپىدىن چۆلگە تاشلىۋېتىلگەن قىزنى قۇتقۇزىۋېلىپ، ئۇنىڭغا نېمە تەلەپ قىلسا شۇنى پەيدا قىلىدىغان سېھىرلىك ساندۇقنى بېرىدۇ. سېھىرگەر بەزى تەرەپلەردىن ئاق كۆڭۈل خىزىر ئوبرازىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. يەكچەشمە ھازىرغىچە تارقىلىپ كېلىۋاتقان خەلق چۆچەكلىرىدىكى ئوبرازلارنىڭ بىرىدۇر. چۆچەكلەردە بىر كۆزلۈك دىۋە ياكى بىر كۆزلۈك يالماۋۇز دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «يانتاقچى يىگىت ۋە يەكچەشمە»[9] دېگەن خەلق چۆچىكىدە يەكچەشمىنىڭ پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆزى بار دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. كۆزى جامغا، يۈزى تامغا، مۈڭگۈزى بۇغا مۈڭگۈزىگە، قۇيرۇقى ئېشەك قۇيرۇقىغا، بەدىنى تۆگىنىڭ بەدىنىگە، پۇتى بۇقىنىڭ پۇتىغا ئوخشاش تولىمۇ كۆرۈمسىز بولۇپ، قورسىقى ئاچقان چاغدا ئادەم گۆشى يېسە، ئۇسسىغان ۋاقتىدا ئادەم قېنى ئىچىدۇ. «چىن تۆمۈر باتۇر» دا تەسۋىرلەنگەن يەتتە باشلىق يالماۋۇزمۇ يەكچەشمە بولۇپ، ئۇ دائىم چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ سىڭلىسىنى ئالدايدۇ.

«پەرىزات قىز» ھازىرغىچە خەلق چۆچەكلىرىدە تارقىلىپ كېلىۋاتقان ئىجابىي ئوبرازدۇر. «مايمۇن قىز»[10] دىكى پەرىزات قىز قارلىغاچقا ئۆزگىرىپ ئاسماندا ئۇچالايدۇ. ئۇ ئىنتايىن ھەيۋەت بىر قەسىر سېلىپ بېرىدۇ. «ئوۋچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى»[11] دىكى پەرىزات قىز يىلانغا ئۆزگىرەلەيدۇ. بەزى خەلق چۆچەكلىرىدە پەرىزات قىز جەرەن، بېلىق ۋە ئادەملەرگە ئۆزگىرەلەيدۇ. ئۇ ماكانى ئەرش، ئەپسانىۋى ئېرەمباغ، تاغ ئۆڭكۈرلىرى قاتارلىق جايلاردا ياشايدۇ. ئۇنى بەزىدە قورقۇنچلۇق دىۋىلەر مۇھاپىزەت قىلىدۇ. بىراق شۇنداق بولۇشىغا قارىماي كۆپلىگەن چۆچەكلىرىمىزدە تەسۋىرلىنىۋاتقان پەرىزات قىزلار كىشىلىك تۇرمۇشنى ئىنتايىن قىزغىن سۆيىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پاك مۇھەببىتىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئەمگەكچان، ئاددىي - ساددا، ئاق كۆڭۈل يىگىتلەرگە ئاتا قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارى، ماھارىتىنى قەدىرلەيدۇ ۋە ھۆرمەتلەيدۇ.

## II. ئىلاھىيلاشقان ئوبرازلار

ئايال ئىلاھ بولسا «ئايال ئىلاھنىڭ ئادەمنى يارىتىشى» ناملىق ئەپسانىدىكى باش قەھرىمان بولۇپ، ئەپسانىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: ئادەمنى ئايال ئىلاھ ياراتقان بولۇپ، ئاللاھ بار بولغاندىن تارتىپ ئايال ئىلاھ ئاللاھنىڭ ياردەمچىسى ۋە مەسلىھەتچى بولۇپ، پۈتكۈل ئالەمنى باشقۇرۇشتا ياردەملەشكەن ئىكەن. بىراق، ئايال ئىلاھ نامازنى قانداق ئوقۇيدىغانلىقىنى،[12] كۈندە نەچچە قېتىم ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. پەقەت باشقىلار قانداق ئوقۇسا، شۇنداق ئوقۇيدىكەن. بىر قېتىم ئۇ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا ۋە ھەمدۇسانا ئېيتىشقا ۋاقتىدا بېرىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ بۇنىڭدىن ئاچچىقلىنىپ، ئايال ئىلاھنى جازالاپ، ئۇنى ئاسماندىن زېمىنغا چۈشۈرۈپ زېمىندا يەككە - يېگانە تۇرمۇش كەچۈرۈشنى قارار قىپتۇ.

ئايال ئىلاھ ئاللاھ تەرىپىدىن زېمىنغا ھەيدىۋېتىلگەندىن كېيىن يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ زېرىكىش ھېس قىلىپ لايدىن بىر ئەر ئادەم ياساپتۇ. بۇ لاي ئادەمنىڭ جېنى بولمىغاچقا

گەپ قىلىشنى، يول مېڭىشنى بىلمەيدىكەن. ئايال ئىلاھ يەر يۈزىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ تەڭرىگە ئىلتىجا قىپتۇ: «مەن ئاللىبۇرۇن ئۆز گۇناھىمنى بىلىپ يەتتىم، ساڭا ۋاقتىدا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلماپتىمەن. شۇڭا مېنى جازالىدىڭ، گۇناھىم تۈپەيلى زېمىندا ئۆزۈم تەنها ياشاپ، ئىنتايىن يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ لايدىن بىر ئادەم ياسىدىم. ئىلگىرى ساڭا مەسلىھەتچى بولغانلىقىم يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈپ، ھاياتلىق ئاتا قىلىپ بەرسەڭ! بۇ مېنىڭ سەندىن كۈتكەن ئەڭ ئاخىرقى ئىلتىجايىم، ئىلگىرىكى گۇناھىمغا شەپقەت قىلىپ، مېنىڭ بۇ تەلىپىمگە ماقۇل بولساڭ!».

ئاللاھ ئاسماندا تۇرۇپ ئايال ئىلاھنىڭ ئىلتىجا ـ تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ، بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىلگىرى ئاسماندا ئۆزى ئۈچۈن ئاز بولمىغان ئىشلارنى قىلىپ بەرگەنلىكىنى، ھازىر بولسا ئاللىبۇرۇن گۇناھىنى تونۇغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇنىڭ بۇ ئەڭ ئاخىرقى تەلىپىگە قوشۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئاللاھ ئايال ئىلاھ لايدىن ياسىغان ئادەمگە بىرلا دەم قىلغانىكەن شۇنىڭ بىلەن لاي ئادەمگە جان كىرىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا، لاي ئادەم ئەمدىلا ئۇيقۇدىن ئويغانغانغاندەك پۇشۇلداپ ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ پۇت ـ قوللىرىنى سوزۇپ، قاتتىق بىرنى ئەسنەپ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئايال ئىلاھقا ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. شۇنداقلا، ئۇنىڭ ئۆزىنى ياراتقانلىقىغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئۇ بولسا دەل ئادەم ئىكەن.

ئايال ئىلاھ ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئادەمنىڭ بىر تال قوۋۇرغىسىدىن بىر ئايالنى يارىتىپتۇ ۋە ئۇنى ئادەمگە ئايال قىلىپ بېرىپتۇ، بۇ دەل ھەۋۋا ئىكەن(13).

ئۇماي قەدىمكى ئەپسانىلەردىكى ئايال ئىلاھتۇر. قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدىمۇ ئۇماي ئايال ئىلاھى دائىم تىلغا ئېلىنىدۇ. «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» (مىلادىيە 712 ـ 716 ـ يىللىرى ئورنىتىلغان) «تەڭرى، ئۇماي ۋە مۇقەددەس سۇ، يەر بىزگە ياردەم بېرىدۇ» دېگەن بايانلار بار. 16 «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» (مىلادىيە 734 ـ يىلى 34 «بېلگە قاغان مۇنداق دەيدۇ: ‹ئاتام قاغان دۇنيادىن ئۆتكەندە ئىنىم كۆل تېگىن يەتتە ياشتا ئىدى. ئۇمايدەك ئانام خاتۇننىڭ دۆلىتىدە ئىنىم كۆل تېگىن ئەر ئاتالدى»(14). دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (مىلادىيە 1072 -- 1074 ـ يىللار) 74 ئۇمايغا مۇناسىۋەتلىك بىر سۆزنى مۇنداق ئىزاھلىغان: « ئۇماي بولسا ئاياللارنىڭ كۆزى يورىغاندا، بالىدىن كېيىن چۈشىدىغان نەرسە. ئۇلار بالا ھەمراھى ئارقىلىق پال ئېچىپ، ئۇمايغا ئىشىنىدىغانلىقىنى دېسە ئوغۇل تۇغۇلىدۇ». »ۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئەينى دەۋردىكى ئۇماي ئايال ئىلاھىغا چوقۇنۇش ئەمەلىيىتى ۋە مەقسىتىنى بىلدۈرىدىغان مۇنداق بىر ماقالنى خاتىرىلىگەن بولۇپ، ماقال تۆۋەندىكىچە: « تېۋىنسا، ئوغۇل تاپار»(15). ئۇماي ھازىرغىچە قومۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ھۆرمەت ئوبيېكتى، كىچىك بالىلارنىڭ بەخت ئىلاھىدۇر.

قۇرىغار خان ئانا بولسا شىنجاڭدىكى ئىپتىدائىي يەرلىك تۆرىلەر ۋە قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ئەپسانىۋى ئوبرازىدۇر. خەنچە يېزىلغان «موتيەنزى تەرجىمالى» ۋە « ـ ئېزىملار قۇرئى» دا قۇرۇم (كوئېنلۇن) تېغىنىڭ ئۈستىدە قۇرىغار خان ئانا بار ، ئۇ يولۋاس چىشلىق، قاپلان قۇيرۇقلۇق ۋە

ھۆۋلايدىغان ئاۋازى بار دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە قۇرۇم تېغىنىڭ بىر باغرى يەنىلا ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى ھالىتىدە بولۇپ، يولۋاس، يىلپىز قاتارلىقلارنى توتېم قىلىدىغان بۇزرۇكۋارلاردىن تەشكىل تاپقان. قۇرىغار خان ئانا گەرچە ئەپسانىۋى پېرسوناژ بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى قەدىمكى ئەپسانە- رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن قۇرىغاردىكى قەبىلىلەرنىڭ ۋەكىلى قىلىشقا ۋە ئۇ ئېيتقان بېيىتلارنى غەربىي يۇرتتىكى خەنچە خاتىرىلەنگەن ئەڭ مۇھىم شېئىرلار دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەسىلەن، «ئاق بۇلۇت قوشىقى» ۋە «قۇرىغار خان ئانا ناخشىسى» قاتارلىقلار(16). قىسمەن تارىخشۇناسلار قۇرىغار خان ئانىنى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تەركىبىدىن دەپ قارايدۇ. تارىخشۇناس خې جىخوڭ «غەربىي يۇرت مۇنبىرى» دېگەن كىتابىدا قۇرىغار خان ئانىنى بىر قانچە مىللەتكە باغلىنىغان بولۇپ، تەبئىي ھالدىلا تارىم ۋادىلىرىغا يەرلىشىپ كەتكەن دەپ قارايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ رەسمىي تارىخلىرىدىمۇ «غەربىي يۇرتتىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەھەرلەرگە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ» («خەننامە. غەربىي رايون تەزكىرىسى»). بۇ يەرلىك ئاھالىلەر قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە تارىم ۋادىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئاساسلىق كىشىلەر، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسىدۇر .

ئانا بۆرە قەدىمكى ئەپسانىلەردىكى ئىلاھىي ئايالدۇر. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 99- جىلدتا: «تۈركلەر ھۇنلارنىڭ باشقا بىر قوۋمىدۇر، فامىلىسى «ئاشىنا» (shina ) بولۇپ، ئالاھىدە بىر قەبىلە ھېسابلىنىدىكەن (ياكى ئايرىم قەبىلە بولۇپ ياشىغان). كېيىن ئۇلار قوشنا ئەل تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىنىپ، نەسلى قۇرۇپ كېتىپ، shina 10 ياشلىق بىر بالا ئامان قالغان ئىكەن. غالىب ئەلنىڭ لەشكەرلىرى بالىنىڭ كىچىكلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەي پۇت- قوللىرىنى كېسىپ، ئوت- چۆپلەر ئۆسۈپ تۇرغان بىر سازلىققا تاشلىۋېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بالىنىڭ يېنىغا بىر ئۇرغاچى بۆرە پەيدا بولۇپ قاپتۇ. لېكىن ھېلىقى غالىب ئەلنىڭ خانى بۇ بالىنىڭ يەنىلا ھايات ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، قايتا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن. بالىنى ئۆلتۈرگۈچىلەر چەتتە قاراپ تۇرغان ئۇرغاچى بۆرىنى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، بۆرە قوچونىڭ غەربىدىكى شىمالىي تاغقا قېچىپ كېتىپتۇ. بۆرە ياپيېشىل ئوت- چۆپ، مايسىلار يەلپۈنۈپ تۇرغان، ئەتراپىنى تاغلار ئوراپ تۇرغان، ئايلىنىپ چىقىش ئۈچۈن بىر نەچچە يۈز يول مېڭىشقا توغرا كېلىدىغان بىر جىراغا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. بۆرە بۇ يەردە 10 ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئوغۇللار چوڭ بولغاندىن كېيىن سىرت بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۆيلىنىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ھامىلدار بولۇپ تۇغۇپتۇ. ھەربىرىنىڭ ئايرىم فامىلىسى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە بىرىنىڭ فامىلىسى ئاشىنا ئىكەن. مانا مۇشۇ فامىلىدىكىلەرنىڭ ئۇرۇق ئەجدادى ئاۋۇپ، تەدرىجىي ھالدا بىر نەچچە يۈز ئائىلىگە يېتىپتۇ. بۇلار بىر نەچچە ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن ئۆڭكۈردىن چىقىپتۇ».

«يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «ئەينى ۋاقىتتا، يەنى تاردۇشلار ھالاك بولۇشىنىڭ ھارپىسىدا بىر

www.uyghurkitap.com



قەلەندەر شۇلارنىڭ قوۋمى ئارىسىدا دىۋانىلىك قىلىپ يۈرگەن بولۇپ، بىراۋ ئۇنى غىزاغا تەكلىپ قىلغانىكەن. ساھىبخانا ئايالنىڭ كۆزىگە بۆرە باشلىق ئادەم سىياقىدا كۆرۈنۈپتۇ، ئەمما ئۆي ئىگىسىگە ئۇنداق كۆرۈنمەپتۇ. مېھمان غىزادىن كېيىن چىقىپ كەتكەندە، ئايالى ئېرىگە ئەھۋالنى ئېيتىپ ئارقىسىدىن بىللە قوغلاپتۇ. قوغلاپ ئۆتتۈكەنگە كەلگەندە قارىسا، ئۇ قەلەندەر ئىككى كىشىگە ئايلىنىپ قاپتۇدەك. ئۇ: ‹بىز دېگەن ئىلاھ، سىر ـ تاردۇشلار ھالاك بولىدۇ›» دەپتۇ. قوغلاپ كەلگەنلەر چۆچۈپ كېتىپ ئارقىغا داجىپتۇ، بىر كەمدە قارىسا، ئۇ ئىككىيلەن كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ. ئەلھەزەر، تاردۇشلار دەل مۇشۇ تاغ باغرىدا ھالاك بولدى».

خەنچە يېزىلغان تارىخنامە «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» » : «تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى ... بۆرىدىن تۇغۇلغان» دېگەن خاتىرىلەر بار.

ھۇن تەڭرىقۇت قىزى، قەدىمكى ئەپسانىلەردىكى ئوبرازدۇر. ۋېيشۇ يازغان «ۋېينامە» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ھۇن تەڭرىقۇتنىڭ ئىككى قىزى بار ئىدى. ھۆسن ـ جامالى ئىنتايىن كۆركەم ئىدى. ھۇن ئېلىدىكى كىشىلەر بۇلارنى پەرىلەر دېيىشىدىكەن. ھۇن تەڭرىقۇتى: «بۇ قىزلىرىمنى ئۆز لايىقىغا بېرىشىم ئۈچۈن تەڭرىنىڭ ئىختىيارىغا قويىمەن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭرىقۇت ھۇن ئېلىنىڭ شىمالىدىكى ئادەم بارمىغان بىر جايغا ئېگىز تۇر(ياكى ھۇجرا) ياسىتىپتۇ. ئىككى قىزىنى شۇ يەرگە چىقىرىپ «قىزلارنى تەڭرىگە تاپشۇردۇم» دەپ كېتىپ قاپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە قىزلارنىڭ ئانىسى بالىلىرىنى سېغىنىپ كۆرمەكچى بولغاندا تەڭرىقۇت: «ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن» دەپتۇ. يەنە بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىر قېرى بۆرە كېچە ـ كۈندۈز ھۇۋلاپ، تۇرا ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۆرە تۇرانىڭ تۈۋىدە بىر ئۇۋىمۇ ياسىۋاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ. بۆرە زادى كەتمەپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزلارنىڭ كىچىكى ئاچىسىغا: «ئاتام بىزلەرنى مۇشۇ يەردە تەڭرىگە تاپشۇرغانىدى. ئەمدى بۆرە كېلىپ قالدى، بۇ خىسلەتلىك مەخلۇق بولسا كېرەك، تەڭرى مۇشۇ بولمىسۇن يەنە» دەپتۇ ـ دە، تۆردىن چۈشۈپ بۆرە بىلەن جورا بولماقچى بولۇپتۇ. ئاچىسى ھەيران بولۇپ، «بۇ ھايۋان تۇرسا، ئۇنىڭ بىلەن جورا بولىمەن دېگىنىڭ نېمىسى، ئەگەر بۇنداق قىلساڭ، ئاتا ـ ئانىمىزغا چوڭ ھاقارەت بولمامدۇ؟» دەپتۇ. سىڭلىسى ئاچىسىنىڭ نەسىھىتىگە زادى قۇلاق سالماي، تۆردىن چۈشۈپ بۆرىگە جورا بولۇپتۇ. ئۇنىڭدىن بالا تۇغۇلۇپتۇ، بۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپىيىپتۇ، مۇشۇنداق سەۋەب بولغاچقا، بۇلارنىڭ ئادەملىرى ئۈنلۈك توۋلاپ ناخشا ئېيتىشقا ئامراق ئىكەن. بۇلارنىڭ ھۇۋلىشى بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن».

قەدىمكى تارىخشۇناسلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان غۇز ـ قاڭقىلىقلار قەبىلىسىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى مۇھاكىمە قىلغاندا دائىم مۇشۇ ئەپسانىنى تىلغا ئالغان. «كونا تاڭنامە». «يېڭى تاڭنامە». «يازما ھۆججەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي تەھسىل» «بەش دەۋر تارىخى» «قانۇنلار قامۇسىنىڭ داۋامى» قاتارلىق قەدىمكى خەنچە كىتابلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ (ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ) ئەجدادى بولسا ھۇندۇر دېگەن مەلۇماتلار بار.

ئېيىق ئايالى، بۈگۈنگە قەدەر تارقىلىپ كېلىۋاتقان خەلق چۆچەكلىرىدىكى باش قەھرىماندۇر. «چىن تۆمۈر باتۇر». «ئېيىق باتۇر» . «ئېيىق ئىسلام باتۇر» . «ئېيىق سۇلتان» . «باتۇر ئېلى قۇربان»(21) قاتارلىق خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئېيىققا چوقۇنۇشنىڭ ئىزنالىرى بار. ئېيىق باتۇر، ئېيىق ئىسلام باتۇر، ئېيىق سۇلتان، ئېيىق ئەلى قۇربان قاتارلىق كىشلەرنىڭ ئاتىسى ئادەم، ئانىسى بولسا ئېيىقتۇر. بۇ قەھرىمانلار ئىنتايىن ئەقىللىق، باتۇر، ئاقكۆڭۈل، ئەمگەكچان، ئادىل بولۇپ، يۇرتداشلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ۋە شۇنداقلا پۇقرالارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇپ كەلگەن. ئېيىقنىڭ ئايالمۇ ئىنتايىن ئىشچان، ئەقىللىق، خەلقپەرۋەر، يۇرتپەرۋەر بولۇپ، بالىسىنى تەربىيەلەش ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلايدۇ. «چىن تۆمۈر باتۇر» دىكى باش قەھرىمان چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن ئۇنىڭ سىڭلىسى ئۆگەي ئانىسى تەرىپىدىن چۆلگە تاشلىۋېتىلگەندە، بىر ئېيىق ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. چىن تۆمۈر باتۇر چوڭ بولغاندىن كېيىن ئىنتايىن باتۇر ۋە ئەقىللىق بولۇپ چىقىدۇ. خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئېيتىنىڭ مەنبەسى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر بولۇپ، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ تېگى ـ تەكتىمۇ ئەپسانىدۇر.

بۆرە قىز ھازىرغىچە خەلق چۆچەكلىرى ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئوبرازدۇر. خەلق چۆچىكى «بۆرە قىز» دا تەسۋىرلىنىشىچە، بىر قېرىنىڭ بالىسى ئات بېقىۋاتقاندا، بىر ئانا بۆرىنىڭ تايچاقنى ئوغۇرلىغانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ مېڭىپ بىر تاغ ئۆڭكۈرىگە بېرىپ قالىدۇ ۋە ئانا بۆرىنىڭ سىڭلىسى بىلەن توي قىلىپ ئۇنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلىپ، بۆرە قىزنىڭ ياردىمى بىلەن خاننىڭ يولسىز ئۈچ تەلىپىنى ئورۇنداپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ(22).

بوغا ئانا ھازىرغىچە تارقىلىپ كېلىۋاتقان خەلق چۆچەكلىرى ۋە داستانلىرىدىكى ئوبرازدۇر. قىسمەن خەلق چۆچەكلىرىدىكى تەسۋىرلەرگە ئاساسلانغاندا، بەزى گۈزەل قىزلار ئۈن ـ تۈنسىز ھالدا بوغىغا ئۆزگىرىپ قالىدۇ. «ئاق ئۆلەن بەردىخان» دېگەن داستاندا تەسۋىرلىنىشىچە، ئاق ئۆلەن بەردىخان قىينىچىلىقتا يولۇققاچقا، ئەمدىلا تۇغۇلغان سىڭلىسىنى بوغا ئانىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، بوغا ئانا بىر يىل باققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. يېقىنقى تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، «ئاق ئۆلەن بەردىخان» بولسا «چىن تۆمۈر باتۇر» نىڭ باشقا ۋارىيانتى بولۇپ، «چىن تۆمۈر باتۇر» دىكى چىن تۆمۈر بىلەن ئۇنىڭ سىڭلىسىنى بوغا ئانا بېقىپ چوڭ قىلغان ئىكەن.

«بۆبۈش» بولسا ھازىرغىچە تارقىلىپ كېلىۋاتقان خەلق رىۋايەتلىرىدىكى ئەپسانىۋى ئوبرازدۇر. «بۆبۈش» تىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، بۆبۈش دولان (ھازىرقى مەكىت ناھىيەسى) ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان ئەپسانە - رىۋايەت ۋە چۆچەكلەردىكى ئانا ئوبرازىدۇر. بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە: قەدىكى زاماندا دولانلىقلارنىڭ بىر ئانىسى بار بولۇپ، توققۇز پەرزەنتى بار ئىكەن ۋە ئۇلار بىرلىكتە قويۇق ئورمانلىق ئىچىدە ياشايدىكەن. ئانىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ بالىلىرىغا قارىشىدىغان بىر كۆك بۆرە بار بولۇپ، ئۇ بالىلارنىڭ تاماق يېيىشىدە ۋە ئۇخلىشىدا كېچە ـ كۈندۈز بىللە بولۇپ، ئۇلاردىن زادىلا ئايرىلمايدىكەن. بىر كۈنى كۆك بۆرە ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كېتىپ، ئىككىنچىلەپ ئۆيىگە قايتىپ كەلمەپتۇ. بۆرىنى يوقۇتۇپ قويغان بالىلار

www.uyghurkitap.com



كۈنبويى يىغلاپ ئانىسىغا ئارام بەرمەپتۇ. بىر كۈنى ئانىسى بالىلىرىنىڭ يىغىسىنى توختىتىش ئۈچۈن، كەچ كىرگەن ۋاقىتتا يىراققا يۈزلىنىپ ۋارقىراپ: «يىغلىماڭلار، بولمىسا بۆبۈش كېلىدۇ» دەپتۇ. بالىلار بۇنى ئاڭلاپ يىغىسىدىن توختىشىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئاشۇنداق يىغلاڭغۇ بالىلارنىڭ يىغىسىنى توختىتىش ئۈچۈن كىشىلەر «بۆبۈش كەلدى» دەپ يىغىسىنى توختىتىدىغان بوپتۇ(23) ... كېيىن بۇ خىل ئۇسۇل ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك تارقىلىپ، بىر خىل ئادەتكە ئايلىنىپ قاپتۇ(24).ۋېنگىرلار ئارىسىدىمۇ بۇبۇس ئوبرازى بار بولۇپ، ئۇلاردا يىغلاڭغۇ بالىلارغا «بۇبۇس كەلدى» دەپ يىغىسىنى توختىدىغان . بۇ بۆبۈشنىڭ تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۇرىدۇ.

تارىخشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ۋېنگىرلارنىڭ ئەجدادى بىلەن مىلادىيەنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە غەربكە كۆچكەن ھۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى (25). ھۇنلار بولسا ئالتاي تىللىرى سېستىمىسىدىكى مىللەت بولۇپ، كۆپلىگەن خەنچە قەدىمكى ئەسەرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى دەپ قارىلىدۇ(26). ھازىرقى گەنسۇدىكى يۇغۇرلارنىڭ مۇزىكىلىرى ۋە خەلق چۆچەكلىرى ۋېنگىرلارنىڭ مۇزىكىلىرى ۋە خەلق چۆچەكلىرىدىكى قىسمەن مەزمۇنلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولغان(27). يۇغۇرلار بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقىدۇر. ۋېنگىرىيە تىلىدىكى بۇبۇس بىلەن يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇبۇشنىڭ تەلەپپۇز پەرقى ئىنتايىن كىچىك بولۇپ، پەقەت « «» بىلەن « «» دىلا ئۆزگىرىش بار. بۈگۈنكى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن قازاق تىلى ئوتتۇرىسىدىمۇ بۇنداق ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، باش ــ باس، تاش ــ تاس،ياخشى-جاقسى قاتارلىقلار . ئانا دەرەخ بولسا قەدىمكى رىۋايەتلەردىكى ئوبراز بولۇپ، يەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يۈجىنىڭ «داۋيۈن ئۇزۇندىلىرى» 24 - جىلدىتىكى «قوچو ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دە خاتىرىلىنىشىچە: «ئۇيغۇرلار يۇرتىدا خېلىن(قارا قىرۇم-قۇرۇم) دېگەن بىر تاغ بولۇپ، بۇ يۇرتتىكى تۇلا-توغلا ۋە سېلىنگا دەريالىرى مۇشۇ تاغنى مەنبە قىلىدىكەن. بىر كۈنى كەچتە ئاسماندىن دەرەخكە شۇلا چۈشۈپتۇ. ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى خەلقلەر ئۇنى كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. بۇ دەرەخ خۇددى ئادەم قورساق كۆتۈرگەنگە ئوخشاش قورساق ساپتۇ. بۇ شۇلا دەرەخكە ئۇدا توققۇز ئاي، توققۇز كۈن چۈشكەندىن كېيىن ھېلىقى دەرەخنىڭ قورسىقى يېرىلىپ، ئىچىدىن بەش بالا چىقىپتۇ. بۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئەردەن بۇقا-بۆگۈ قاغان بولۇپ، تولىمۇ قامەتلىك ئىكەن. ئۇ خەلقنى ئاينىتىپ، يۇرتنى گۈللەندۇرۇپتۇ ۋە ئۇلارغا سەركەردە بوپتۇ(28).

R «دوسان موڭغۇل تارىخى» ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادىنى تىلغا ئېلىپ، مۇنداق بىر رىۋايەتنى خاتىرىلىگەن، « قۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان توغلا ۋە سېلىنگا دەريالىرىنىڭ قۇيۇلىدىغان جايىدا قۇملانچۇ دېگەن يەر بار ئىكەن. شۇ يەردە بىر- بىرىگە يانداشىپ ئۆسكەن ئىككى تۈپ دەرەخ بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى فىستوقا ئىكەن. ئۇ قارىغايغا ئوخشايدىغان بولۇپ، ئارچىدەك كۆكىرىپ تۇرىدىكەن. يەنە بىرى ياۋا قارىغاي ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مانا مۇشۇ ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئارىسىدا ئۇشتۇمتۇتلا بىر كىچىك دۆڭ پەيدا بولۇپ قاپتۇ. كۈنلەر

ئۆتكەنسېرى بۇ دۆڭ ئېگىزلەشكە باشلاپتۇ. دۆڭنىڭ ئۈستىدە تاڭ ئاتقۇچە شام يورۇپ تۇرىدىكەن. ئۇيغۇرلار دۆڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېھتىرام بىلدۈرىدىكەن. دۆڭنىڭ ئىچىدىن خۇددى ناخشا ئېيتقاندەك ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. ھەر كېچە ئەھۋال شۇنداق بولىدىكەن. شام بارغانسېرى چاقناپ، ئوتتۇر-ئوتتۇز قەدەم ئارىلىقنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان بوپتۇ...دۆڭدىن ئۇشتۇمتۇت بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ، ئىچىدە خۇددى ئوتاۋغا ئوخشاپ كېتىدىغان بەش ئۆي بولۇپ، ھەربىر ئۆيگە كۆمۈش سەگۈنچەكلەر ئېسىلغان، سەگۈنچەكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىردىن ئوغۇل بوۋاق ئولتۇرغان، بوۋاقلارنىڭ ئاغزىدا سۈت ئېمىدىغان ئېمىزگە بار ئىكەن. ئۇيغۇرلار بۇ بوۋاقلارغا ئانىلارنى تەيىنلەپ، بوۋاق بالىلارنى ئېمىتكۈزۈپتۇ. تىلى چىققاندا ئۆزلىرىنىڭ - ئانىلىرىنى سورۇشتۇرگەنىكەن. كىشىلەر ئىككى دەرەخنى كۆرسىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بەش ئوغۇل دەرەخكە چوقۇنۇپتۇ»(29).

جۇۋەينىنىڭ «تارىخىي جاھانكۇشاي» دىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەپسانىلەر بار(30). ئۇنىڭدىن باشقا خۇاڭ جىنىنىڭ «جىن خۇاخۇاڭ ئەسەرلىرى» دىكى خاتىرىلەرمۇ يۇقىرىقى بايانلارغا ئوخشايدۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ياشىغان جايدا ئىككى دەرەخ بار بولۇپ ، بۇلاردىن بەش بالا تۇغۇلۇپتۇ، تۇغۇلغان بوۋاقلار ئىچىدە ھايات قالغىنى پەقەت بىرلا بالا بولۇپ ئۇ تۇغۇلىشىدىنلا بەكمۇ ئەقىللىق، دانىشمەن ئىكەن، شۇڭا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى : كمۇ ھۆرمەتلەيدىكەن، نەچچە يىللاردىن كېيىن بۇ ئەۋلىيا بالىنىڭ ئايالى بۇ جايدىكى خەلقلەرگە ھۆكۈمران بولۇپتۇ»(31).

«ئوغۇزنامە» داستانىدىمۇ دەرەختىن ئىلاھى بوۋاقنىڭ تۇغۇلىشىغا ئائىت تەسۋىرلەر بار. ئۇيغۇرلارنىڭ دەرەختىن ئىلاھى بوۋاقنىڭ تۇغۇلىشىغا ئائىت ئەپسانىلىرىدىكى دەرەخ بولسا ھاياتلىق دەرىخى بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ مەنبەسىگە سىمۋول قىلىنغان. ئۇنىڭ بىلەن تۈرك ئەجدادلىرىنىڭ جىنسقا چوقۇنۇشى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، «دەرەخ خۇددى ئادەم قورساق كۆتۈرگەنگە ئوخشاش قورساق سېلىپ ... دەرەخنىڭ قورسىقى يېرىلىپ، ئىچىدىن بەش بالا چىقىدۇ»(32) . گەرچە بۇ بىر رىۋايەتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بولسىمۇ، بۇ مەزمۇنلار يالغۇز ئەرلەرنىڭ كۆپىيىش جەھەتتىكى ئىجاد قىلىش كۈچىنى كۆرسىتىپ بەرمەستىن، بەلكى ئاياللارنىڭ تەبىئىي ھالدىكى پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. جىنسقا چوقۇنۇشقا مۇناسىۋەتلىك بۇنداق ئەپسانە-رىۋايەتلەر دۇنيادىكى كۆپلىگەن مىللەتلەر ئىچىدىن ئۆتكۈزگەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەر بالىنىڭ تۇغۇلىشىغا ئائىت ئىلمى قائىدىلەرنى بىلمىگەنلىكتىن، ھەيرانلىق ئىچىدە دۇنيادا كۆپىيىشنى ئىدارە قىلىدىغان بىر خىل ئىلاھ بار ئىكەن دەپ قارىغان(33).

«ئىلاھى دەرەخ ئانا» ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان «ئىلاھى دەرەخ ئانا» ئەپسانىسىدىكى ئوبرازدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇك-باراقسان كەتكەن يايلاق تۇتاشقان، ئۇچى كۆككە تاقاشقان بىر مۇز تاغنىڭ باغرىدا بىر بوۋاي قىزى بىلەن يالغۇز ياشايدىكەن، تاغ قاپتىلىدىكى ئۆڭكۈردە بىر ئالۋاستى بولۇپ، بىر كۈنى ھېلىقى ئالۋاستى كېلىپ، بوۋاينىڭ قىزىنى ئۆزىگە ياتلىق قىلىشقا مەجبۇرلاپتۇ، بوۋاي بۇ تەلەپكە قوشۇلمىغانلىقتىن، ئالۋاستى بوۋاينى يەۋېتىپتۇ، قىزى بولسا قېچىپ، بۇك-باراقسان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆسكەن قىرى دەرەخنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى ئۆتۈنىپتۇ، دەرەخ بولسا ئاستا - ئاستا يېرىلىپ بىر بوشلۇق هاسىل قىلىپتۇ - دە، قىزچاق بۇ يەرگە مۆكۈنۇۋاپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە قارلىق تاغ ئاتا بۇ دەرەخ قېشىغا كەلگەندە، قىزچاق دەرەخ قوينىدىن چىقىپ، يىراقلا بەخت ئىزدەپ مېڭىپتۇ. يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، بوۋاي ئالتۇن رەڭلىك قۇش، قىزچاق بىرلىكتە چوڭ دەرەخكە بەخت تىلەپتۇ: « مېهرىبان دەرەخ، بىزنىڭ ئانىمىز سەن، پايانسىز قوينۇڭ بىزنى تەربىيىلىدى، ئالۋاستىلارنى يەڭدىڭ، سەن مەڭگۈ ياشىسەن، پەرزەنتلىرىڭ شەپقىتىڭنىڭ ئۇلۇغلىقىنى دەۋرلەر بويى تارقىتىدۇ»(34).

دېڭىز قىزى، قەدىمكى ئەپسانىلەردىكى ئوبراز بولۇپ، « پاتقان قۇياش»(تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە دۇەن چىڭشى تەرىپىدىن خەنچە يېزىلغان «يۈياڭ خاتىرىلىرى» - جىلد) : تۈركلەرنىڭ ئەجدادى شىمۇشىلى دېڭىز ئىلاهى دېيىلەتتى. ئىلاه ئاشىد غارىنىڭ غەربىدە تۇرغانىكەن. شىمۇدىمۇ ئىلاهىي كارامەت بار ئىدى. دېڭىز ئىلاهىنىڭ قىزى بار بولۇپ، هەر كۈنى كەچتە شىمۇنى ئاق بۇغا بىلەن دېڭىزغا ئېلىپ كىرىدىكەن. ئەتىسى ئېلىپ چىقىدىكەن. بۇ ئىش داۋاملىشىپ توپتوغرا ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن قەبىلىدىكىلەر ئوۋ ئوۋلىماقچى بولۇپتۇ. شۇ كۈنى كەچتە، دېڭىز ئىلاهىنىڭ قىزى شىمۇغا جىكىلەپتۇكى: «ئەتە ئوۋ ئوۋلىغان چاغدا سېنىڭ ئەجدادىڭ تۇغۇلغان غاردىن ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك ئاق بۇغا چىقىدۇ. مۇبادا سېنىڭ ئۈزگەن ئوقيايىڭنىڭ ئوقى ئۇنىڭغا تەگسە،بىز داۋاملىق ئالاقە قىلىپ تۇرايلى، ناۋادا تەگمەي قالسا مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋېتەيلى». ئەتىسى ئەتراپ قورشاۋغا ئېلىنىپتۇ، ئەجدادلار تۇغۇلغان غاردىن ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك بۇغا چىققان هامان شىمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىنى قاتتىق ساقلاشقا بۇيرۇپتۇ. بۇغا سەكرەپ مۇهاسىرىدىن چىقىپ كېتىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. (ئۇ يەردە بىر گۇمانلىق يوچۇق قىپ قالغا . ( ). شىمۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ ئانى ئاتىمانىنى تۇتۇپ كېلىپ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ: «ئۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئادەملىرىنى قۇربانلىق قىلىش كېرەك»دەپتۇ هەم ئانى قەبىلىسىدىكى بوغۇنلارنى تۇتۇپ قۇربانلىق قىلماقچى بولسا دائىم ئانى قەبىلىسىدىكىلەرنى قۇربانلىق قىلىدىكەن. .مۇ ئانىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن كەچتە دېڭىزغا كىرىپتۇ. دېڭىز قىز شىمۇغا: «ئادەم ئۆلتۈرۈپسەن، قان هىدى پۇراۋاتىدۇ. مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋېتەيلى» دەپتۇ.

تۈرك پەرىسى، ياز ئىلاهى، قىش ئىلاهى بولسا قەدىمكى ئەپسانىلەردىكى ئوبرازدۇر. تاڭ سۇلالىسىنىڭ پەرمانى بىلەن لىڭ ۇدېفىن قاتارلىقلار تۈزگەن «جۇنامە» - مۇنداق خا تىرىلەنگەن: « بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، تۈركلەرنىڭ ئەجدادى سەك (索« ياكى سۈك ) ئېلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، هۇنلارنىڭ شىمالىدا ياشىغانىكەن. بۇ قەبىلىنىڭ ئاقساقىلىنىڭ ئىسمى ئابام بەگ دېگەن كىشى بولۇپ، جەمئىي 17 17 - ئۇكا ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى ئىگىل نىشاچۇر (يىجى نىشىدۇ) بولۇپ، بۆرىدىن تۇغۇلغانىكەن، ئاپام بەگ قاتارلىقلار تۇغۇلۇشىدىنلا ئەقىل - پاراسەتسىز بولغانلىقتىن، خانلىق ئاخىرى مۇنقەرز بولغانىكەن. ئىگىل نىشاچۇر ئوخشىمىغان مىجەز - خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، بوران - يامغۇرنىمۇ چاقىرىپ كېلەلەيدىكەن. ئۇ ئىككى خوتۇن ئاپتۇ، بىرى ياز ئىلاهىنىڭ قىزى، يەنە بىرى قىش ئىلاهىنىڭ قىزى

ئىكەن. ئۇنىڭ خوتۇنىدىن بىرى ھامىلىدار بولۇپ، بىرلا قېتىمدا تۆت ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى ئاققۇغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. يەنە بىرى ئافۇ دەرياسى بىلەن جيەنشۈي (كېم) دەرياسى ئارىلىقىدا دۆلەت قۇرۇپ، نامىنى چىگۇ ( ) ... ) دەپ ئاتاپتۇ. يەنە بىرى چۈجى دەرياسى بويىدا دۆلەت قۇرۇپتۇ. يەنە بىرى جانىس چۆجېش تېغىغا ماكانلىشىپتۇ، بۇ ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىكەن. شۇنداقلا بۇ جايدا دائىم دېگۈدەك قىرىۋ ئۇششۇكى پەيدا بولىدىكەن. چوڭ ئوغۇل ئۇلار ئۈچۈن ئوت كەشىپ قىلىپ بېرىپ، قەھرىتان سوغۇقتىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈۋېلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپچىلىك ئورتاق ھالدا چوڭ ئوغۇلنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ سايلاپ، تۈرك دەپ ئاتىشىپتۇ. ناردۇلا شاد دېگەن مانا مۇشۇ كىشى ئىكەن، ناردۇلا 10 خوتۇن ئاپتۇ. تۇغۇلغان باللارنىڭ ھەممىسى ئانىلىرىنىڭ قەبىلە نامىنى ئۆزلىرىگە فامىلە قىلىشىپتۇ، ئاشىنا بولسا ئۇنىڭ كىچىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغانىكەن. ناردۇلا ئۆلگەندىن كېيىن 10خوتۇندىن تۇغۇلغان باللار ئۆزلىرى ئىچىدىن بىرىنى باشلىق سايلىماقچى بولۇپ، ھەممىسى بىر تۈپ چوڭ دەرەخنىڭ ئاستىغا يىغىلىشىپتۇ ھەمدە كىم دەرەخ بويلاپ ئەڭ ئېگىز سەكرىيەلىسە شۇ باشلىق بولىدۇ، دەپ كېلىشىم تۈزۈپتۇ. ئاشىنا فامىلىلىك ئوغۇل گەرچە كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ ئېگىزگە سەكرەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ئوغۇللار ئۇنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ سايلاپ، ئاشىناشاد دەپ ئاتاپتۇ. بۇ رىۋايەت ئاجايىپ بولغان بىلەن، يەنىلا بۆرە نەسلىدىن بولغان دېگەن گەپ ئىكەن ».

ئايخان، رىۋايەتلەردىكى شەخس ئوغۇزخاننىڭ ئانىسى بولۇپ، «ئوغۇزنامە» نىڭ بېشىدا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: « بىر كۈنى ئايخاننىڭ كۆزى يورىدى، ئۇ بىر ئوغۇل تۇغدى. ئوغۇلنىڭ يۈز - چىرايى كۆك ئېدى. ئاغزى چوغدەك قىزىل، كۆزلىرى ھال، چاچلىرى، قاشلىرى قارا ئېدى. ئۇ ھۆر پەرىلەردىنمۇ چىرايلىقراق ئېدى. ئۇ ئوغۇل ئانىسىنىڭ ئوغۇزىنى بىر قېتىم ئېمىپلا ئىككىنچىلەپ ئانىسىنى ئەممىدى. خام گۆش، ئاش، مەي سورىدى، تىلى چىقىشقا باشلىدى. قىرىق كۈندىن كېيىن چوڭ بولدى، ماڭدى، ئوينىدى. »(35)

ئىلاھىي نۇر قىز، قەدىمكى ئەپسانىلەردىكى ئوبراز بولۇپ، «ئوغۇزنامە» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: « كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇز خاقان بىر يەردە تەڭرىگە سېغىنىۋاتقاندا (ئەتراپ) قاراڭغۇلىشىپ، ئاسماندىن بىر كۆك يورۇق چۈشتى، ئۇ كۈندىنمۇ نۇرلۇقراق، ئايدىنمۇ يورۇقراق ئېدى. ئوغۇز خاقان ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىسا ئۇ يورۇقنىڭ ئىچىدە بىر قىز تەنھا ئولتۇرغان . ئۇ ساھىپجامال بىر قىز ئېدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدە چوغدەك پارقىراق ، مېڭى بولۇپ خۇددى، تۇمۇر قۇزۇقتا ئوخشايتتى. ئۇ قىز شۇنداق گۈزەل ئېدىكى ، ئۇ كۈلسە تەڭرىمۇ كۈلەر ئېدى، يىغلىسا تەڭرىمۇ يىغلار ئېدى. ئوغۇز خاقان ئۇنى كۆرگىنىدە پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك بېسىپ ھوشىدىن كەتتى، ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالدى، ئۇنى ئالدى، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياتتى، تىلىكىگە يەتتى. ئۇ قىز ئىككى قات بولدى، كۈنلەر ئۆتۈپ ، تۈنلەر ئۆتۈپ ئۇنىڭ كۆزى يورىدى ، ئۈچ ئوغۇل تۇغدى. تۇنجىسىغا كۈن دەپ، ئوتتۇرانچىسىغا ئاي دەپ، كەنجىسىگە يۇلتۇز دەپ ئات قويدى. »(36)

ئاي، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا بىر گۈزەل قىز بولۇپ، «ئاي ھەققىدە رىۋايەت» تىكى

www.uyghurkitap.com



مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئاي ناھايىتى چىرايلىق بولغاچقا، قۇياش دائىم ئۇنى سېغىنىدىكەن. لېكىن، يەتتە سەييارە قۇياشنى ياخشى كۆرىدىكەن، چولپان يۇلتۇز ئاينى ياخشى كۆرىدىكەن. قۇياش يەتتە سەييارىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلماپتۇ. ئىنتايىن ئازاپلانغان يەتتە سەييارە مەخپىي سۇيىقەست قىلماقچى بوپتۇ. بىر كۈنى ئۇ قۇياشنى تېپىپ ئۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان شېرىن ـ شېكەر سۆزلەرنى ئېيتىپ، ھېچقانداق تەجرىبىسى بولمىغان ياش قۇياشنى ئالداپ ئىشەندۈرۈپتۇ. كېيىن قۇياشنىڭ تەييارلىقسىز ھالىتىدىن پايدىلىنىپ، مۈرىسىنى قۇياشنىڭ يۈرىكىگە سانجىۋېتىپتۇ. كېيىن ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ئايغىمۇ شۇنداق قىلىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاينىڭ بەدىنىدە تارتۇق ئىزى قاپتۇ(37).

«قۇياش ۋە ئاي» ئەپسانىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «قۇياش بىلەن ئاي ئەسلىدە يەر يۈزىدىكى بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقلاردىن ئىكەن، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇلارنىڭ تويىغا قوشۇلمايدىكەن. شۇڭا ئۇلار ئاسمانغا قېچىپ كېتىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئۇلار ) . ـ ئانىسىغا دېمەيلا يۇرتىدىن ئايرىلغاچقا، ) . ـ ئانىسى ئۇلارنى قارغىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاسماندىكى ئەسلىدە ئولتۇراقلاشقان جايىدىن مەجبۇرىي ھالدا ئايرىلىپتۇ ھەمدە ئاينىڭ يۈزى سەتلىشىپ ـېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن چىققان ئوت ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە يەر ئۈستىدىكى ئىنسانلار بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ(38).

نۇردىن ھامىلدار بولغان قىز، رىۋايەتلەردىكى ئوبراز بولۇپ، «ئوغۇزنامە» » : «ئوغۇزخاننىڭ ئايالى نۇر تەگرىدىن تۆرەلگەن گۈزەل قىز» دېيىلگەن. بۇقا قاغان (بۈگۈ خانمۇ دېيىلىدۇ) غا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتتە «بۇقا قاغان قاتارلىق بەش ئاكا ـ ئۇكا دۆڭلۈك ئارىسىدا نۇرلار ئىلكىدە تۇغۇلغان»(39) دېيىلگەن. كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەر: «ساتۇق بۇغراخان شەجەرىسى» » : «ساتۇق بۇغراخاننىڭ قىزى نۇردىن ھامىلدار بولۇپ، سەئىدى ئارسىلانخاندەك سەركەردىنى تۇغقان»(40) دېيىلگەن. «تارىخىي ھەمىدى» » : «مۇغۇلىستان خانى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئانىسى ئەلئەنقىۋا نۇردىن ھامىلدار بولۇپ تۇغلۇق تۆمۈرنى تۇغقان»(41) دەپ خاتىرلەنگەن.

تۇمان قىز، ھازىرغىچە تارقىلىپ كېلىۋاتقان خەلق رىۋايىتىدىكى ئوبرازدۇر. «تۇمان قىز» دا مۇنداق دېيىلگەن: چەكسىز كەتكەن بىر جاڭگاللىقتا بىر قانچە ئائىلىلىك ياشايدىكەن. بىر قېتىملىق ئېغىر قۇرغاقچىلىقتا كىشىلەر ئازراقمۇ ھوسۇل ئالالماي، ياقا يۇرتقا بېرىپ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئويلاپتۇ. ئەمما ئۇلار بۇ قاقاسلىقتىن تىرىك ھالدا چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، يەنىلا بۇ يەردە قېلىپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشتىن باشقا چارە تاپالماپتۇ. كىشىلەر ئارىسىدا بىر ئەقىللىق قىز بار بولۇپ، ئۇ كۆپچىلىككە: «سىلەر مېنى كۆيدۈرىۋېتىڭلار، بولمىسا ھەممىز ھالاك بولىمىز. ئاقساقال، مېنى كۆيدۈرىۋېتىڭ!» تۇ. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كىشىلەر ھەيران قاپتۇ. قىزنىڭ قايتا ـ قايتا چىڭ تۇرىۋېلىشى بىلەن كىشىلەر ئوت قويۇپتۇ. پەقەت پەلەككە تاقاشقان ئوت يالقۇنى ۋە پۈتۈن كائىناتنى قاپلىغان ئىس ـ تۈتەكتىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولماپتۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا شارقىراپ يامغۇر يېغىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كىشىلەر ئۇنى تۇمان قىز دەپ چاقىرىشىپتۇ. ئېيتىشلارغا

قارىغاندا، ئۇ تۇمان قىز تولىمۇ ئاق كۆڭۈل بولۇپ، ھەرقېتىم دېھقانلارنىڭ زارىنى ئاڭلىسىلا يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدىكەن. شۇڭا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تۇمان قىزنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بولسىلا كىشىلەر ئۇنى ياردەمگە چاقىرىدىكەن(42)

بۇلۇت قىز، ھازىرغىچە تارقىلىپ كېلىۋاتقان خەلق رىۋايىتىدىكى ئوبرازدۇر. «بۇلۇت قىز» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ بىر گۈزەل ئايال پادىشاھ بولۇپ، بىر كۈنى قىرىق كېنىزىكىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئورمانلىقتا ساياھەتكە چىقىپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا تۇيۇقسىز چاقماق چېقىپ، كۈچلۈك شامال چىقىپتۇ ۋە يامغۇر يېغىپ بىر توپ قارا بۇلۇت كېلىپ قىزلارنى بۇلاپ ئاسمانغا ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ زور قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ قارا بۇلۇت بىلەن جەڭ قىلغان بولسىمۇ، بىراق قارا بۇلۇتنى يېڭەلمەپتۇ. قوشۇن قارا بۇلۇتقا يېقىنلاشسىلا تاشقا ئايلىنىپ كېتىپ مىدىرلىيالماپتۇ(43).

## III خىسلەتلىك ئوبرازلار

قۇرۇتقا (قۇتقامۇ دېيىلىدۇ) ھازىرغىچە لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان ئەپسانىۋى ئوبرازدۇر. لوپنۇرلۇقلار مومىسىنىمۇ قۇرۇتقا دەپ چاقىرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ خەلق ئىچىدىكى ئەمچى (تېۋىپ) بولۇپ، يوقىرالارنى داۋالايدىكەن («قۇرۇتقا» دېگەن رىۋايەتكە قارالسۇن)(44). لوپنۇرلۇقلار ھازىرمۇ چوڭ ئاياللارنى قۇتقا دەپ چاقىرىدىغان بولۇپ، ھەرقانداق ئاياللارنى قۇتقا دەپ ئاتىماستىن، بەلكى ياشتا چوڭراق ۋە مەھەللىدە بەلگىلىك مەرتىۋىسى بار، ئاق كۆڭۈل، ياخشى نىيەتلىك، دادىل، قەيسەر، ياخشى ئىشلارنى قانات يايدۇرغان، تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ئاياللارغا باشلامچىلىق قىلىدىغان، ياشتا چوڭ ئاياللارنى «قۇرۇت» دەپ چاقىرىدۇ (45). «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دىكى مەلۇماتلارغا قارىغىنىمىزدا، «قۇرۇت» نىڭ بۆرە دېگەن مەنىسى بار(46). قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «قۇت» بولسا « ) . » دېگەن مەنىدە. 11 - ئەسىردە ئۆتكەن شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ). «قۇرۇت» دېگەن سۆزنى «ياشانغانلار»» «چوڭلار» دېگەن مەنىلەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە «قۇرۇت» دېگەن سۆزدىكى «»» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان بولۇپ، «قۇت» سۆزى بەلكىم «قۇرۇت» سۆزىدىن ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن. «قۇرۇتقا» مۇ بەلكىم تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرىنى توتېم قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر موما قومۇل قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئاق چاچلىق پەرىزاتنىڭ ئوبرازىدۇر. ئۇ ئېسىل پەزىلەتلىك، ئىشچان ۋە قابىلىيەتلىك بولۇپ، ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈش چولپىنى دەپ قارالغان. ئۇنىڭ بەدىنىدە بىر خىل ئىلاھى كۈچ بولغانلىقتىن، ئائىلىلەرنى ئىناق، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ھەركۈنى ئەتىگەندە سەھەر تۇرۇپ ھويلا ۋە يوللارنى خۇددى چىنىدەك پاك - پاكىز تازىلايدىغان ياخشى ئادىتى بار بولۇپ، ئۇ بىر ئۆمۈر باشقىلار ئۈچۈن جاپا چەككەن بولسىمۇ، ئەزەلدىن ئاغرىنمىغان ۋە ھاكاۋۇرلۇق قىلمىغان. شۇنداقلا، ئۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۆلگىسىگە ئايلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاياللارنى باھالىشىدىكى ئۆلچىمىگە ئايلانغان(47).

www.uyghurkitap.com



بۆشۈك ئانام ھازىرغىچە تارقىلىپ كېلىۋاتقان ئەپسانىۋى ئوبرازدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسى ئوپال يېزىسىدىكى ھەزرىتى مازار تېغى، ئاتۇشتىكى ساتۇق بۇغراخان مازىرى، ئوردام مازىرى، ئاپاق غوجا مازىرى قاتارلىق بىرقانچە چوڭ مازارلارنىڭ قېشىدا بۆشۈك ئانام ئېغىزى بار بولۇپ، تۇغمىغان ئاياللار شۇ تۆشۈكتىن خالىغانچە بىر نەرسە ئېلىپ يېسە تۇغارمىش(48). باي ناھىيەسىدىمۇ بۆشۈك ئانامنىڭ جايى بار ئىكەن. بۆشۈك ئانام تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، ئىشچان ھەم قابىلىيەتلىك بولۇپ، داۋاملىق بەخت تىلىگەنلەرگە پەرزەنت ئاتا قىلىدىكەن. قەشقەردىكى بەزى كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، بۆشۈك ئانام قەشقەر خانلىقىنىڭ پادىشاھى ئافراسىياپنىڭ ئايالى ئىكەن. ئۇ قوشكېزەك تۇغقان بولۇپ، بىرىنى ئۆزى باقسا بىرىنى بۆشۈككە بۆلەپ قويىدىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ قەشقەر كىشىلىرى بۆشۈكنى بىلگەن بولۇپ، ھازىرقى بۆشۈكنى ئەسلىدە بۆشۈك ئانام كەشىپ قىلغان ئىكەن(49).

IV تاشقا ئايلانغان ئوبرازلار

بوغدا ئانا، ھازىرغىچە تارقىلىپ كېلىۋاتقان ئەپسانىۋى ئوبرازدۇر. ئۇيغۇرلار بوغدا كۆلىنى بوغدا دەپ ئاتايدۇ. «بوغدا تېغىنىڭ مەنبەسى» دېگەن ئەپسانىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بوغدا ئەسلىدە بىر ئوغۇل بالىنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇ ۋە ) . ـ ئانىسى ئەۋلىيا ئىكەن. بوغدا نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلارنى قىلغ تەڭرى تەسىرلىنىپ، بوغدا ۋە ئۇنىڭ ) . ـ ئانىسىنى بوغدا تېغىغا ئايلاندۇرغان ئىكەن. بوغدا كۆلى بولسا بوغدانىڭ ئانىسىنىڭ قورسىقى بولۇپ، دائىم سۇ ئاقتۇرۇپ يالماۋۇزغا بېسىم قىلىدىكەن(50).

ئۇرۇمچى ئانىسى، ھازىرغىچە تارقىلىپ كېلىۋاتقان خەلق ئەپسانىلىرىدىكى ئوبرازدۇر. «ئانا قۇۋۇق» رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا، بۇرۇنقى زاماندا ئۆلانباي بېگى دەقيانۇس غەربكە كۆچۈپ، پايتەختىنى ئۇرۇمچىگە قۇرۇپ دۆلىتىنى باشقۇرغان بولۇپ، شۇ چاغلاردا قىزىلتاغ ئۆڭكۈرىدە بىر زەھەرلىك ئەجدىھا بار ئىكەن. ئۇ دائىم كىشىلەرنىڭ ۋە مەھەللىنىڭ بىخەتەرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىكەن. ھېچكىم بۇ زەھەرلىك ئەجدىھانى يېڭەلمەپتۇ. لېكىن زەھەرلىك ئەجدىھا دۇنيادا پەقەت دەقيانۇسنىڭ ئانىسىدىنلا قورقىدىكەن. بىر كۈنى دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن دەقيانۇسنىڭ ئانىسى ئېتىغا مىنىپ قولىغا شەمشەر ئېلىپ، زەھەرلىك ئەجدىھا بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ تاشلاپ يېزىدىكىلەرنىڭ دۈشمىنىنى مەغلۇپ قىپتۇ. دەقيانۇسنىڭ ئانىسى ئاخىرقى ئۆمرىدە شەھەر خەلقىنى قوغداش ئۈچۈن بۇلاقبېشى مۇنارىغا چىقىپ، بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تاشقا ئايلىنىپ كېتىپ، نەچچە مىڭ يىللار ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ. كەڭ يۇرتداشلار ھەمدە ئۇرۇق ـ ئەۋلادلارمۇ دەقيانۇسنىڭ ئانىسىنىڭ ھەيكىلىگە چوقۇنۇپتۇ ۋە كىشىلەر ئۇنى ئۇرۇمچى ئانىسى دەپ قارىشىپتۇ(51).

يەڭگە تاش، ئۈچتۇرپان ناھىيەسىدىكى ئورمانلىق تاغدا يەڭگە تاش دەيدىغان جاي بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا. ئۇنىڭ ئېرى چېگراغا يۇرتىنى قوغداشقا كەتكەن ئىكەن. ئۇ ئۇزۇن مەزگىل كۈتكەن بولسىمۇ، بىراق ئېرى قايتىپ كەلمەپتۇ. ئۇنىڭ كۈتۈۋېرىشىدىن تەڭرى تەسىرلىنىپ، ئۇنى تاشقا ئايلاندۇرىۋېتىپتۇ(52).

تاش قىز، ئاتۇش خەلق رىۋايەتلىرىدە تارقىلىپ كېلىۋاتقان ئوبرازدۇر. « (

ھەققىدە ئەپسانە» گە ئاساسلانغاندا، تاش قىز ئەسلىدە ئاسمان ئىلاھىنىڭ قىزى بولۇپ، بىر كۈنى ئۇ يەر يۈزىگە چۈشۈپ ، تۇپراق ئىلاھىنىڭ ئوغلى بىلەن مۇھەببەتلىشىپتۇ. بىراق ئاسمان ئىلاھى رازى بولمىغانلىقى ئۈچۈن تۇپراق ئىلاھى بىلەن ئېلىشىپتۇ. بىراق يېڭىلىپ قىلىپ، قىزىنى تاشقا ئايلاندۇرىۋېتىپتۇ(53).

چولپان. ئۇيغۇرلار داڭلىق شەخسلەرنى چولپان دەپ ئاتايدۇ. ئۇ يەنە ئادەمنىڭ ئىسمى بولۇپ چولپانگۈل دەپمۇ ئاتىلىدۇ. باي ناھىيەسىدە بىر چوكانتاش بار. ئۇ ئەسلىدە قىرىق كۈنلۈك بالىسى بار چىرايلىق چوكان بولۇپ، ئىسمى چولپانگۈل ئىكەن. يۇرت ئاھالىلىرى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرغان چاغدا، ئۇ پىشۇرۇلغان تۆگە گۆشى بىلەن ئۇلارنى كۈتۈۋاپتۇ. دۈشمەنلەر شەھەرگە يېقىنلاشقاندا، تەڭرى خەتەر ئىچىدە قالغان ئاياللارنى ۋە تۆگە گۆشىنى تاشقا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. تاش ئاستىدىن بىر بۇلاق ئېقىپ چىققان بولۇپ، ئىنساپلىق كىشىلەر كەلسە كېسىلى شىپا تاپىدىكەن. ئەگەردە ئەسكى كىشىلەر كەلسە بىر يىلان چىقىپ ئۇلارنى چېقىۋالىدىكەن. چەرچەن ناھىيەسىدىمۇ بىر چوكان تاش بار بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە ناھايىتى گۈزەل، ساداقەتمەن، ئىشچان ئايال ئىكەن(54).

كېلىنچەك تاش. ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ ئويتاغ يېزىسىدا بىر كىچىك تاغ چوققىسى بار بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇرۇنقى زاماندا ئاشۇ جايدا بىر گۈزەل قىز ئۆزىنىڭ پاك مۇھەببىتىنى قوغداش ئۈچۈن تەۋرەنمەس ئىرادىسى ئارقىلىق ئۆز ساداقىتىنى ئىپادىلەپ، قاراقچىلارغا قارشى تۇرغاچقا، تەڭرى تەسىرلىنىپ تاغ چوققىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىكەن(55).

يەتتە قىزلىرىم ۋە يەتتە قىزلىرىم چوققىسى. بۇ تۇرپاننىڭ پىچان ناھىيەسى لەمجىن يېزىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئۆرۈپ-ئادەت ھادىسىسىدۇر(56).«يەتتە قىزلىرىم ۋە يەتتە قىزلىرىم چوققىسى» غا ئالاقىدار كۆپ خىل رىۋايەتلەر بار بولۇپ، بىر خىلى مۇنداق: بىر كۈنى باشقا مەملىكەتتىن قاراقچىلار كېلىپ يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك ياۋۇزلۇق بىلەن ئەسكى ئىشلارنى قىلىپ، ئىبادەتخانىنىڭ چوڭ ھويلىسىغا بۆسۈپ كىرىپتۇ. ئۇلار چوڭلارنى تېشىغا چىقىرىۋەتكەچكە، ئۆيدە پەقەت يەتتە كىچىك قىزلا قاپتۇ. يەتتە قىز سىرتتا ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ ۋە ) ... ىلارنىڭ ھويلىغا كىرىپ كىشىلەرنى قەبىھلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ئۆيلەرنى كۆيدۈرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۆيدىن چىقىپ تاغ چوققىسىنى ئىگىلەپ، قاراقچىلار بىلەن ئېلىشىپتۇ. قاراقچىلار سانسىز قېتىم چۇقان- سۈرەن سېلىپ باستۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، قىزلار تەرىپىدىن چېكىندۇرۇلۇپتۇ. ئۇلارنىڭ قەيسەر روھىدىن يەر- جاھان لەرزىگە كەپتۇ. ئاخىرىدا ئۇلار ئاجىزلىق قىلىپ يېڭىلىپ قالاي دېگەن پەيتتە تاغ چوققىسىدا باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان، چىرايى نۇرلۇق، قاشلىرى ئاپئاق، ئۈچىسىغا تون كىيگەن مويسىپىت پەيدا بولۇپ، قولىنى كۆتۈرۈپ تەڭرىگە دۇئا قىپتۇ ھەمدە بىر قولىنىڭ بارمىقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، «كۆيۈڭلار!» دېيىشىگىلا ئاسماننى بىردەمدە ئوت قالقۇنى بىردەمدىلا ئوت قاپلاپ، كۆيۈشكە باشلاپتۇ. كۈچلۈك ئوت يالقۇنى بىردەمدىلا يايپېشىل تاغنى كۆيدۈرۈپ، خۇددى قان بىلەن بويىغاندەك قىپقىزىل قىلىۋېتىپتۇ ھەم قاراقچىلارمۇ كۆيۈپ كۈل بوپتۇ. ھايات قالغان كىشىلەر كۆيۈپ تاقىر بولۇپ قالغان تاغ چوققىسىدا قاتار تۇرغان،

uyghurkitap.com



ئادەمنىڭ قىياپىتى ئادەمگە ئوخشايدىغان، شەكلى ئۆزگىچە يەتتە تاش ھەيكەلنى كۆرۈپتۇ. كىشىلەر بۇلارنى يەتتە قىزلىرىمىنىڭ تاشقا ئايلانغان جىسمى دەپ رىۋايەت قىلىشىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كىشىلەر لەمجىنىنىڭ جەنۇبىدىكى يالقۇنتاغىنىڭ بۇ بۆلىكىنى «يەتتە قىزلىرىم چوققىسى» دەپ ئاتىشىپتۇ. كېيىنچە كىشىلەر يەتتە قىزلىرىمنى خاتىرىلەش ئۈچۈن يەتتە قىزلىرىم چوققىسىغا گۈمبەزلىك قەبرە ياساپتۇ(57).

V بالدۇر ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوبرازلار

ئالتۇن قىز، ھازىرغىچە تارقىلىپ كېلىۋاتقان خەلق رىۋايەتلىرىدىكى ئوبرازدۇر. «ئافراسىياپ» رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا، قەشقەر خانلىقى پادىشاھى ئافراسىياپنىڭ قىزى ئالتۇن قىز دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ۋە زېرەك قىز ئىكەن. پادىشاھ ئۇنىڭغا شۇنداق ئامراق بولغاچقا، ئۇنى ھۆرمەت قىلىدىكەن. ئۇ دائىم قىزنىڭ قانداق سەۋەب بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلايدىكەن. پېرىخون ئۇنىڭغا قىزنى دۆ چېقىۋېلىپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ دۆ بار جاينى تاپالماي، ئاخىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى تاغقا چوڭ بىر ھەيۋەت قەسىر سالدۇرۇپ، قىزىنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. لېكىن بىر كۈنى بەشكېرەملىك بىر بالا ئېشەككە مىنىپ ئۇستۇن ئاتۇشقا ئۈزۈم ساتقىلى كېتىۋېتىپ، ئۈچ مېرۋاننىڭ يېنىدىن ئۆتكەن چاغدا، مەلىكىگە بىر ساپاق ئۈزۈم سوۋغا قىپتۇ. ئۈزۈم ئىچىدىن چىققان دۆ مەلىكىنى چېقىۋالغاچقا، مەلىكە شۇ يەردىلا جان ئۈزۈپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قەشقەر خەلقى مەلىكىنى ياد ئېتىش يۈزىسىدىن دائىم بۇ يەرگە كېلىپ مەلىكىنى يوقلايدىكەن(58).

بەزىلەر ئافراسىياپ دەقيانۇس، ئالتۇن قىز دەقيانۇسنىڭ قىزى دېيىشىسمۇ، يەنە بەزىلەر بۇنى جەزىملەشتۈرەلمەيدىكەن. كونا ئۇيغۇرچە قولىيازما كىتاب «ئەسھابۇلكەھف تەزكىرىسى» (1884 ـ يىل) «تارىخى تەبەرى» دىن نەقىل ئېلىپ، «دەقيانۇس گرېكتۇر» دېگەن.

دەقيانۇس قىزى. دەقيانۇس خەلق رىۋايەتلىرىدە تارقىلىپ كېلىۋاتقان شەخستۇر. بۇرۇنقىلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ئۈرۈمچى، قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى بەزى قەدىمكى شەھەرلەرنى دەقيانۇس قۇرغان ئىكەن(59)9 ئۇلار قەدىمكى دەۋرلەر دەقيانۇسنىڭ دەۋرى بولۇپ قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى ئۈچ مېرۋان (خەلق توققۇز ئۆڭكۈر دېيىشكە ئادەتلەنگەن) نى دەقيانۇس ياساتقان دەپ قارايدىكەن. پېرىخون مەلىكىنى دۆ چېقىۋېلىپ ئۆلۈپ كېتىدىكەن دېگەچكە، قەشقەر خانى دەقيانۇس ئۈچ مېرۋاننى ياسىتىپ، گۈزەل ۋە ئەقىللىق مەلىكىنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. قەشقەردىكى بەزى كىشىلەر ئۈچ مېرۋاننى دەقيانۇسنىڭ قىزىنىڭ ھۇجرىسى دەپ قارايدۇ.

ھارۇنخان قىزى. ھارۇن قەشقەر خاندانلىقىنىڭ قاغانى بولۇپ، ھارۇن بۇغراخان II دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مىلادىيە 1075/1074 ـ 1089 يىللار ئارىلىقىدا ھۆكۈم سۈرگەن. فرانسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى پائول پېللىئوت 1906 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى ئۈچ مېرۋاننى تەكشۈرۈپ بىر ئەپسانىنى خاتىرىلىگەن. ئاساسلىق مەزمۇنى بولسا مۇنداق ئىكەن: ھارۇنخاننىڭ بىر مەلىكىسى بار بولۇپ، ئۇ تولىمۇ چىرايلىق ئىكەن. كىشىلەر ئارىسىدا

مەلىكىنى دۆ چېقىۋېلىپ ئۆلۈپ كېتىدىكەن دېگەن گەپلەر تارقىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، قەشقەر قاغانى ھارۇن چىن(خوتەن)دىن تاشچى ئۇستىلارنى كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا تاغ باغرىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىكى ئۈچ مېرۋان غارىنىڭ ئىچىگە 41 ئېغىز ھۇجرا ياستىپتۇ ھەمدە چىرايلىق ۋە زېرەك مەلىكىنى ئۇنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مەلىكىنىڭ ئۈزۈم يېگۈسى كەپتۇ. ھارۇن قاغانىنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملەر خانئۈي (60)دىن تاكى ‹ئۈچ مېرۋان› غىچە بىر قاتار بولۇپ، ئۈزۈمنى قولدىن- قولغا ئۆتكۈزۈپ مەلىكىگە توشۇپتۇ. يەنە بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بەشكېرەملىك بىر ئۈزۈمچى بالا ئېشەككە مىنىپ ئۇستۇن ئاتۇشقا ئۈزۈم ساتقىلى كېتىۋېتىپ، ئۈچ مېرۋاننىڭ يېنىدىن ئۆتكەن چاغدا مەلىكىگە بىر سېۋەت ئۈزۈم سوۋغا قىپتۇ. مەلىكە كېنىزەكلەرنى ئۈزۈم يېيىشكە تەكلىپ قىپتۇ. دەل ئاشۇ ۋاقىتتا ئۈزۈمنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان بىر تال دۆ مەلىكىنىڭ تىلىنى چېقىۋېلىپ، مەلىكە شۇئان جان ئۈزۈپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ يەر قارغىش تەگكەن يەرگە ئايلىنىپ، ھەرقانداق ئادەم ئۇ يەرگە بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بوپتۇ(61).

قاغىلىق مەلىكىسى. «قاغىلىق مەلىكىسى ۋە تاغ ھۇجرىسى» رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا، قاغىلىق پادىشاھىنىڭ قىزى تولىمۇ گۈزەل ئىكەن. پادىشاھ قىزىدىن ئەنسىرەپ، تاغ باغرىغا تاش ھۇجرا ياستىپ، قىزىنى ماكانلاشتۇرۇپتۇ. بىراق بىر ساپاق ئۈزۈم ئارىسىدىن بىر سېرىق ھەرە چىقىپ مەلىكىنى چېقىۋېلىپ، مەلىكە ئۆلۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ تولىمۇ قايغۇرۇش ئىلكىدە كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. قاغىلىقتىكى تاغ باغرى مىڭئۆي غارى مانا مۇشۇنداق بارلىققا كەلگەن ئىكەن(62).

كۈچا خان قىزى مارجان. «كۈچا خانى ئافراسىياپ» دېگەن رىۋايەتتە دېيىلىشىچە، قەدىمكى دەۋرلەردە كۈچا خانى ئافراسىياپ بىلەن ئىران باتۇرى رۇستەم ئوتتۇرىسىدا كۈچا سېپىلىدا قاتتىق جەڭ بولۇپ، بۇ كەسكىن جەڭدە ئافراسىياپ قۇربان بوپتۇ. بۇ چاغدا مەلىكە مارجان كۈچا قوشۇنىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىران تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن مەلىكىمۇ مەغلۇپ بوپتۇ. چېكىنىۋاتقاندا مەلىكە تەڭرىدىن ياردەم سوراپتۇ. تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە يەر يېرىلىپ مەلىكىنى يۇتۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شۇ يەردە بىر بۇلاق پەيدا بولۇپ، مارجان بۇلاق دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىنكىلەر دائىم بۇ يەرگە كېلىپ بۇلاق سۈيىنى ئىچىپ، يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ ، ئۆزلىرىگە بەخت تىلەپ، مەلىكىگە دۇئا قىلىپ، مارجاننىڭ تۆھپىسىنى ئەسلىشىپتۇ(63).

## VI مەشھۇر ئوبرازلار

كۈمۈش ئانام ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان ئاقكۆڭۈل، ئەمگەكچان چوڭ ئانىلارنىڭ ئوبرازىدۇر(64).ھازىرمۇ ئاتۇشنىڭ ئاغۇ يېزىسىدا كۈمۈش ئانام تاش ھەيكىلى بار.

ئالتۇن تارىم. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» : . «خان جەمەتىدىن كېلىپ چىققان ئەۋلادلار ... تارىم بولسا تېگىنلەرگە (شاھزادىلەرگە)، ئافراسىياپ ئەۋلادىدىن بولغان خېنىملارغا، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ- ئۇششاق بالىلىرىغا خاس بىر سۆز. خاقان ئوغۇللىرىدىن باشقىلار ھەر قانچە يۇقىرى مەرتىۋىدە بولسىمۇ، بۇ سۆز ئۇلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ»(65). دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



«ساتۇق بۇغراخان شەجەرىسى» » : «ئافراسىياپ قاراخانىيلار خاندانلىقىدىكى كېيىنكى ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ ئىچىدىكى ‹يۇقىرى تەبىقە› گە تەۋە ئەجدادلىرىدىن بىرى»(66).دېيىلگەن. ئۇنىڭ ئىسمىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پادىشاھنىڭ قىزى ئالتۇن تارىم بەلكىم ئاياللارنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى بولۇشى مۇمكىن.

قاز بولسا قەدىمدىكى مەشھۇر ئاياللار ۋەكىلىدۇر. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» » : « ئافراسىياپنىڭ قىزى، دائىم بۇ يەردە ئوۋ ئوۋلايدۇ ... قىزنىڭ ئاتىسى ‹توڭا ئالىپ ئەر› بولسا دەل ئافراسىياپنىڭ ئۆزىدۇر ... بۇ جايدا ئافراسىياپنىڭ قىزى قازنىڭ ئېرى سىياۋۇش ئافراسىياپقا قارشى جەڭدە ئۆلگەن»(67). دېيىلگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان سىياۋۇش ئىران شاھزادىسىدۇر.

قەنتۇر(68) توغرىسىدا تارىخچى موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخي ھەمىدى» دىكى خاتىرىسىدە «قەنتۇرا بولسا تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مومىسى ھېسابلانغان بىر ئايالنىڭ ئىسمى» دېيىلگەن(69). بىراق يەنە بىر قەدىمكى تارىخچى ئۇ قەدىمكى زاماندىكى ئەرەب قىزى دەپ قارىغان.

شېرىن بولسا خەلق ئىچىدە تارقالغان رىۋايەت ۋە چۆچەكلەردىكى شەخس بولۇپ، شېرىن قىزمۇ دېيىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شېرىن گۈزەل، ساداقەتلىك، كېلىشكەن قىزلارنىڭ ۋەكىلىدۇر(70).بۇ ئوبراز بەلكىم «فەرھاد ـ شېرىن» بىئوگرافىيەسى ۋە داستانىدىكى باش قەھرىمانىنىڭ ئوبرازىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. بەزى رىۋايەتلەردە ئۇ كۈچارلىق دەپمۇ قارىلىدۇ.

مەلىكە خوتەنى ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلەردىكى شەخستۇر. «خوتەن مەلىكىسى» رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا، بۇرۇنقى زاماندا بۇقاخان ئىسىملىك بىر خان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىزى بولۇپ، پادىشاھ قىزىغا گۈزەل جاي تېپىپ بېرىش ئۈچۈن ئاخىرى خوتەنگە كېلىپ، يېڭى شەھەر بەرپا قىلىپ، مەلىكە خوتەنى دەپ ئىسىم قويۇپ، كېيىنچە خوتەن دەپ ئاتاپتۇ. خوتەننىڭ نامى مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئىكەن(71).

كۇسەن مەلىكىسى ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلەردىكى ئوبرازدۇر. ئۇ تولىمۇ گۈزەل، ئەقىللىق، پاكىز ۋە ساداقەتمەن قىز ئىكەن. پادىشاھ ئۇنىڭغا مەخسۇس ھۇجرا ياسىتىپ، ئۇنى شۇ يەردە تۇرغۇزۇپ، 40 كېنىزەكنى مەلىكىنى كۈتكىلى ساپتۇ. بۇ ھۇجرا ھازىرقى كۇسەن مىڭئۆيى ئىكەن. يەنە بىر رىۋايەتتە دېيىلىشىچە، خوتەن پادىشاھىنىڭ فەرھاد ئىسىملىك ئوغلى بولۇپ، ئۇ كۇسەن مەلىكىسى بىلەن توي قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، مەلىكە ئۇنىڭدىن مىڭئۆي قېزىپ چىقىشنى تەلەپ قىلغان(72).

رابىيە كاشغەرى ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلەردىكى ئوبرازدۇر. «رابىيە كاشغەرى» دېگەن رىۋايەتتىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ قاراخانىيلار دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن شائىرە بولۇپ، دائىم ئۆگزىگە چىقىپ يۇلتۇزلارغا قاراپ مۇناجات ئوقۇيدىكەن. يۈسۈپ قادىرخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، رابىيەنى ئوردىغا چاقىرتىپتۇ. ئۇ بۇ ئىشقا چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دەپتۇ: «دۇنيادا ئاياللارنىڭ ئىشى ئەڭ كۆپ، خۇددى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ. مەن مۇبادا يۇلتۇزدىن بىرەرى چۈشۈپ كەتسە، ئاياللارنىڭ بىر تۈرلۈك ئىشى قىسقىرىغاندەك تونۇشتا

بولىمەن. شۇڭا، دائىم ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى كۆزىتىمەن». پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ تەسىرلىنىپ، مۇنداق بىر تۈرلۈك يارلىق چۈشۈرۈپ «ھەرقانداق ئەركىشى ھەر پەيشەنبە كۈنى كەچتە ئاياللىرىغا ئازراقتىن سوۋغات تەييارلاپ، ئۇلارنى رازى قىلىش كېرەك» دەپ ئېلان قىپتۇ. شۇڭلاشقا، تا بۈگۈنگىچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇ خىل ئادەت ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئاشۇ چاغدىن باشلاپ داۋاملىشىپ كەلگەن ئىكەن(73) ھازىر ئۇيغۇرلار بۇنى «پەيشەنبىلىك» دەپ ئاتايدۇ.

بۇبى رابىيە ھازىرغىچە تارقىلىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلەردىكى شەخس بولۇپ، 11 - ئەسىردە ئۆتكەن تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئانىسىدۇر. «بۇبى رابىيە رىۋايىتى» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇ بىر بىلىملىك، ئىشچان ۋە قابىلىيەتلىك، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان، ئاددىي - ساددا، ئاقكۆڭۈل ئايال ئىكەن. كونىشەھەر ناھىيەسى ئوپال يېزىسىدا ئۇنىڭ قەبرىسى بار بولۇپ، 1000 يىلدىن بۇيان قەشقەرلىقلەر ئۇنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىپ، دائىم بېرىپ دۇئا قىلىپ بەخت تىلىشىدىكەن. 1980 - يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەر شىنجاڭدىكى گېزىت - ژۇرناللاردا كۆپ قېتىم ئېلان قىلىندى(74).

يەتتە قىز ھازىرغىچە خەلق رىۋايەتلىرىدە تارقىلىپ كېلىۋاتقان ۋەكىللىك شەخستۇر. پىچان(75)، ئۈچتۇرپان(76)، كېرىيە(77)، توقسۇن، كونىشەھەر ناھىيەسى ئوپال يېزىسى قاتارلىق جايلاردا يەتتە قىز مازىرى بار. پىچان ناھىيەسى لەمجىن يېزىسىدىكى يەتتە قىز ئابدۇلنىڭ قىزى بولۇپ، ئابدۇلنىڭ ئىنىسىنىڭ يەتتە ئوغلى بار ئىكەن. ئابدۇل بىلەن سەيدۇل ئاتىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىككى ئائىلىدىكى باللارنىڭ ئۆز - ئارا توي قىلىشىنى ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، بىراق سەيدۇلنىڭ ئايالىنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن توي قىلالماپتۇ. ئاخىرىدا باللار دەرياغا سەكرەپ ئۆلۈۋالغانلىقتىن، يۇرتداشلار ئۇلار ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم ھالدا قەبرە قاتۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ روھى يەنىلا بىر - بىرىنى يوقلاپ تۇرارمىش(78). ئۈچتۇرپاندىكى يەتتە قىز مازىرى ئەسلىدە 18 - ئەسىردىكى يۇقىرى تەبىقىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئېزىشىگە، زۇلۇم سېلىشىغا قارشى تۇرغان ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدىكى قەھرىمانلارنىڭ ۋەكىلىدۇر. خوتەندىكى يەتتە قىز مازىرىمۇ ئاقكۆڭۈل، ساداقەتمەن، گۈزەل قىزلارنىڭ ۋەكىلىدۇر. توقسۇن ناھىيەسى چىلانتاغ مازىرىدىمۇ يەتتە قىزنىڭ مازىرى بار بولۇپ، يۇرتداشلار دائىم بۇ يەرگە كېلىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ، ئۆزلىرىگە پەرزەنت ۋە بەخت تىلىشىدۇ. تۇرپاندىمۇ يەتتە قىز مازىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر تارقالغان (ولۇپ، يەتتە قىز ئەسلىدە بىر جۈپ پاك ۋە ساداقەتلىك ئەر - ئايالنىڭ قىزى ئىكەن. ئانىسى ئادالەتسىز نىكاھ تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، چوڭ بېسىملارنى يېڭىپ، ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىكەن.

مەرەن بولسا چاقىلىق ناھىيەسىدە تارقالغان «چاقىلىق قوشاقلىرى» دىكى ئايال ئوبرازدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تەخمىنەن 2000 يىللار ئىلگىرى، مەلۇم بىر قەبىلە باشلىقىنىڭ ئوغلى لوپنۇر قېرىنداش قەبىلىنىڭ قىزى تەتىمە بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلماپتۇ ۋە كۆڭلىدە كۆسەن ئۇسسۇلى ئۆگىنىش ئارزۇسى پەيدا بولۇپ، يۇرتىدىن ئايرىلىپ يىراققا سەپەر قىپتۇ. يولدا قارا

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى www.uyghurkitap.com



بورانغا ئۇچراپ، چارقىلىق ۋە مىرەن ئاكا- سىگىل ئىككىسى قۇتقۇزۇۋاپتۇ. بۇ ئاكا- سىگىللار ئەسلىدە شامال ئىلاھىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بولۇپ، چارقىلىق ئاكىسى، مىرەن سىگىلىسى ئىكەن. تەتىمە لوپنۇردىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، يۇرتىدىن ايرىلىپ لوپنۇرنى ئىزدەپ مېڭىپ يولدا چارقىلىقتا ئۇچراپ قېلىپ، بىر- بىرىگە كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ. تەڭرىنىڭ ياردىمى ۋە ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇش ئاستىدا لوپنۇر بىلەن مىرەنمۇ مۇھەببەتلىشىپتۇ. تەڭرىنىڭ ياردىمى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئاستىدا ئۇلار ـرى بىر قاتار قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ توي قىلىپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ ۋە ئۇلار لوپنۇر، چاقىلىق ۋە مىرەن قاتارلىق ئۈچ بوستانلىقنى بەرپا قىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۇرۇق- ئەۋلادلىرى ئەۋلادمۇ- ئەۋلاد ئاشۇ يەردە تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ(79).

مەلىكە نىگار قەدىمكى دەۋرلەردىكى كورلا قاغانىنىڭ مەلىكىسى بولۇپ، ئەقىللىق، ئاقكۆڭۈل بولغاچقا، دائىم پادىشاھ ئاتىسىغا ياردەملىشىپ، دۆلەت ئىشلىرىغا يول كۆرسىتىدىغان قەيسەر قىز ئىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ مەلىكە تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇپ شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىپتۇ ۋە ۋاپات بولغان شۇ جاي ئۇنىڭ ئىسمى بولغان «مەلىكە نىگار» نامى بىلەن ئاتىلىپ، كېيىنچە «مىڭكىنىيە» گە ئۆزگىرىپتۇ. بۇنىڭ مەنىسى «مەلىكە نىگار» ئىكەن(80).

ئامانىنىساخان خەلق ئارىسىدىكى مۇزىكا ئۇستازى بولۇپ، قەدىمكى يەكەندە ياشاپ ئۆتكەن. ئۇ ھەرخىل ناخشا- مۇزىكىلارغا پىششىق بولۇپ(81)، ئەل ئىچىدىكى ھۆججەت ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئامانىنىساخان يەكەن خانلىقىنىڭ ئىككىنچى پادىشاھى ئابدۇرېشىتخاننىڭ خانىشى ۋە مۇزىكاشۇناس، شائىرە بولۇپ، پادىشاھنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش خىزمىتىگە باشچىلىق قىلىپ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ئىكەن.

گۈلەمخان ھازىرغىچە تارقىلىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلەردىكى باش قەھرىمان بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئىلى ۋادىسىدا تۇرمۇش كەچۈرىدىغان پاك، ساداقەتلىك، ئەمگەكچان، قەيسەر قىزلارنىڭ ۋەكىلىدۇر. گۈلەمخان قوشاقلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ۋە ئىنتايىن كەڭرى تارقالغان بولۇپ، تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر(82).

### VII قەھرىمان ئوبرازلار

تۇمارىس گرېك تارىخچىسى ھىرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق كىتابىغا ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماسساگېتلار، يەنى ساكلارنىڭ رەھبىرىدۇر. تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 7- ئەسىرلەردە، ئۇ ئۆز قەبىلىسىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، پارس پادىشاھى كىروسنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرغان(83). قىسمەن ساكلار مىلادىيەدىن ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي شىمالى ۋە تارىم دەرياسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى ۋادىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، مىلادىيە 9- ئەسىرلەردىن كېيىن شىنجاڭدىكى ساكلار يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي تەركىبىگە سىڭىشىپ كېتىپ (84) تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنگەن. شۇڭلاشقا، تۇمارىس تارىخ ساھەسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەردىكى شەخستۇر دەپ قارىلىدۇ(85).

توقۇز قىز ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا

تارقىلىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلەردىكى ئايال ئوبرازدۇر. خوتەندە توققۇز قىز قەبرىسى بار بولۇپ، شۇ يەردىكى كىشىلەر دائىم بېرىپ ئۇلارغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ، ئۆزلىرىگە بەخت تىلىشىدۇ. قەشقەر ۋادىلىرىدا تارقالغان «ئافرات خاقان ۋە توققۇز قىز» دېگەن رىۋايەتتە، ئافراسىياپ زور قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، ئىران پادىشاھى بىلەن ئۇرۇش قىلغىلى بارغان چاغدا ئۇنىڭ توققۇز قىزى ئاياللارنى باشلاپ پايتەختنى قوغداپ زور تۆھپە قوشىدۇ(86).

قۇندۇز باتۇر ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا تارقالغان ئەپسانىۋى شەخستۇر. «قۇندۇز باتۇر» رىۋايىتىدىكى مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ قەشقەردىكى بىر تۇركۇم ئاياللارغا باشچىلىق قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالېكساندىر تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۇچۇن ئاتلىنىپ، ئالېكساندىر قوشۇنلىرىنىڭ قەشقەر چېگراسىغا يېتىپ كېلىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرگەن(87).

يەركەند مەلىكىسى قەدىمكى رىۋايەتلەردىكى قەھرىمان شەخستۇر. «زەبدەتۇل ئەخبار» (19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن كەشمىرلىك تارىخچى مەۋلانە ئەبۇ مۇھەممەد ھەسەن يازغان) دېكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئالېكساندىر يەكەنگە ھۇجۇم قىلىپ چېگراغا يېتىپ كەلگەندە قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرۇپ، تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ئارقىغا سوزغان(88).

نۇرئەلا نۇرخان (بۇۋى مەريەم خېنىم) قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ پادىشاھى ساتۇق بۇغراخاننىڭ قىزى ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇمۇ خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن قىلغان ئۇرۇشقا قاتناشقان بولۇپ، ۋاپات بولغاندىن كېيىن كىشىلەر دائىم ئۇنى ئەسلەپ قەبرىسىنى يوقلاپ تۇرغان ئىكەن(89).

قىزىلچى خېنىم. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قانچە جايدا قىزىلچى خېنىم مازىرى بار. كونىشەھەر، يېڭىسار، يوپۇرغا ناھىيەلىرى چېگرالىنىدىغان جايىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئوردام مازىرىنىڭ يېنىدا قىزىلچى مازىرى بار بولۇپ، ئوردامنى تاۋاپ قىلىدىغانلار ئالدى بىلەن چوقۇم قىزىلچى خېنىم مازىرىغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قىزىلچى خېنىم ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئىشچان، قەيسەر قىزى بولۇپ، ئۇ ئەرەنچە ياسىنىپ يىگىتلەر بىلەن بىللە جەڭگە قاتنىشىپ، خوتەن بۇددىستلىرىغا قارشى تۇرىدىكەن. بىراق، بىر. كۈنى ئۇ تۇيۇقسىز ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ، تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىشىغا يەر يېرىلىپ ئۇنى يۇتۇپ كېتىدىكەن(90).

مايسىخان ئۇچتۇرپاندىكى خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلەردىكى قەھرىمان شەخستۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قەيسەر ئاياللارنى باشلاپ، قولىغا قور ئېلىپ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتنىڭ ئېزىپ خورلىشىغا ۋە مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرغان بولۇپ، تەخمىنەن 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشاپ ئۆتكەن ئىكەن(91).

نوزۇگۇم ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان، قەھرىمان قىزلارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەردە ياشاپ ئۆتكەن. ئۇ تەخمىنەن 1928 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئېزىپ خورلايدىغان تۈزۈملىرىگە قارشى تۇرۇشقا قاتنىشىپ، يۇرتى، ئىككى ياشلىق بالىسى، ياشانغان ئاتا ـ ئانىسى ۋە قەدىردان ئېرىدىن ئايرىلىپ ئىلىغا پالىنىدۇ. شاڭيۇ مەجبۇرى كىچىك خوتۇن قىلماقچى بولغاندا، ئۇ بۇ

uyghurkitap.com



ئىشقا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. ئۇ چۆلگە قېچىپ كەتكەندە، يەرلىك ھۆكۈمرانلار تۇتۇۋالىدۇ. ئىككىنچى قېتىمدا ئۇ رەزىل شاكىيۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قېچىپ كېتىدۇ. قايتا تۇتۇلۇپ قالغاندىن كېيىن، شۇ يەردىكى ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەت ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇمۇ خەلق ئىچىدىكى شائىرە بولۇپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەلق ئارىسىدا ئۇنىڭ قەيسەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك، ئادەمنى چىن يۈرىكىدىن تەسىرلەندۈرىدىغان رىۋايەتلەر، قوشاقلار ۋە تەزكىرىلەر تارقىلىپ، كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ(92).

## VIII بۈيۈك زاتلار توغرىسىدىكى ئوبرازلار

چوڭ ئانا. ھازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭ ئانىنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بار. بىرى موما دېگەن مەنىدە، يەنە بىرى يېزىدىكى (ياكى مەھەللىلەردىكى) چوڭلار دېگەن مەنىدە. ياشتا چوڭراق، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، تەجرىبىسى مول، پاكىزە، تەشكىللەش ماھارىتى ئۈستۈن، مەرتىۋىسى يۇقىرىراق چوڭ ئانىلار تەبئىي ھالدىلا يېزىدىكىلەرنىڭ چوڭ ئانىسى قىلىپ تاللىنىدۇ. ئۇ دائىم يېزىدىكى ئاياللارنىڭ ئىشلىرى ۋە مەھەللە خىزمەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. مەسىلەن، ئىچكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش، توي مۇراسىمىنى ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈش، ئۆلۈم ئۇزىتىش قاتارلىقلار. بەزى چوڭ ئانىلارنىڭ ئوبرازى ئۇرۇق ـ ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. ئەجدادلارمۇ ئۇنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىنى تىلغا ئېلىپ، ئاياللار ۋە قىزلارنىڭ ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشىنى ۋە ئۇنى ئۈلگە دەپ تونۇشىنى تەلەپ قىلغان. بەزى چوڭ ئانىلارغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەت ـ چۆچەكلەر ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى چوڭ ئانىلارنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجىرلىرى ۋە يۇرتداشلىرىغا كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىنى تەقدىرلەشتۇر(93).

بۈۋى ئانا. ھازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۈۋىنىڭ مۆئمىن كىشىنىڭ ئايالى، تەقۋادار كىشىنىڭ ئايالى، موللىنىڭ ئايالى دېگەندەك مەنىلىرى بار(94). ئۇ ئاساسلىقى تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇرىدۇ. بۈۋى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممە مەھەللىسىدە دېگۈدەك بار بولۇپ، مەكىت ناھىيەسىدە بۈۋىلەرنىڭ ئورنى باشقا جايدىكى ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا يۇقىرىراق. بۇ ناھىيەدە كىشىلەر يىغىلغان سورۇنلاردا بۈۋىلەر دائىم سورۇننىڭ بېشىدا ئولتۇرىدۇ. ئەمما باشقا جايلاردا ئەرلەر سورۇن بېشىدا ئولتۇرىدىغان بولۇپ، ئادەتتە ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئورنى ئوخشىمايدۇ.
كونىشەھەر ناھىيەسىدە بۈۋى قەبرىستانلىقى (بۈۋى ئانا مازىرىمۇ دېيىلىدۇ) . ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مازاردىكى ئەسلىدە موللىنىڭ قىزى بولۇپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ، ئاددىي ـ ساددا ياشىغان، ئىشچان ۋە قابىلىيەتلىك، ساداقەتمەن، ھەققانىيەتچىل شەخسلەرنىڭ ئوبرازى ئىكەن. ھازىرمۇ قەشقەردىكى ئاياللار مازار ئەتراپىغا يىغىلىپ قۇرئان ئوقۇپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ، ئۆزلىرىگە بەخت ۋە پەرزەنت تىلەپ، ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن ۋە تۇرمۇشنىڭ بېسىمىدىن قۇتۇلۇشنى ئىلتىجا قىلىشىدۇ. بەزى تارىخچىلار بۈۋى سۆزىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بوگۇ سۆزىدىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ(95). ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قۇرغان كۆك تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقىدىمۇ بۇ سۆز ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە شامان دىنىنىڭ باخشىسىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىلىملىك، پاراسەتلىك،

ئەقىللىق دېگەن مەنىلىرىمۇ بار. كۆك تۈك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقىدىكى پادىشاھلارمۇ بۆگۈ ياكى بۆگۈخان دەپ ئاتالغان.

ھەۋۋا ئانا. ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان ئايال شەخسىنىڭ ئوبرازى بولۇپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ، ئاددىي ـ ساددا ياشىغان، ئىشچان ۋە قابىلىيەتلىك، ساداقەتمەن، ھەققانىيەتچىل شەخسلەرنىڭمۇ ئوبرازىدۇر. ئاياللار ئۇنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدىغان بولۇپ، ياشانغان ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ، بەخت تىلىشىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خۇدا ئالدى بىلەن يەتتە قات ئاسمان، يەتتە قات زېمىن يارىتىپ، ئاندىن تۇپراقتىن ئادەم ياساپ ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن ھاۋا ئانامنى ياساپ، ئۇ ئىككىسىگە ئەرشتىن (جەننەتتىن) ئورۇن بەرگەن. ئۇلار شەيتانغا ئالدىنىپ چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ قويۇپ، ئەرشتىن زېمىنغا چۈشۈرۈلۈپ، جاپا ـ مۇشەققەتلىك، يوقسۇللۇق ئىچىدە تۇرۇش كەچۈرۈپ مۇز ئۈستىدە پەرزەنتلىك بولۇپ، ئادەملەرنى ئاپىرىدە قىلغان. دۇنيادىكى بارلىق ئادەمزات ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ئاپىرىدە بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەن(96). بۇ ئوبراز بەلكىم ھەۋۋا ئوبرازىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن.

بۇۋى پاتىمە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان، ياخشى نىيەتلىك ئاياللارنىڭ ئوبرازىدۇر. ئاياللار دائىم يىغىلىپ ئۇنىڭغا ئاتاپ خەتمە ئوقۇيدۇ. بۇۋى پاتىمە ئەسلىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى بولۇپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ خوتۇنى ئىدى. بۇۋى بولسا سۆيەت سۆزى بولۇپ، ھۆرمەتلىك، بىلىملىك ۋە ئاقكۆڭۈل پاتىمە دېگەن مەنىسى بار. ئىسلام دىنى شىئە مەزھىپىدىكىلەر «بۇۋى ئانا» دەپ ئاتايدۇ. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، پاتىمەنىڭ ئوبرازى تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كىرىپ، ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلمەكتە(97).

## IX ھۈنەرۋەنلەر ۋە پىرلار

چىمەنگۈل ھەققىدە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان ئوبرازلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، قەشقەردە تارقالغان رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇ بىر مەلىكە بولۇپ چىمەن دوپپىنى ئىجاد قىلغان ئىكەن(98). قومۇللۇقلار ئارىسىدا تارقالغان رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، ئاقتاش يايلىقىدا باسىت ۋە چىمەنگۈل دېگەن بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقلار ياشىغان بولۇپ، بۇ ئىككىسى تولىمۇ ساداقەتمەن ۋە پاك ياشلاردىن ئىكەن.
يايلىقىدىكى قارىغايلار ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشلار ئارقىلىق سۇغۇرۇلۇپ، ھازىرغىچە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىۋېتىپتۇ(99).

گۈلەم ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان «ئۇدۇن گىلىمى ۋە گۈلەم» دېگەن رىۋايەتتىكى ئوبرازدۇر. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇدۇن پادىشاھىنىڭ گۈلەم ئاتلىق قىزى بولۇپ، بۇ قىز قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن. بىر كۈنى بىر قۇشقاچ سايرىشىغا، پادىشاھ بۇ قۇشقاچنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى كىمنىڭ بىلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. باش ۋەزىر مەلىكىنىڭ بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مەلىكە ئاتىسىغا مۇنداق تەرجىمە قىلىپ بېرىپتۇ: «: ياللار پادىشاھنى قەلەندەرگە، قەلەندەرنى پادىشاھقا ئايلاندۇرالايدۇ». بۇ گەپنى ئاڭلاپ پادىشاھ ناھايىتى ئاچچىقلىنىپتۇ ـ دە، نامرات بىر يىگىتنى تېپىپ مەلىكىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى ئورمانلىق

www.uyghurkitap.com



ئىچىگە كىرىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. يىگىت ھەر كۈنى ئوتۇن ساتسا، مەلىكە گىلەم توقۇپتۇ. بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارمۇ باي بولۇپ پادىشاھ بىلەن تەڭ ئورۇنغا يېتىپتۇ. مەلىكە ئاتىسىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ. پادىشاھ قىزىنىڭ تۇرمۇشىنى كۆرۈپ ئىنتايىن تەسىرلىنىپتۇ ۋە خۇشال بوپتۇ. ھەمدە مەلىكە توقۇغان گىلەمنى «گۈلەم» دەپ ئاتاشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. ئۇزۇن ۋاقىتلار ئۆتۈپ، گۈلەم دېگەن بۇ سۆز گىلەم دېگەن سۆزگە ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ(100) (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا گۈلەم دېيىلىدۇ). گۈلەم سۆزى «گۈل» بىلەن «ئەم» دېگەن ئىككى سۆزدىن بىرىككەن سۆز بولۇپ، گۈل دېگىنىمىز گۈلنىڭ ئىسمىنى، «ئەم» بولسا ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان قوشۇمچە بولۇپ، مېنىڭ گۈلۈم دېگەن مەنىسى بار ئىكەن.

گۈلەخما ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلەردىكى شەخستۇر. «گۈلخان ئانا بىلەن گۈلەخما» رىۋايىتىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، بۇرۇنقى زامانلاردا گۈلەخما دېگەن ئايال ھازىرقى چىرا ناھىيەسىدىكى گۈلاخما يېزىسىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپتۇ. ھەمدە بۇ يەر ئىنتايىن گۈزەل بولغاچقا، ئۇ بۇ يەردە ئىنتايىن ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. بىر قېتىم پادىشاھ ئافراسىياپ بۇ يەرگە كەلگەندە، گۈلەخمانىڭ ئادەملىرى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ. بۇ چاغدا، گۈلەخما ئانا بىر تال كۆمەچ پۇشۇرۇپ پادىشاھقا سوۋغا قىپتۇ. بىراق كۆمەچنى دەرۋازىدىن ئەكىرەلمىگەچكە پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە دەرۋازىنى چېقىۋېتىپتۇ. پادىشاھ كۆمەچنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، گۈلەخما ئانىنى ماختاپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ يۇرتنىڭ ئىسمى گۈلەخما دەپ ئاتالغان ئىكەن(101).

مايسىخان ئەڭ بۇرۇن تۇزنى بايقىغان شەخسلەرنىڭ بىرىدۇر. «سوپۇر ۋە مايسىخان» رىۋايىتىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، بۇرۇنقى زامانلاردا، تۇرپاندا سوپۇر ۋە مايسىخاننىڭ بىر توپ مالچىلىرى بار ئىكەن. ئۇلار يايلاققا بېرىشنىڭ ئالدىدا نەرسە- كېرەكلىرىنى تەييارلاپتۇ. )... چىققان كۈنى، مايسىخان ئازراق پىششىق گۆشنى تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويۇپتۇ. سوپۇر كېلىپ گۆشتىن ئازراق يەپتىكەن، تولىمۇ تاتلىق تېتىپتۇ. ئۇلار نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئۇقالماي، بىر ھازا تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئاخىرى تاشنىڭ تەركىبىدە تۇز بارلىقىنى بايقاپتۇ ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ تاماققا تۇز قوشۇدىغان ئادەتنى شەكىللەندۈرۈپتۇ(102).

پاتەمخان رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، ئۆپكە كېسىلىنى داۋالىغىلى بولىدىغانلىقىنى بايقىغان شەخس ئىكەن. «نامەتخان ۋە پاتەمخان» رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا، ناھايىتى بۇرۇن دەقيانۇس پادىشاھنىڭ زامانىدا قەشقەر ناھايىتى باياشات شەھەر بولۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى ياخشى ئۆتىدىكەن.بىراق بۇ يەردە دائىم بىر ياخشى ئىشتىن كېيىن، بىر يامان ئىش يۈز بېرىدىكەن. بىر يىلى مەملىكەت ئىچىگە ۋابا تارقىلىپ، ئۆپكە كېسىلى ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكتىن يۇرتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۆچۈپ كېتىپ، پەقەت 90 ياشلىق نامەتخان بىلەن 80 ياشلىق پاتەمخان ئەر- ئاياللا يۇرتتىن كەتمەپتۇ. ئۇلارغىمۇ كېسەل يۇققانلىقتىن ئەمگەك قىلالماي، يۇرت ـىچىدىكى ھەرخىل ياۋا مېۋە ۋە ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنى يەپ بوپتۇ. ئاخىرىدا ئۇلار

سەۋزە بىلەن چامغۇرلا يەپ كېسىلىمۇ كۈنسېرى ياخشىلىنىپ كېتىپتۇ. بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن بەزى يۇرتداشلار قايتىپ كەپتۇ ۋە ئۇلارنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران قاپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قەرلىقلەر ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالسا، چامغۇر بىلەن سەۋزە يەيدىغان ئادەتنى شەكىللەندۈرۈپتۇ(103). ئۇنىڭدىن «پاتەمخان» دېگەن خەلق داستانىدىمۇ ئۇ گۈزەل ۋە ساداقەتمەن ئايالنىڭ ئوبرازى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن(104).

X مۇھەببەتكە سادىق ئوبرازلار

پەرىخان ئۈچتۇرپاندا تارقىلىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلەردىكى گۈزەل ۋە ساداقەتمەن ئوبرازدۇر. ئۇ ئەلىيار دېگەن كىشىنىڭ ئايالى بولۇپ، ئەلىيار دۆلەتنى قوغداش سېپىگە قاتنىشىپ قۇربان بولغاچقا، شۇنىڭ بىلەن بىر باي پەرىخاننى مەجبۇرى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولۇپ يامان نىيەتتە بوپتۇ. پەرىخان ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، قاتتىق بېسىملارغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئاخىرىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ. ئەتىسى باي پەرىخاننىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ئۇ تۇرغان ئۆينىڭ ئاستىدا تېگى يوق بۇلاق پەيدا بولۇپ، باي ۋە ئەنلىرى سۇغا غەرق بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يۇرتداشلار بۇ بۇلاققا تاۋاپ قىلىپ، ئەتراپىغا كۆچەتلەرنى تىكىپ ئىنتايىن ئاسراپتۇ(105).

ئانارخان ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلەردىكى ئوبرازدۇر. باي ناھىيەسىدىكى قىزىل مىڭئۆينىڭ يېنىدا بىر دەريا بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ ئەسلىدە مەلىكە ئانارخاننىڭ كۆز - ياشلىرىدىن ھاسىل بولغان ئىكەن. قەدىمكى زاماندا، ئونسۇ پادىشاھى دۆلەت ئىچىدىكى بارلىق ھۈنەرۋەنلەرنى يىغىپ، مەلىكىنىڭ ئېتىغا جابدۇق ياساتقۇزماقچى بوپتۇ. كىشلەر ئارىسىدىكى نۇر ئىسىملىك يىگىت تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياساپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، باشقا ھۈنەرۋەنلەرنى بۇ ئىشتىن خالاس قىپتۇ. نۇر ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغان چاغدا، باش ۋەزىر يىگىتكە قەست قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرگۈزىۋېتىپتۇ. ئانارخان نۇرنىڭ ماھارىتىگە تولىمۇ قايىل بولۇپ، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. بىراق نۇرنىڭ قەستكە ئۇچرىغانلىقىنى بىلگەن مەلىكە ئىنتايىن قايغۇرۇپ ئازابلىنىپتۇ. مەلىكە ئاخىرىدا باشقا ئامال تاپالماي، ئۆزىنى تاشقا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋاپتۇ. ئۇنىڭ پەرىشان بولۇپ ئازاپلانغان چاغلىرىدا ئاققان كۆز ياشلىرىدىن دەريا شەكىللىنىپتۇ(106).

سەنەم خەلق داستانلىرى ۋە رىۋايەتلىرىدىكى ئوبراز بولۇپ، «غېرىپ-سەنەم» دىكى سەنەمنىڭ ئوبرازى خەلق ئارىسىدا ئىنتايىن مەشھۇر(107).

لەيلى خەلق داستانلىرى ۋە رىۋايەتلىرىدىكى ئوبراز بولۇپ، «لەيلى-مەجنۇن» دىكى لەيلىنىڭ ئوبرازىمۇ خەلق ئارىسىدا ئىنتايىن مەشھۇر(108).

شېرىن خەلق داستانلىرى ۋە رىۋايەتلىرىدىكى ئوبراز بولۇپ، «فەرھاد-شېرىن» دىكى شېرىننىڭ ئوبرازىمۇ خەلق ئارىسىدا ئىنتايىن مەشھۇر(109).

«زۆھرە» خەلق داستانلىرى ۋە رىۋايەتلىرىدىكى ئوبراز بولۇپ، «تېۋىپ پادىشاھ بىلەن زۆھرەخان»(110) «تاجى پاشا ۋە زۆھرە خېنىم»(111) دېگەن خەلق چۆچەكى ۋە «تاھىر- ۋۆھرە» (112) داستانىدىكى زۆھرەنىڭ ئوبرازىمۇ خەلق ئارىسىدا ئىنتايىن مەشھۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



يېتىم قىز خەلق رىۋايەتلىرى ۋە چۆچەكلىرىدىكى شەخستۇر. ئۇ ئىنتايىن ئەقىللىق، ئىشچان، ساداقەتمەن، پاك قىز بولۇپ، ئەسكى كىشىلەر دائىم بۇ قىزنى بوزەك قىلىدۇ. گەرچە ئۇ كىچىكىدە قىيىنچىلىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ، يەنىلا ئىنتايىن ئىرادىلىك چوڭ بولۇپ، كۆپلىگەن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، يوقسۇل كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولىدۇ ۋە تەڭرىمۇ بۇ قىزغا مېھىر - شەپقەت، تۈگمەس بايلىق ئاتا قىلىپ، ئاخىرىدا بۇ قىزنى مۇرادىغا يەتكۈزىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن باشقا زۆھرە، زۇلەيخا قاتارلىق ئوبرازلارنىڭمۇ كىشىلەرگە قالدۇرغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر.

ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان ئەپسانە - رىۋايەتلەردە ئايال ئوبرازلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، خىلمۇخىل، ئالاھىدىلىكلىرى گەۋدىلىك، ئوخشىمىغان دەۋر، ئوخشىمىغان قاتلاملاردىكى ئوبرازلار ئۇچرايدۇ. بۇ ئوبرازلار ئەينى دەۋردىكى جەمئىيەت ۋەزىيىتى ۋە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى راستچىللىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

## XI خۇلاسە

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەپسانە - رىۋايەتلەردىكى ئوبرازلارنىڭ بەزىلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەت (ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيەت، ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيەت، قەبىلە ئىتتىپاقى جەمئىيىتى) نىڭ، بەزىلىرى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇ ئوبرازلار ئىچىدە ئەۋلىيا ئايال، پەرىزات، يېرىمى ئەۋلىيا يېرىمى ئادەملەر، قەبىلە باشلىقلىرى، مەلىكىلەر، قەھرىمانلار، پىرلار، چىن ئاشىق - مەشۇقلار، پۇقرالار قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەجايىپ، بەزىلىرى سەلبىي ئوبرازلار بولۇپ، بۇ بەلكىم ئىپتىدائىي قەبىلىلەرنىڭ تەپەككۇرىدىكى ياخشىلىق - يامانلىق قارىشىنىڭ زامانىمىزدىكى بىلەن ئوخشىمايدىغان ئىپادىلىرى بولۇشى مۇمكىن. بەزىلىرى بولسا ئاياللارنىڭ ھوقۇقى چەتكە قېقىلىدىغان دەۋرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسا، يەنە بەزىلىرىنىڭ ئەپسانىۋى تۈسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، يېرىمى ئەۋلىيا يېرىمى ئادەملەشتۈرۈلگەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، بەلكىم بۇمۇ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى بولۇشى مۇمكىن؛ بۇ ئوبرازلار ۋە توتېملار بىرىكىپ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەھۋالىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. يالماۋۇز، سېھىرگەر ۋە مەستانى كەمپىر قاتارلىق بىر قانچە ئۆزگىچە ئوبرازلار بەلكىم دەسلەپكى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىكى قەبىلە باشلىقلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار تولىمۇ زېرەك ۋە يۇقىرى ماھارەتلەرگە ئىگە بولسىمۇ، بىراق ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى مەزگىلىگە كەلگەندە، ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان. شۇڭا، ئەرلەر ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي، پىتنە - پاسات تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ شەرەپلىك نام - ئاتاقلىرىنى ۋەيران قىلغان. ئاتىلىق جەمئىيەت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئەپسانىلەر تارقىلىش جەريانىدا، قايتىدىن رەتلىنىپ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندە، سەلبىي تەركىبلەرمۇ تەبىئىي ھالدىلا قوشۇلۇپ كەتكەن.

ئەپسانە - رىۋايەتلەردىكى بەزى ئايال ئوبرازلار فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ رېئاللىق خۇسۇسىيىتى

ئىنتايىن گەۋدىلىك، شۇنداقلا ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىمۇ رېئال ئادەملەر بىلەن ئوخشاش. قىسمەن ئايال ئوبرازلارنىڭ مەنبەسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئارىسىدا، قىسمەنلىرى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرگە ئورتاق بولسا، يەنە قىسمەنلىرى مەدەنىيەتلەر ئالمىشىشى جەريانىدا باشقا مىللەتلەردىن كىرگەن. ئەپسانە - رىۋايەتلەردىكى ئوبرازلارنىڭ ئانىلىق جەمئىيەتتىكى توتېمىزمى، ئاتىلىق جەمئىيەتتىكى ئەجدادلارغا چوقۇنۇش، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى جەمئىيىتىدىكى تەبىئەتكە چوقۇنۇش، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە پەيدا بولغان قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش ۋە بەزى ئۆرپ - ئادەت قاراشلىرى قاتارلىق تەرەپلەردە ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىشنى يۈكسەك دەرىجىدە تارىخىي، ئىلمىي قىممەتكە ئىگە دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. بۇ ئەپسانە - رىۋايەتلەردىكى باش قەھرىمانلار كۈچلۈك مىللىيلىقتا، خاسلىقتا ۋە ئىستېتىك خۇسۇسىيەتلەركە ئىگە بولغاچقا، ئۇيغۇر ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدىكى ئايال ئوبرازلار ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخ، تىل - ئەدەبىيات، ئىستېتىكا، ئېتىكا، پەلسەپە پەنلىرىنىڭ مۇھىم ئېتىنىك مەنبەسى بولالايدۇ. قىسقىسى، ئۇيغۇر ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدىكى ئايال ئوبرازلارنىڭ تۈرلىرى كۆپ، تارىخى ئۇزۇن، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، خاراكتېرى ئۆزگىچە بولۇپ، قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىق جەۋھىرىدۇر.

---

چۈشۈنىكلەر:

①«ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» (1 - قىسىم) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل

②«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (2 - قىسىم) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1982 - يىل

«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» 3 - قىسىم،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1982 - يىلى نەشرى.

«بۇلا »ژۇرنىلى 1999 - يىللى 3 - سان،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

⑤«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»»1 - قىسىم،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى1991 - يىلى.

⑥ئۇ سېھرىگەرلىك قىلىپ قارلىغاچنى گۈزەل قىزغا ئايلاندۇرۇپ رەخت توقۇتۇپ، ئىت ۋە توخۇغا ئادەم قىلىدىغان ئىشلارنى قىلغۇزىدۇ

⑦«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (7 - قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل

⑧«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (5 - قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل

⑨«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (7 - قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل

⑩«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (13 - قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل

(11)«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (13 - قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل

(12) «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەپسانىۋى شېئىرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل

(13) ئىلى، قەشقەرلەرگە تارقالغان، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسى قوغان يېزىسىدىكى ئەيسا مامۇت قاتارلىقلار 1980 - يىلى 8 - ئايدا ئېيتىپ بەرگەن، ئابدۇللا توپلاپ تەرجىمە قىلغان، ياۋ باۋشۇەن رەتلىگەن، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەپسانىۋى شېئىرلىرى»- شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل

(14) لىن گەن: «تۈرك تارىخى»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىل

(15) «تۈركى تىللار دىۋانى» 1 - توم،133 - بەت،مىللەتلەر نەشرىياتى،خەنزۇچە نەشرى،2002 - يىلى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



(16) «غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەتلەر شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار»، لىۇ جېڭمىن قاتارلىقلار، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1988 ـ يىل

(17) خې جىخۇڭ«1988ىي يۇرت مۇھاكىمىلىرى»»88 ـ بەت،شىنجاڭ ىەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى،خجەنزۇچە.

(18) «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» 3 ـ قىسىم،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1982 ـ يىلى نەشرى.

(19) «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (7 ـ قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل

(20) «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (13 ـ قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 198 ـ يىل

(21) «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (13 ـ قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 198 ـ يىل

(22) «بۇلاق» 1991 ـ يىللىق 4 ـ سان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل

(23) «شىنجاڭ سەنئىتى»، ژۇرنىلى 1996 ـ يىلى 4 ـ سان، 34ـ996

(24) تۇمۇر داۋامەت باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت قامۇسى» (غەربىي شىمال تومى) 57 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىل، بۇ رىۋايەتنى مۇختار قادىر ھونزادە خاتىرىلىگەن

(25) جى سىخي، «ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچىشى ۋە ئۇلارنىڭ ياۋروپادىكى تەسىرى» «تارىخ تەتقىقاتى» 1977 ـ يىللىق 3 ـ سان.

(26) جى سىخي، «ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچىشى ۋە ئۇلارنىڭ ياۋروپادىكى تەسىرى» «تارىخ تەتقىقاتى» 1977 ـ يىللىق 3 ـ سان.

(27) ۋېيشۇ يازغان «ۋېينامە» (130 ـ جىلد) «قاڭقىلىقلار تەزكىرىسى» : «تېلىلارنىڭ ئەجدادى ھۇنلاردۇر» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە» (217 ـ جىلد) «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» : «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ھۇنلاردۇر» دېيىلگەن. گەرچە بۇ ئىككى تەبىر پۈتۈنلەي ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ تېلىلار، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە ھۇنلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «ۋېينامە» دە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «تېلىلارنىڭ تىلى ھۇنلارنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، پەرقى ئىنتايىن كىچىك». شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمەن ئادەتلىرى بىلەن ۋېنگرىيەلىكلەرنىڭ ئادەتلىرىدە ئورتاقلىق ئامىللىرى مەۋجۇت، ئەينى دەۋرلەردىكى ھۇنلارنىڭ ئادەتلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغان دىڭلىڭ، تېلى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئوخشاش ئامىللارنى بىر تەرەپتىن ھۇنلار يىراق شەرقىي ياۋروپادا ساقلاپ قالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ساقلاپ قېلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئالاھىدىلىكلەر مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى بىرىنچى ئەسىردىلا شەكىللىنىپ بولغان

(28) دۇ ياشيوڭ، «يۇگورلارنىڭ غەربىي دىياردىكى خەلق ناخشىلىرى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مۇقامى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات» « شىنجاڭ سەنئەت ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2006 ـ يىللىق 4 ـ سان

(29) «شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» 5 ـ قىسىم، 19 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل

(30) دوسان[شۋېتسىيە]«دوسان موڭغۇل تارىخى»، فېڭ چېڭجۈن تەرجىمىسى، 1 ـ توم، 192 ـ ـ 193 ـ بەتلەر، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 2004 ـ يىل

(31) جۇۋەينى[ئىران] «تارىخىي جاھانكۇشاي»، خې گاۋجى تەرجىمىسى، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل

(32) خۇاڭجىن، «جىن خۇاڭخۇاڭ ئەسەرلىرى» 24 ـ جىلد

(33) «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ـــ ئوغۇزنامە»، گېڭ شىمىن تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل

(34) ئۇيغۇرلارنىڭ دەرەختىن ئىلاھى بوۋاق تۇغۇلۇشقا دائىر ئەپسانىلەرنى تەھلىل قىلغاندا، «بوگۇ قاغان رىۋايىتى خاتىرىسى» دېگەن ماقالىگە قارالسىمۇ بولىدۇ. لىجىڭ شىگىدەي[ياپونىيە]يازغان، لۈيى تەرجىمە قىلغان، «يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مىللەتلەر ۋە چېگرا تەتقىقاتى سىلسىلە مەجمۇئەسى» (18 ـ توپلام)، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىل.

(35) «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» (民间文学) ژۇرنىلى،1985 ـ يىلى 9 ـ سان.

(36) «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ـــ ئوغۇزنامە»، گېڭ شىمىن تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل

(37) «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ـــ ئوغۇزنامە»، گېڭ شىمىن تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل

(38) «ئاتۇش خەلق چۆچەكلىرى» 1992 ـ يىل مىخ مەتبەئە نۇسخىسى، ئاتۇش شەھىرى ئۈچ چوڭ توپلام تۈزۈش ئىشخانىسى تۈزگەن.

(39) قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسى يېڭى ئۈستەڭ يېزىسىدىكى 50 ياشلىق رىزۋانخان ماموت 1970 ـ يىلى ئېيتىپ بەرگەن قولىيازما. بۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1993 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشر قىلغان «كونا خەلق چۆچەكلىرى» دىكى «مەلىكىنىڭ ئايغا ئايلىنىشى» دېگەن رىۋايەتنىكى قۇياش بولسا ئەر، ئاي بولسا قىز دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان ئىكەن.

(40) «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ـــ ئوغۇزنامە»، گېڭ شىمىن تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل.

(41) «ساتۇق بۇغراخان شەجەرىسى»، چاغاتاي يېزىقىدىكى قولىيازما نۇسخىسى

(42) موللا مۇسا سايرامى، «تارىخى ھەمىدى»» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل

(43) بۇنى رۇزىۋانخان مامۇت سۆزلەپ بەرگەن، 1970 ـ يىللىرى، قەشقەر كونا شەھەر ناھىيە يېڭىئۆستەڭ يېزىسى.

(44) «بۇلۇت قىز») «شىنجاڭ كىتاب مۇنبىرى») 1995 ـ يىللىق 3 ـ 4 ـ قوشما سان

(45) « قۇرتقا» («ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى»(3)، شىنجاڭ ياشلار ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى

(46) ئابلىز ئىسمايىل، «لوپنۇر شېۋىسىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسى ھەققىدە») «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى،2008 ـ يىللىق 4 ـ سان، 55 ـ 200

(47) مەھمۇد كاشغەرى، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك») 1 ـ توم، 361 ـ « مىللەتلەر نەشرىياتى، 2002 ـ يىل

(48) «ئۇيغۇر ئانا») «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» نىڭ 3 ـ قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل،

(49) تۆمۈر داۋامەت باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت قامۇسى»» (غەربىي شىمال تومى) 389 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىل

(50) يالقۇن روزى، «تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما») 310 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىل

(51) 1980 ـ ـ 1990 ـ يىللىرى خەلق ئارىسىدىن توپلانغان ماتېرىياللارغا قارالسۇن

(52) «ئۈرۈمچى تىيانشان رايون خەلق چۆچەكلىرى»دىكى «بوغدا تېغىنىڭ كېلىپ چىقىشى» گە قارالسۇن، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1994 ـ يىل

(53) «ئۈرۈمچى تىيانشان رايون خەلق چۆچەكلىرى»دىكى «بوغدا تېغىنىڭ كېلىپ چىقىشى» گە قارالسۇن، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1994 ـ يىل

(54) گۇباۋ، «ئۈچتۇرپاندىكى يەڭگە تېشى» «شىنجاڭ گېزىتى» 1983 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىكى سانى.

(55) ئابدۇكېرىم رەھمان نەشرگە تەييارلىغان، «يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل.

(56) بۇ رىۋايەتنى ئابلىمىت مۇھەممىدى توپلىغان،«شىنجاڭ سەنئىتى» 1995 ـ يىلى 1 ـ سان.

(57) ئەھمەد ئىمىن ئەلنەزەر، «پىچاندىكى يەتتە قىز مازىرى توغرىسىدا ئىزدىنىش» «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2006 ـ يىللىق 2 ـ سان

(58) «پىچان تەزكىرىسى») «پىچان تەزكىرىسى»تۈزۈش ھەيئىتى تۈزگەن، 1016 ـ ـ 1017 ـ بەتلەر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىل؛ بۇ رىۋايەتنىڭ بىر قانچە ۋارىيانتى بار. 1989 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تۇرپان شەھىرى يار يېزىسىدىكى ساتتار ئاخۇن ئېيتىپ بەرگەن نۇسخىسى، «تۇرپان خەلق چۆچەكلىرى» گە كىرگۈزۈلگەن، 1992 ـ يىل 10 ـ ئايدا باستۇرۇلغان نۇسخىسى. نەقىل كەلتۈرگۈچىدە 1996 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تۇرپان شەھىرى ئۈزۈمچىلىك يېزىسىدىكى ئابدۇل ھەمدۇل ئېيتىپ بەرگەن قولىيازما نۇسخىسى ساقلانغان.

(59) «توققۇز ھۇجرا ئەپسانىسى» گە قارالسۇن (بۇ رىۋايەتنى 1975 ـ يىلى ئوسمان قاسىم ئېيتىپ بەرگەن)، ئابدۇكېرىم رەھمان نەشرگە تەييارلىغان «يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر» گە كىرگۈزۈلگەن، 87 ـ بەت، شىنجاڭ خەلقنەشرىياتى،1985 ـ يىل

(60) بۇ رىۋايەتنى 1975 ـ يىلى كۈزدە ئوسمان قاسىم ئېيتىپ بەرگەن

(61) (62) پائول پېللىئوت〔فرانسىيە〕) «T - تۇمشۇق خارابىلىرى» - «T » مەجمۇئەسى، «چەتئەللىكلەرنىڭ نەزىرىدىكى قەشقەر» گە كىرگۈزۈلگەن، 252 ـ ـ 253 ـ بەتلەر، ئادىل مۇھەممەت باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2009 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

(63) مۇختەر مامۇت رەتلىگەن، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1991 ـ يىللىق 3 ـ سان

(64) مەخمۇت داۋۇت«قاغا ئىسىم قىلىنغان يەر ناملىرى». «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى». 1999 ـ يىللىق 3 ـ سان، 85 ـ 199

(65) يالقۇن روزى، «تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما») 316 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىل

(66)مەھمۇد كاشغەرى، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»6 1 ـ توم، 416 ـ ـ 417 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2002 ـ يىل

(67) «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل

(68) مەھمۇد كاشغەرى، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك») 3 ـ توم، 206 ـ Jo شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل

(69) موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل

www.uyghurkitap.com



(70) «شېرىن» (ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى)، نىمشېھىت نەشىرگە تەييارلىغان «فەرھاد- شېرىن ۋە مىڭئۆي»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1987 - يىل نەشرى ۋە ئابدۇكېرىم رەھمان تۈزگەن «يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە- رىۋايەتلەر» قاتارلىق كىتابلارغا قارالسۇن

(71) ئابلىمىت رەتلىگەن ماتېرىيال، «خوتەن تارىخ ماتېرىياللىرى» 1 - قىسىمغا قارالسۇن، 1989 - يىل مىخ مەتبەئە نۇسخىسى

(72)«ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» 3 - قىسىم، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1998 - يىل

(73) «قەشقەر ئەدەبىياتى») «شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى») «يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە- رىۋايەتلەر»)«كونىشەھەر خەلق چۆچەكلىرى» قاتارلىقلارنىڭ 1980 - يىللاردىكى نەشرى

(74) ئەھمەد ئىمىن ئەلنەزەر، «پىچاندىكى يەتتە قىز مازىرى توغرىسىدا ئىزدىنىش» «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2006 -يىللىق 2 -سان؛يەنە 1991 - يىلى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تۇرپان شەھىرى ئۈزۈمچىلىك يېزىسىدىكى ئابدۇل ھەمدۇل ئېيتىپ بەرگەن رىۋايەتكە قارالسۇن.

(75) «رەھمۇتۇللاھ بەگ ۋە مەسىخان» دېگەن رىۋايەتكە قارالسۇن، مەتتۇرسۇن بارات 1983 - يىلى 6 - ئايدا توپلاپ رەتلىگەن قولىيازما نۇسخىسى

(76) كېرىيەدە ئىككى ئورۇندا «يەتتە قىز مازىرى» (: بىرى، كېرىيە ناھىيەسى پولۇ( ) يېزىسىدا، يەنە بىرى بولسا كېرىيە ناھىيەسى ئارال يېزىسىدا. ھەر ئىككىسى قەيسەر، ئاقكۆڭۈل قىزلارغا مۇناسىۋەتلىكتۇر.

(77) بۇغدا ئابدۇللا يازغان «سىرلىق قاراقۇرۇم» غا قارالسۇن، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 2009 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىكى سانى؛ «كېرىيەدىكى ‹يەتتە قىز مازىرى› رىۋايىتى»، مەتتۇرسۇن قارىم، مەمتىمىن ئوسمان ئېيتىپ بەرگەن، ئابدۇرىشات مۇساجان، ئابدۇرېشىت قۇربان، ئەبەيدۇللا روزىلار توپلاپ نەشرگە تەييارلىغان، «كۆكبۇلاق» ژۇرنىلى، 2005 - يىللىق 1 - سانغا كىرگۈزۈلگەن، كېرىيە ناھىيەلىك ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تۈزگەن

(78) بۇ رىۋايەتنى 2006 -يىللىق 2 -سان؛يەنە 1991 - يىلى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تۇرپان شەھىرى ئۈزۈمچىلىك يېزىسىدىكى ئابدۇل ھەمدۇل ئېيتىپ بەرگەن .

(79) «چاقىلىق تەزكىرىسى» 4 - Jo «رىۋايەت ھەققىدە مۇلاھىزىلەر»- «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»- 2003 - يىللىق 4 - سانغا بېسىلغان

(80) كورلىلىق مەمەت ساۋۇت 2010 - يىلى 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئېيتىپ بەرگەن.

(81) ئەنۋەر بايتۇر، خەمىت تۆمۈر يازغان «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» نىڭ «كىرىش سۆزى» گە قارالسۇن، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 - يىل نەشرى، 12 - 198. ئۇنىڭدىن باشقا، مەكتىلىك قادىر ھوشۇر 1985 - يىلى نەشرگە تەييارلاپ «دولان ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلغان نۇسخا

(82) ۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار 1980 - يىلىدىن باشلاپ، شىنجاڭ ئىچىدىكى ھەرخىل گېزىت- ژۇرناللاردا كۆپ قېتىم ئېلان قىلىنغان. گۈلەمخان قوشاقلىرى ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك خەلق ناخشىلىرى داستانلارمۇ ساقلىنىپ كەلگەن

(83) ھىرىدوت، «تارىخ»، سودا باسمىخانىسى، 1985 - يىل

(84) جوۋ ۋېيجو، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە») «‹ئۇيغۇرلار› قاتارلىق ئۈچ كىتاپ مەسىلىسى مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلەر توپلىمى» غا بېسىلغان، فېڭ داجىن باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن، 138 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل

(85) «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى») 1 - قىسىم، 81 - بەت، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 - يىل

(86) «ئافرات خاقان ۋە توققۇز قىز») «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»s 1985 - يىللىق 9 - سان،خەنزۇچە.

(87) 1970 - يىلى خەلق ئارىسىدىن توپلانغان ماتېرىيال

(88) «يەكەن ئەدەبىياتى») 1981 - يىل 1 - سان، مىخ مەتبەئە نۇسخىسى

(89) 1970 - يىلى خەلق ئارىسىدىن توپلانغان ماتېرىيال.

(90) قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسى هاراپ يېزىسىدىكى قۇربان مامۇت 1991 - يىلى ئېيتىپ بەرگەن رىۋايەت.

(91) بۇ رىۋايەتنى ئۈچتۇرپانلىق تۇرسۇن بارات 1995 - يىلى ئېيتىپ بەرگەن

(92) ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار 1980 - يىلىدىن باشلاپ، شىنجاڭ ئىچىدىكى ھەرخىل گېزىت- ژۇرناللاردا كۆپ قېتىم ئېلان قىلىنغان بولۇپ، نۇزۇگۇم قوشاقلىرىمۇ ھازىرغىچە تارقىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك خەلق ناخشىلىرى داستانلارمۇ ساقلىنىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، غۇلجىلىق شائىر موللا بىلال (1825 - 1900) 1882 - يىلى «نۇزۇگۇم» داستانىنى يازغان. روسىيەلىك شەرقشۇناس

ن. ن. پانتاسوف «تارانچى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» (1990 - يىلى قازاندا بېسىلغان) دېگەن كىتاپقا «نۇزۇگۇم تەزكىرىسى» نىڭ ئېغىزچە ۋارىيانتى كىرگۈزۈلگەن؛ بۇ داستاننىڭ نەشىر قىلىنغان نۇسخىلىرى: «نۇزۇگۇم»، ئابدۇكېرىم رەھمان توپلىغان، جېڭيا تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل؛ «نۇزۇگۇم» يەنە «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» (1) غا كىرگۈزۈلگەن، ئابدۇكېرىم رەھمان نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى

(93) 1980 - يىللاردىن باشلاپ خەلق ئارىسىدىن توپلانغان رىۋايەتلەر.

(94) «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى)، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن، 157 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل

(95) ۋېي سۈي، «ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇۋى سۆزىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە») «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1984 - يىللىق 4 - سان

(96) ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا، «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» 422 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

(97) 1970 - يىلىدىن بۇيان خەلق ئارىسىدىن توپلانغان ماتېرىياللاردىن ئېلىندى

(98) «شىنجاڭ سەنئىتى») 2000 - يىللىق 2 - سان، 88 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

(99) «شىنجاڭ گېزىتى») 1996 - يىل 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىكى سانىغا قارالسۇن، بۇ رىۋايەتنى ئابلىز توپلىغان

(100) «ئۇدۇن گىلىمى ۋە گۈلەم» «شىنجاڭدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئەھۋالىدىن دوكلات» نىڭ 1984 - يىللىق 4 - سانى، «كېرىيە مەلىكىسى»، ئابلىمىت توپلىغان، «خوتەن تارىخ ماتېرىياللىرى» - 1 - قىسىم، 1989 - يىلى مىخ مەتبەئە نۇسخىسى

(101) «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» دىكى مەتتوختى توپلىغان ماتېرىيالغا قارالسۇن، 1994 - يىللىق 1 - سان،

(102) شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 1995 - يىللىق تىل - ئەدەبىيات كەسپى ئوقۇغۇچىسى مېھراي توپلىغان ماتېرىيال، قولىيازما نۇسخىسى

(103) قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسى يېڭى ئۆستەڭ يېزىسىدىكى رىزۋانخان مامۇت 1970 - يىلى ئېيتىپ بەرگەن رىۋايەتكە قارالسۇن

(104) «پاتەمخان»، مۇھەممەد شاۋۇدۇن توپلىغان، جاۋ گودۇڭ تەرجىمە قىلغان، «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىن تاللانما» غا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل.

(105) نيۇ رۇجى، «يەر - جايناملىرى ۋە شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» - «ئالتاي مەدەنىيىتى ۋە غەربىي يۇرتتىكى ئادىمىيەت» - 325 - - 326 - بەت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003 - يىل

(106) نيۇ رۇجى، «يەر - جاي ناملىرى ۋە شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» - «ئالتاي مەدەنىيىتى ۋە غەربىي يۇرتتىكى ئادىمىيەت» - 325 - - 326 - بەت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003 - يىل

(107) «غېرىب ۋە سەنەم») «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىن تاللانمىلار» (1) گە كىرگۈزۈلگەن، ئابدۇكېرىم رەھمان رەتلىگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل

(108) «لەيلى ۋە مەجنۇن») «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىن تاللانمىلار» (3) گە كىرگۈزۈلگەن، ياسىن زىلال رەتلىگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل

(109) «فەرھاد - شېرىن ۋە مىڭئۆي»، قېيۇم مەمتىمىن رەتلىگەن، «جۇڭگو خەلق چۆچەكلىرى شىنجاڭ تومى — باي خەلق چۆچەكلىرى» - باي ناھىيەسى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى يىغىپ رەتلەش گۇرۇپپىسى تۈزگەن، 2006 - يىلى تۈزۈلگەن.

(110) روسىيەلىك شەرقشۇناس ن. ن. پانتاسوفنىڭ «تارانچى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» (1990 - يىلى قازاندا بېسىلغان) 10 كىرگۈزۈلگەن «تېۋىپ پادىشاھ ۋە زۆھرەخان» نىڭ يەنە بىر خىل ۋارىيانت

(111) «Cibirnih Turkiski Plemen — brazi arodnoy Literatur»، پېتىربۇرگ، 1886 - يىل، 180 - 188 - بەتلەر

(112) «تاھىر - زۆھرە» (تۇرسۇن زېرىدىن نەشرگە تەييارلىغان)، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن، «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» (2) گە كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل

*(نامجىل باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «ئالتاي ئەپسانىلىرى تەتقىقاتىغا نەزەر» (民族出版社, 2011 年, «阿尔泰神话研究回眸») ناملىق خەنزۇچە كىتابتىن مۇھەممەتئېلى ئەنۋەر تەرجىمە قىلدى)*

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى)
تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

www.uyghurkitap.com



# خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان كارىز چېپىش تېخنىكىسى توغرىسىدا يۈزەكى ئىزدىنىش

ئابلەت ئابلا

كارىز تارىخى ئۇزۇن بۈيۈك سۇ قۇرلۇشى بولۇپ، ئادەتتە جۇڭگودىكى سەددىچىن، دايۈنخې قۇرلۇشى بىلەن تەڭ ظورذىندا تۇرىدىغان ئۈچ چوڭ قۇرلۇشنىڭ بىرى دەپ تەرىپلىنىدۇ. كارىز تۇرپان خەلقىنىڭ دۇنيا مەدىنىيىتىگە قوشقان زور تۆھپىلىرىنىڭ بىرى. ئۇزۇن تارىخى تەرەققىيات داۋامىدا تۇرپان خەلقى ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى ئەمگەكچان روھىغا تايىنىپ، ئەۋلەدمۇ ئەۋلات كارىز قېزىپ، يەر ئاستى سۈيىنى باشلاپ چىقىپ، تۇرپاندىن ئىبارەت ھاۋاسى قۇرغاق، تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى جايدا بوستانلىقلارنى بەرپا قىلىپ، مۇنبەت تېرىلغۇ يەرلەرنى شەكىللەندۇردى. ئالدىنقىلار كارىز قازسا كېيىنكىلەر كارىزنىڭ لېيىنى ئېلىپ، رىمونۇت قىلىپ، كارىزلارنى قوغداپ، كارىزلاردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ كەلمەكتە. كارىز چېپىش، كارىزنى قوغداش ۋە ئۇنى ئاسىراش ئوخشاشلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تۇرپان خەلقى كارىزدىن ئىبارەت يۈكسەك مەدىنيەتنى بەرپا قىلىپ، كارىز روھىنى كارىز چېپىش، كارىز رىمونۇت قىلىش، كارىزنى قوغداش ۋە كارىز سۈيىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش قاتارلىق ھەرقايسى ھالقىلارغا چوڭقۇر سىڭدۇردى. كارىزدىن ئىبارەت ئۇلۇق سۇ قۇرلۇشىغا پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئاپىرىن ئوقۇيدۇ،ھەتتا كارىزنى قازغان ئەجداتلىرىمىزغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايدۇ. كارىز مەدەنىيىتى خەلقىمىز قەلبىگە چوڭقۇر سىڭگەنلىكى ئۈچۈن خەلق ئارىسدا كارىزغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىدىغان، كارىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قىلمىشلار كۆرۈلمەيدۇ. مەن تۆۋەندە خەلق ئارىسىدىكى كارىز چېپىش تېخنىكىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

بىرىنچى، كارىز چېپىش توغرىسىدىكى تەييارلىق خىزمەتلەر. . رىز چېپىش تېخنىكا تەلىپى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان ئىنچىكە خىزمەت، كارىز چېپىشقا نۇرغۇن ۋاقىت، كۈچ ۋە مەبلەغ كېتىدىغان سۇ قۇرلۇشى. خەلق ئارىسىدا بىر ئائىلىدە تۆت ئوغۇل بولسا بىر كارىز چېپىلىدىغان بولدى، ئائىلىدە ئوغۇل پەرزەنت تۇغۇلسا كارىزلار ماڭا ئىشلەيدىغان ئوغۇل تۇغۇلدى دەپ خوش بولىدۇ دېگەن كارىزغا مۇناسىۋەتلىك ئەقلىيە سۆزلەر بار. كارىز چېپىش نۇرغۇن ئەمگەك تەلەپ قىلىدىغان، تېخنىكىلىقى يۇقىرى، كۆپ مەبلەغ تەلەپ قىلىدىغان قۇرلۇش بولغاچقا كارىز چېپىشتىن بۇرۇن ئەستايىدىل تەييارلىق كۆرۈلىدۇ. تارىختىن بۇيان كارىز چاپتۇرغۇچىلار ئاساسەن بايلار، دېھقانلار بىرلىشىپ چېپىش ۋە نوپۇسى كۆپ ئائىلىلەر چېپىش قاتارلىق ئۈچ خىل ئۇسۇلدا بولۇپ كەلگەن.

بايلارنىڭ كارىز چېپىشى دېگىنىمىز پۇلى، كۈچى، يېرى كۆپ بايلار پۇل ۋە ئاشلىق چىقىرىپ، كارىزچى ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ كارىز چاپتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. بايلار كارىز قازىدىغان سايمانلارنى تەييارلاپ بېرىدۇ، كارىزچىلارنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن پۇل، بۇغداي، قوناق بېرىدۇ. كارىزچىلارنىڭ كارىز چېپىش خىزمىتىگە قارىتا ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۇرىدۇ، كارىزچىلارغا ئاتاپ ئايدا بىر قېتىم قوي-چارۋا سويۇپ كارىزچىلارنى مېھمان قىلىدۇ، ناۋادا كارىز كولاۋېتىپ سۇ چىقىدىغان بولاقكۆز بايقالسا چارۋا- مال سويۇپ يۇرت خەلقى، قوشنا ناھىيەلەردىكى يۇرت كاتتىلىرىنى چىللاپ، داستىخان سېلىپ تەبرىكلەيدۇ. كارىزدىن چىققان سۇ بايغا تەئەلۇق بولۇپ، باي يەرلىرىنى سۇغۇرۇشقا ئىشلىتىدۇ، ئاشقىنىنى باشقىلارغا ساتىدۇ.

دېھقانلار بىرلىشىپ كارىز چېپىش. دېھقانلار بىرلىشىپ كارىز چېپىش ئۇسۇلى دېگىنىمىز ھەربىر ئائىلىدىن مۇۋاپىق بۇغداي، قوناق يىغىپ، كارىزچى ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ، كارىز چاپىدۇ. ھەربىر قېتىم يىققان بۇغداي قوناق ئىككى شىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، كارىزچىلارنىڭ ئىش ھەققى قىلىنىدۇ. كۆپچىلىككە ۋاكالىتەن بىرنەچچە ئادەم كارىزچىلارنىڭ كارىز چېپىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. كارىزچىلارغا ئاتاپ ئايدا بىر قېتىم چارۋا - مال سويۇپ كارىزچىلارنى مېھمان قىلىدۇ، ناۋادا كارىز كولاۋېتىپ سۇ چىقىدىغان كۆز بايقالسا مال سويۇپ يۇرت خەلقى، قوشنا ناھىيەلەردىكى يۇرت كاتتىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، داستىخان سېلىپ تەبرىكلەيدۇ. كارىزدىن چىققان سۇ كۆپچىلىككە تەۋە بولۇپ، ھەربىر دېھقاننىڭ يېرىنىڭ ئاز كۆپلىكىگە قارىتا نۆۋەت بىلەن يەرلىرىنى سۇغۇرىدۇ. سۇ نورمىسى ئادەتتە بامدات ۋاقتىدىن ئاشۋاقتىغىچە، پېشىندىن شامغىچە دېگەندەك، ياكى كىشىنىڭ يېرىنىڭ ئاز كۆپلىكىگە قاراپ ئىككى سائەتتىن ئۈچ كۈنگىچە بۆلۈپ بېرىلىدۇ. ئادەتتە كارىز سۈيىنىڭ ئاز كۆپلىكى ۋە يەر كۆلىمىگە قارىتا 10 كۈندىن 15 كۈن ئەتراپىدا بىر نۆۋەت ئايلىنىدۇ.

نوپۇسى جىق ئائىلەرنىڭ كارىز چېپىشى. .ارىز قازىدىغان نوپۇسى كۆپ ئائىلە دېگىنىمىز ئائىلىسىدە ئەر ئەمگەك كۈچى كۆپرەك ئائىلىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئائىلىلەر ئائىلىسىدىكى ئەرلەرنى تەشكىللەپ كارىز چاپىدۇ. كارىزدىن چىققان سۇ شۇ ئائىلىگە تەۋە بولىدۇ. شۇ ئائىلىنىڭ يېرىنى سۇغۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ، ئادەتتە. پەرزەنتلەر ئۆي ئايرىپ چىققاندا مۇۋاپىق يەر ۋە سۇ تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ.

كارىزدا ئادەتتە بەش ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلەيدۇ، بىر ئادەم كارىزنىڭ تەشمىسىنى چاپىدۇ، بىر ئادەم كارىزنىڭ لېيىنى سۈەتكە قاچىلاپ تىلمىنىڭ يېرىمىغا ئېلىپ كېلىدۇ، يەنە بىر ئادەم تىلمىنىڭ يېرىمىدىن لاي قاچىلانغان سۈەتنى كۆتۈرۈپ كارىز قۇدۇقىنىڭ ئاغزىغا ئېلىپ كېلىپ، ساسازىنىڭ تۆپىدىكى چوڭ سۈەتكە لاينى تۆكىدۇ، سۈەت توشقاندىن كېيىن سۈەتنى ئارغامچىنىڭ ئۇچىغا باغلانغان ئىلمەككە ئىلىدۇ، يەنە بىر ئادەم كارىز قۇدۇقىنىڭ تۆپىدە تۇرۇپ سۈەت چىققاندىن كېيىن لاينى تۆكۈپ، قۇرۇق سۈەتنى كارىز تەكتىگە چۈشۈرىدۇ، يەنە بىر ئادەم كالىنى يېتىلەپ لاي تارتىدۇ ياكى ئادەم كۈچى بىلەن چىغرىقنى ئايلاندۇرۇپ لاي تارتىدۇ، كارىزچىلارنى كارىز تېگىگە چۈشۈرىدۇ ۋە ئۇلارنى تارتىۋالىدۇ. بۇلار بولسا كارىز قازغۇچى ئۇستا، شاگىرت ۋە چىغرىق يېتىلىگۈچى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. بىر كۈندە تىك قۇدۇق ئۈچ مېتىر ئەتراپىدا چېپىلىدۇ، كارىز تەشمىسى ئىككى مېتىر ئەتراپىدا چېپىلىدۇ. 1500 2000

www.uyghurkitap.com



مېتىرغىچە بولغان بىر كارىزنى چېپىپ بولغىچە ئاز بولغاندا تۆت يىل ۋاقىت كېتىدۇ. چۈنكى كارىزنى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدىلا چاپقىلى بولمايدۇ.

كارىز چاپقۇچى ئۇستا. كارىز چاپقۇچى ئۇستا بولسا كۆپ يىللىق كارىز چېپىش تېخنىكىسىغا ئىگە بولغان، مۇئەييەن كارىز چېپىش تەجرىبىسى بار، كارىزچىلارنى يېتەكلەش ئىقتىدارىغا ئىگە، تېنى ساغلام، ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىغا بار كىشىنى كۆرسىتىدۇ. كارىز چاپقۇچى ئۇستا ئادەتتە قارا كۆرۈش، كارىزنىڭ تەشمىسىنى چېپىش، كارىز چېپىش جەريانىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى بايقاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش، بىخەتەرلىك ئامىللىرىنى بايقاش، كارىزچىلارنى باشقۇرۇش، ئەمگەكنى خاتىرىلەش، كارىز چېپىش ئەمگىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، كارىز چېپىش ئەھۋالىنى كارىز چاپتۇرغۇچىغا مەلۇم قىلىش ۋە كارىز چاپتۇرغۇچىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قوبۇل قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئادا قىلىدۇ. بىر قىسىم كارىزچى ئۇستىلار كارىزدىن تارتقان لايغا قاراپ ياكى كارىز سۈيىنى تېتىپ بېقىپ كارىزدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى بايقايدىغان تەجرىبىلەرنى ئىگەنلىگەن بولىدۇ. كارىزچى ئۇستىلاردا كارىز چېپىش ئەمگەك جەريانىدا بەل، بىلەكلىرى ئۇيۇشۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇرىدۇ.

كارىز قازغۇچى شاگىرت. كارىز قازغۇچى شاگىرت بولسا مۇئەييەن كارىزدا ئىشلەش تەجرىبىسىگە ئىگە، تېنى ساغلام كارىزچىلارنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلار ئادەتتە كارىزچى ئۇستىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە كارىز تەشمىسىنى چېپىش، كارىزچى ئۇستا كارىز تەشمىسىنى چېپىش جەريانىدا ھاسىل بولغان كارىز لېيىنى توشۇش، كارىز ئاستىدا تۇرۇپ ئارغامچىغا لاي قاچىلانغان سۈۋەتنى ئىلمەككە ئېسىش، كارىزنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ چىققان لايىنى تۆكۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قىلىدۇ، ئەگەر كارىز چاپقۇچى شاگىرت چاققان بولمىسا كارىزچى ئۇستا كارىز تەشمىسىنى چېپىپ چىقارغان لايىنى توشۇپ بولالماي كارىز چېپىش سۈرئىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. كارىزچى شاگىرتلار ئۇزۇن مۇددەت سۈۋەت كۆتۈرۈش جەريانىدا بەل ۋە بىلەكلىرى ئاغرىپ كېتىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ.

چىغرىق يېتىلىگۈچى. چىغرىق يېتىلىگۈچى دېگىنىمىز كارىزدا لاي تارتىدىغان كالىنى يېتىلىگۈچى ياكى قول بىلەن غالتەك ئايلاندۇرۇپ لاي تاتقۇچى كىشىنى كۆرسىتىدۇ. چىغرىق يېتىلىگۈچى كالا يېتىلەيدىغانلارنىڭ يېشى بىرقەدەر كىچىك كارىزچىلار بولۇپ، ئون ياشتىن 16 ياش ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ، چىغرىق يېتىلىگۈچى كالىنى يېتىلەپ قۇدۇقتىن لاي تارتىش، كالىغا يەم بېرىش، سۇغۇرۇش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. چىغرىق يېتىلىگۈچى مەلۇم ياشقا كىرگەندە كالا يېتىلەشتىن كارىزنىڭ تەكتىگە چۈشۈپ ئىشلەيدىغان شاگىرت بولىدۇ.

قەدىمكى زامانلاردا لاي تارتىدىغان كالا بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا چىغرىق يېتىلىگۈچى كارىزچى ئادەم كۈچى ئارقىلىق كارىز لېيىنى تارتقان بولۇپ، كارىزدىن لاي تارتىدىغان چىغرىقنى ئۈچ پۇتلۇق جازا، جازىدىكى غالتەكنىڭ بىر بېشىنىڭ چەت .سىمىغا 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئەگىم كەلگەن بىر ياغاچ تۇتقۇچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، چىغرىقچى مۇشۇ تۇتقۇچنى ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق كارىز ئارغامچىسىنى غالتەككە يۆگەپ، كارىز قۇدۇقى تەكتىدىن لايىنى تارتىپ چىقارغان، قۇدۇق ئاستىدا تۇرۇپ كارىز چېپىۋاتقان ئادەمنى تارتىپ چىقىدىغان ۋاقىتتا لاي تۆككۈچى چىغرىقچى بىلەن

بىرلىشىپ ئادەم تارتقان، بىرقىسىم كارىزچىلار كارىزغا چۈشكەندە ياكى كارىزدىن چىققاندا تىك قۇدۇق ئىچىدىكى تۇشۇك قىرماقنى دەسەپ كارىزغا چۈشكەن ياكى كارىزدىن چىققان، قول بىلەن غالتەك ئايلاندۇرىدىغان كارىزچىلار ياش، كۈچلۈك، تەجرىبىلىك كارىزچىلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچى، كارىز چېپىش تېخنىكىسى. تۇرپاننىڭ يەر تۈزۈلۈش ۋە يەر ئاستى سۇ مەنبەسىنىڭ كېلىش يۆلىنىشىگە ئاساسەن كارىزنىڭ چېپىش يۆلۈنىشىدىمۇ مۇئەيەن پەرق بولىدۇ، تۇرپان ۋىلايىتىدە ئوخشىمىغان يەر شەكلىگە قاراپ، شـ00 غەرىپ، جەنۇپ، شەرق قاتارلىق ئوخشىمىغان يۆلۈنۈشلەردە چېپىلىدۇ. تۇرپان شەھىرىدىكى كارىزلار ئاساسەن شىمالغا قاراپ چېپىلىدۇ، كارىزنىڭ باش قىسمىغا بارغاندا كارىز يۆلۈنىشى غەربىي شىمالغا قاراپ يۈزلۈنىدۇ. پىچان ناھىيەسىدىكى كارىزلارنىڭ بىر قىسىملىرى شىمالغا قاراپ چېپىلىدۇ، بىر قىسىملىرى شەرق شىمال ۋە شەرق يۆلۈنۈشكە قاراپ چېپىلىدۇ. توقسۇن ناھىيەسىدىكى كارىزلار غەرب، شىمال يۆلىنىشتە چېپىلىدۇ، بىرقىسىم كارىزلار غەربىي شىمال يۆلۈنۈشتە ۋە غەرب يۆلۈنۈشكە قاراپ چېپىلىدۇ، بىرقىسىم كارىزلار غەربىي جەنۇپ يۆلۈنۈشتە، جەنۇپ يۆلۈنۈشتە چېپىلىدۇ. دېمەك، كارىز يەر ئاستى سۇ مەنبەسىنىڭ كېلىش يۆلۈنىشىگە قاراپ چېپىلىپ، يەر ئاستى سۈيىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. كارىزنىڭ سۇ مەنبەسى بولسا يەر قاتلىمىدىن كارىز تەشمىسىگە سىرغىپ چىققان سۇ بىلەن، يەر ئاستىدىكى يۇشۇرۇن سۇ يوللىرىدىن تەركىب تاپىدۇ، يۇشۇرۇن سۇ يولىنىڭ كارىز تەشمىسىدىكى سۇ چىقىش ئېغىزى كۆز دەپ ئاتىلىدۇ. كارىز تىلمىسىدىكى سۇ يۇقىرىدىن① تۆۋەنگە② قاراپ ئاقىدۇ. كارىز چېپىشتا ئالدى بىلەن كارىزنىڭ تىلما ئورنى مۇقىملىنىدۇ، ئاندىن كېيىن سۇ قۇدۇقى چېپىلىدۇ، كارىز لەشمىسى چېپىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كارىز تەشمىسىدىن يۇقىرىغا قاراپ سۇ كارىزىنى نىشان قىلىپ تەخمىنەن 15 غۇلاچتىن 30 غۇلاچقىچە ئارىلىق قالدۇرۇپ تىك قۇدۇق چېپىلىدۇ. ئاندىن كېيىن كارىزنىڭ تەشمىسى تىلمىدىن باشلاپ يۇقىرىغا قاراپ چېپىلىدۇ.

كارىز تىلمىسى دېگىنىمىز كارىزنىڭ سۇ چىقىدىغان ئۈستى ئۈچۈق قىسمى بولۇپ، ئۈستى ئۈچۈق كارىز ئېرىقىنى كۆرسىتىدۇ. كارىزنىڭ تىلما ئورنىغا ئاساسەن ، تېلمىنىڭ تۆۋەن تەرەپىگە كۆل چېپىلىدۇ، ئاھالىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىدۇ ياكى تېرىلغۇ يەر ئېچىلىدۇ.

سۇ قۇدۇقى. سۇ قۇدۇقى دېگىنىمىز، كارىز تىلمىسىدىن ئۇدۇل كارىز سۈيى كېلىدىغان يۆلۈنىشكە قاراپ بىر كىلومېتىردىن بىر يېرىم كىلومېتىر ئارىلىقىچە بولغان ئورۇندىن بىر نوقتا ئېلىپ تىك قۇدۇق چېپىلىدۇ، تىك قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 10 مېتىردىن 15 مېتىرغىچە بولىدۇ، تىك قۇدۇق چېپىلىپ، مۇئەيەن چوڭقۇرلۇققا يەتكەندە قۇدۇق ئىچىدە سۇ پەيدا بولىدۇ، ئەگەر مۇئەيەن چوڭقۇرلۇققا يېتىپ سۇ پەيدا بولمىسا سۇ قۇدۇقى داۋاملىق هالدا يۇقىرغا قاراپ نوقتا ئېلىنىپ چېپىلىدۇ، قاچان سۇ چىققىچە سۇ قۇدۇقى كۆپەيتىلىپ چېپىلىدۇ. سۇ چىققان قۇدۇق سۇ قۇدىقى دەپ ئاتىلىدۇ. سۇ قۇدۇقىنى چېپىش كارىز چېپىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم هالقا بولۇپ، مۇھىم تېخنىكىلىق تەلەپ. سۇ قۇدۇقىنى چېپىش بولسا كارىز چېپىشنىڭ بىرىنچى قەدەملىك قۇرۇلۇش بولۇپ، ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە باسقۇچ هېسابلىنىدۇ. سۇ قۇدۇقىنىڭ رولى يەر ئاستى سۇ ئورنىنى مۆلچەرلەش، كارىز تىلمىسىنىڭ ئورنىنى

بېكىتىش، كارىز تەشمىسىنىڭ تۈزلىكىنى ئېلىش، كارىزنىڭ تۈزلىگىگە نىشان بەلگىلەش، كارىزنىڭ ئومۇمى ئۇزۇنلىقىغا ھۆكۈم قىلىش، يەر ئاستى سۈيىنى چىقىرۋېتىش قاتارلىق مۇھىم روللارغا ئىگە، سۇ قۇدۇقنى چاپقاندىلا ئاندىن كېيىن كارىز چېپىش ئەمگىكى باشلانغان بولىدۇ، ھەم كارىز چېپىشنىڭ غەلىبىلىك بولۇش بولماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ.

تىك قۇدۇق چېپىش. تىك قۇدۇق بولسا كارىزچىلارنىڭ كارىز تەكتىگە چۈشىدىغان يولى، ھەربىر تىك قۇدۇقنىڭ ئارىلىقى 10 مېتىردىن 80 مېتىرغىچە بولىدۇ، كارىز تىك قۇدۇقى تىلمىغا يېقىن تەرەپتىكىلىرى تېيىز كارىزنىڭ باش تەرەپىدىكى تىك قۇدۇقلار چوڭقۇر بولىدۇ، كارىز تىك قۇدۇقلىرى رەت بويىچە تېيىزدىن چوڭقۇرلاپ ماڭىدۇ. J چوڭقۇرلىرى 90 مېتىردىن ئاشىدۇ. كارىزنىڭ كارىز تىلمىسىغا يېقىن تەرەپىدىكى تىك قۇدۇقلارنىڭ ئارىلىقى يېقىن چېپىلىدۇ. كارىزنىڭ يۇقىرى قىسمىغا سۈرۈلگەنسېرى تىك قۇدۇقلارنىڭ ئارىلىقى يىراقلاپ ماڭىدۇ. بۇنداق كارىز قېزىلىشىدىكى سەۋەپ بولسا كارىز تىك قۇدۇقنىڭ ئارىلىقى يېقىن بولسا تەشمىنىڭ لېيىنى ئالماق ئاسان بولىدۇ، تىك قۇدۇق قانچە چوڭقۇرلىغانچە ئەمگەك مىقتارى ئېشىپ كېتىپ، تىك قۇدۇقنىڭ چېپىلىش ئارىلىقى چوڭايتىلىدۇ. ھەربىر كارىزنىڭ تىك قۇدۇق سانى 10 دىن تارتىپ 300 گىچە بولىدۇ. ئادەتتە تىك قۇدۇق تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە چېپىلىدۇ، كارىزنىڭ تەشمىسى بىلەن تۇتىشىدىغان قىسمى سەل ئەگىم شەكىلگە كىرگۈزۈلىدۇ، تىك قۇدۇقنىڭ كەڭلىكى 50 سانتىمېتىردىن 70 سانتىمېتىر ئەتىراپىدا، ئۇزۇنلىقى 1.20 مېتىر ئەتىراپىدا بولۇپ، بىر قىسىم تار يەرلىردىن كارىزچىلار قىسىلىپ ئۆتىدۇ. كارىزچىلار تىك قۇدۇق ئارقىلىق كارىز تەكتىگە چۈشىدۇ ۋە لاي تارتىدۇ، لاي تارتىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن تىك قۇدۇقنىڭ ئاغزى ھەم يېپىلىپ ھاۋا كىرىپ كېتىشنىڭ ئالدى ئېلىنىلىدۇ. كونىلاردا تىك قۇدۇق تۈز چېپىلسا تەشمە ئۇدۇل چىقىدۇ دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى . تىك قۇدۇق تىلمىنىڭ ئۈستىدىن مۆۋاپىق ئورۇن قالدۇرۇپ، سۇ قۇدۇقىغا ئۇدۇل قىلىپ نوقتا ئېلىپ چېپىلىدۇ. تىك قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلىقىنى ئۆلچەشتە ئەڭ ئاددى، ئەڭ ئىشەنچىلىك بولغان، تانىغا رەڭلىك بوقۇش باغلاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. يەر يۈزى شەكلىنىڭ ئېگىز پەسلىك ھالىتىنى مۆلچەرلەپ قوشنا ئىككى تىك قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى نىسبەتەن ئوخشاش ھالەتكە كەلگىچە قېزىلىدۇ، ئىككى قوشنا تىك قۇدۇقنىڭ يەر شەكلى ئېگىز ـ پەس بولسا يۇقىرىدىكى تىك قۇدۇق نىسبەتەن چوڭقۇر ئويۇلىدۇ، ئىككى قوشنا تىك قۇدۇق ئاستىدىكى تەشمىنىڭ تەكشىلىك پەرقىنى ئاز ئېلىش نىشان قىلىنىدۇ. تىك قۇدۇقنى چاپقان ۋاقىتتا تىك قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلىقىنى ئۆلچەيدىغان تانىنىڭ ھەربىر غېرىش قىسمىغا ئوخشىمىغان ھەرخىل رەڭدە بوقۇش چېگىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق تىك قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى ھەر ۋاقىت ئەڭ ئاددى ئۇسۇل بىلەن ئۆلچىنىلىدۇ، ھەم چوڭقۇرلۇقى باشقا قۇدۇقلارنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ. تىك قۇدۇقنىڭ تۈزلىكىنى ئېلىشتا بىر تال تانىنىڭ ئۇچىغا تاش باغلاپ تىك قۇدۇقنىڭ تۈزلىكىنى كۆرىدىغان قارا قىلىنىدۇ. تانىنى تىك قۇدۇقنىڭ تېمىغا تەكۈزۈپ تۇتساق تۈز بولمىغان جايلىرى بايقالسا قايتىدىن رېموت قىلىنىپ تۈزلىكى كەلتۈرۈلىدۇ. ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن قوشنا تىك قۇدۇق چېپىلىدۇ.

تىك قۇدۇقنى چاپقان ۋاقىتتا قۇدۇق تۈپىسىنى ئادەم كۈچى ئارقىلىق چىغرىق بىلەن ئاۋايلاپ تارتىلىدۇ، بىخەتەرلىككە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. تىك قۇدۇقنى چاپقاندا ئىككى ياكى ئۈچ ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ چاپىدۇ، قۇدۇق چاپقۇچى كارىزچى چاپقان تۈپىنى ئۆزى سېۋەتكە ئۇسۇپ ئىلمەككە ئىلىپ بېرىدۇ، غالتەكچى تۈپىنى تارتىپ سېۋەتتىكى تۈپىنى ئۆزى تۆكىدۇ ياكى ئۈچۈنچى كارىزچى تۆكىدۇ، قۇدۇق چاپقۇچى سېۋەتكە تۈپىنى قاچىلاپ، ئىلمەككە ئىلىپ بولغاندىن كېيىن سەل كېيىنگە داجىپ تۇرۇۋالىدۇ، غالتەكچى كارىزچىغا دىققەت قىل، دىققەت قىل دەپ ئەسكەرتىش بېرىپ تۇرىدۇ.

كارىزنىڭ تەشمىسىنى چېپىش.

كارىزنىڭ تەشمىسى دېگىنىمىز كارىزنىڭ يەر ئاستى قىسمى بولۇپ، يەر ئاستى سۈيىنى يىغىپ، سۇ ئاقىدىغان ئۈستى يېپىق ئېرىق قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. كارىزنىڭ ئەڭ باش قىسمىدىكى قارسۇدىن تارتىپ كارىز سۈيى يەر يۈزىگە چىقىدىغان ئېغىز يەنى تىلمىغىچە بولغان يەر ئاستى سۇ ئاقىدىغان ئېرىقنىڭ ھەممىسىنى تەشمە دەيمىز. كارىز تەشمىسىنىڭ رولى يەر ئاستى سۈيىنى يىغىش ۋە سۇنى باشلاپ يەر ئۈستىگە چىقىرىشتۇر. كارىز تەشمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3000 مېتىردىن 10000 مېتىرغىچە بولىدۇ. كارىز تەشمىسى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدە چېپىلىدۇ، تەشمىنىڭ ئۈستى قىسمى كېمىر شەكىلدە بولىدۇ. تەشمىنىڭ كەڭلىكى 50 سانتىمېتىردىن 70سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، تار يەرلەردىن كارىزچىلار يانپاش بولۇپ ماڭىدۇ، تەشمىنىڭ ئېگىزلىكى 1.20 مېتىردىن 1.50مېتىرغىچە بولىدۇ. كارىزچىلار تەشمە ئىچىدە ئېڭىشىپ ماڭىدۇ. كارىز سۈيى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئاقىدىغان بولغاچقا، كارىز تەشمىسى تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ چېپىلىدۇ. كارىز تەشمىسىنى چېپىشتا كارىز چىرىقىنىڭ نۇرى نىشان قىلىنىدۇ. تەشمە چېپىلىپ تۆت، بەش مېتىر بولغاندا كارىز چىرىقىنىڭ نۇرىنى تامغا يېقىن ئەكىلىپ تۇتۇلىدۇ، چىراق نۇرى تەشمىنىڭ تېمىنى تەكشى يورۇتسا تەشمە تۈز چىققان بولىدۇ، تەشمىنىڭ تېمى بىرقىسمى يورۇق بىرقىسمى قاراڭغۇ بولسا تەشمە تېمى تۈز بولمىدى دەپ قارىلىپ چىراق نۇرى يورۇتقان يەر چېپىلىپ، تەشمە تېمى تەكشى يورۇش ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ. تەشمىنى تېشىپ يۇقىرىدىكى تىك قۇدۇققا بېرىشقا ئۈچتىن بىر قىسمى قالغاندا كارىزچى ئۇستا كارىز ئۈستىگە چىقىدۇ، يەنە بىر كارىزچى قۇدۇقنىڭ ئاستىدا بەدىنىنى تەشمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يۆلەندۈرۈپ ئۆدۈل ئولتۇرىدۇ، كارىزچى ئۇستا كارىز ئۈستىدە تۇرۇپ، قۇدۇق ئاستىدىكى كارىزچىنىڭ ئولتۇرغان ۋاقىتتىكى بەدىن يۆلۈنۈشى بىلەن يۇقىرىدىكى تىك قۇدۇق يۆلۈنىشىنى مۆلچەرلەيدۇ، ئەگەر قۇدۇق ئىچىدىكى ئادەمنىڭ ئولتۇرۇش يۆلۈنىشى ئىككى تىك قۇدۇق يۆلۈنىشى بىلەن ئوخشاش بولسا تەشمە تۈز بوپتۇ دەپ قارىلىدۇ، يۆلۈنۈشتە سەل پەرق بولسا كارىزچى ئۇستا چارەك ياكى غېرىچ پەرق بار ئىكەن دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن كارىز ئىچىگە چۈشۈپ، كارىز چىرىقىنىڭ نۇرىنى تەشمە تېمىغا ئىككى بىرىلىكتىن بەشىلىككىچە ئارىلىق قويۇپ تۇتۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كارىزنىڭ تەشمە تېمىنىڭ يورۇغان قىسمىنى قايتىدىن چېپىپ تۈزلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۈستىدىكى قۇدۇقتىن ئاستىغا قاراپ تەشمە چېپىلىدۇ، تەشمە يۇقىرى، تۆۋەن تەرەپتىن تەڭ تېشىلىپ ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلىدۇ. . شمە چېپىلىش جەريانىدا كارىز چىرىقىنى

www.uyghurkitap.com



تەشمىنىڭ تېمىغا تۆشۈك ئويۇپ كارىز چىرىقى قويۇلىدۇ، كارىز چىرىقى تەشمە چاپقۇچىلارغا يورۇق چۈشۈرۈپ تۇرىدۇ. تىك قۇدۇق سەل چوڭقۇرلىغان جايلاردا تەشمىنىڭ تۈزلىكىنى ئېلىش ئۈچۈن، تىك قۇدۇق ئاستىدا تۇرغان ئادەمنىڭ بېشىغا بىر دانە ئۈچ بۇرجەك تاش تانا بىلەن ئېسىپ بېشىغا قويۇلىدۇ، قۇدۇق ئۈستىدە تۇرغان كارىزچى ئۇستا تاش يۆلۈنۈشكە قاراپ، تەشمە يۆلۈنىشىگە ھۆكۈم قىلىدۇ. تىك قۇدۇقنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە بارغاندا تىك قۇدۇق ئاستىدىكى كارىزچى ئالدىغا بىر كارىز چىرىقىنى قويۇۋالىدۇ، كارىزچى ئۇستا قۇدۇق ئۈستىدە تۇرۇپ، چىراق نۇرىدا ئادەمنىڭ ئولتۇرۇش يۆلۈنىشىنى كۆزىتىپ، تەشمىنىڭ يۆلۈنىشىگە ھۆكۈم قىلىدۇ، تەشمىنىڭ يۆلۈنىشى قېيىپ كەتكەن بولسا يوقىرىقى ئۇسۇل ئارقىلىق تەشمە ئۈزۈللىنىدۇ، تەشمە ئىككى تەرەپتىن تېشىلىپ تۇتاشتۇرۇلىدۇ. تەشمە چاپقۇچى ئۇستا ئادەتتە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، بەدىنىنى يانغا بۇراپ پوچى ئارقىلىق تەشمە چاپىدۇ. كەتمەن بىلەن سىۋەتكە لاي ئۇسىدۇ. تىلما ئىچىدە لاي توشۇيدىغان شاگىرتلار چىراق نۇرىنىڭ يورۇتۇش دائىرىسى، ئۆزى تۇرۇۋاتقان نوقتا، كارىز چىرىقى ۋە تىلما چېپىۋاتقان ئۇستىنىڭ بىر تۈز سىزىقتا كەلگەن كەلمىگەنلىكىگە قاراپ، تەشمىنىڭ ئۈزۈل ياكى قىڭغىر بولۇپ قالغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق كارىز تەشمىسىنى چېپىۋاتقان ئۇستىغا تەشمە ياناپ كەتتى ياكى ئۈزۈل بولدى دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ تۇرىدۇ. تەشمە تېشىلىپ يوقىرىقى قۇدۇققا يېقىنلاشقاندا يوقىرىقى قۇدۇقتىن چىققان پوچىنىڭ تەشمىنى چاپقان ئاۋازىنىڭ كۈچلۈك ئاجىزلىقى پەرىقىگە قاراپ يۆلۈنۈشنى يەنىمۇ توغرىلاپ، تەشمىنى چېپىپ، ئىككى تىك قۇدۇق تۇتاشتۇرۇلىدۇ. كارىز تەشمىسىنىڭ تەكشىلىكىنى ئېلىشتا كارىز سۈيىنىڭ ئېقىش ئەھۋالى بويىچە ئېلىنىدۇ، كارىز سۈيى كۆپىيۋالسا ياكى ئاۋاز چىقىرىپ ئاقسا كارىز تەشمىسىنىڭ سۈنى كۆپىتۈرۋالغان قىسمى چوكتۇرۇلۇپ، كۆپىيۋالغان سۇ ماڭغۇزۇۋېتىلىدۇ، سۇ ئاۋاز چىقىرىپ ئاققان يەرلەرمۇ مۇۋاپىق چوكتۇرۇلىدۇ.

كارىز چىرىقىنىڭ خەتەردىن ئالدىن سىگنال بېرىش رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلىدۇ. كارىزچى ئۇستىلار تەشمە تېمىدىن بىر تۆشۈك كولاپ كارىز چىرىقىنى يورۇتۇپ قويىدۇ، كارىز چىرىقىنىڭ نۇرىدىن پايدىلىنىش بىلەن بىرگە، خەتەرنىڭ ئالدىن سىگنال بېرىش رولىدىنمۇ تولۇق پايدىلىنىلىدۇ. كارىز چىرىقى نۇرىنىڭ قىيسىيىش يۆلۈنىشىگە قاراپ كارىز تەشمىسى ئۆرۈلىدىغان بولدى دەپ ھۆكۈم قىلىپ تەشمە ئىچىدىكىلەرنى دەرھال بىخەتەر جايغا يۆتكۈلىشقا بۇيرۇيدۇ. J T. كارىز چىرىقى نۇرى ئوڭ تەرەپكە قىيسايسا چىراقنىڭ سول تەرەپىدىن مەلۇم جاي ئۆرۈلىدۇ، كارىز چىرىقى نۇرى سول تەرەپكە قىيسايسا چىراقنىڭ ئوڭ تەرەپىدىن مەلۇم جاي ئۆرۈلىدۇ دەپ ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، شۇنداقلا تەشمىدىكى بوش توپراق قاتلىمى ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ.

كارىز تەشمىسىنىڭ تۈزلىكىنى ئېلىشتا يۆلۈنۈش بەلگىسى قويۇلغان كارىز چىرىقى نۇرىدىنمۇ پايدىلانغان .. يەنى كارىز تىلمىسىنىڭ تىك قۇدۇق بىلەن تۇتۇشىدىغان ئېغىزىدا بىر كارىزچى كارىز چىرىقىنى تەشمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلتۈرۈپ تۇتۇپ تۇرىدۇ، تەشمىنىڭ ئىچىدە يەنە بىر كارىزچى يۆلۈنۈش بەلگىسى قويۇلغان كارىز چىرىقىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ، ئەگەر ئىككى چىراقنىڭ نۇرى ۋە كارىز چىرىقىنىڭ يۆلۈنۈش بەلگىسى بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە كەلسە تەشمە تۈز بولغان

بولىدۇ، ئەگەر ئىككى چىراقنىڭ نۇرى ۋە كارىز چىرىقنىڭ يۆلۈنۈش بەلگىسى بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە كەلمىسە تەشمە تۈز چىقمىغان بولىدۇ.

يۇقىرىقى خىزمەت تەرتىپلىرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، تەشمىنى چوقۇم تەجرىبىلىك، ماھىر كارىزچى ئۇستا چېپىش ياكى شاگىرتىنىڭ تەشمە چېپىشىنى كارىزچى ئۇستا نازارەت قىلىپ تۇرۇش كېرەك.

كارىزنىڭ تىلمىسىنى چېپىش. كارىزنىڭ تىلمىسى دېگىنىمىز كارىز تەشمىسىنىڭ ئەڭ تۆۋەنكى قىسمى يەر يۈزى قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە ئۇزۇنلىقى 50 مېتىردىن 100 مېتىرغىچە بولىدۇ. كارىز تىلمىسى كارىزنىڭ تەشمىسىدىن باشلىنىپ، ئۈستى ئۈچۈق كارىز تەشمىسى پەسلەپ، نورمال ئېرىق شەكلىگە كەلگىچە بولغان ئارىلىقچە بولىدۇ. كارىز تىلمىسىنىڭ يۇقىرى قىسمى چوڭقۇر، تۆۋەن قىسمى ئېرىق بىلەن تەڭ بولىدۇ، تىلمىنىڭ تەكتى تۈز ئېلىنىدۇ، بولمىسا سۇ كۆپىۋالىدۇ، ياكى چوش - چۇشۇرگۇ پەيدا بولۇپ كارىزنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

كارىز چېپىش ئۇسۇلى جەھەتتە يۇقىرىقى كارىز چىرىقى نۇرىدا قارا كۆرۈش ئۇسۇلىدىن باشقا تۇپتۈز كەتكەن بىرتال چەگزىنى بەلگە قىلىۋېلىپ چېپىش ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدا كارىزچى ئۇستىلار كارىزنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى تىلمىدىن باشلاپ چېپىپ، تەشمە ئىچىگە تۇپتۈز بولغان بىرتال 5 ـ 6 مېتىرلىق چەگزىنى ئەكىرىپ، چەگزىگە قارىتا تەشمىنىڭ تۈزلىكى، تەشمىنىڭ تەكشىلىكى ئېلىنىپ كارىز قېزىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل بىرئاز قالاق ئۇسۇل بولۇپ، بۇ كارىز چېپىشنى كۆرۈپ باقمىغان كارىزچىلارنىڭ ئۇسۇلىدۇر، بىر مەزگىل كارىزلارنى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن قازغان. كارىزنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ چېپىش تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، كارىز چېپىش ئۇسۇلىنى كارىزنى قارا كۆرۈپ چېپىش ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتكەن.

كارىزچى ئۇستىلار گېيومېتىريەلىك، فىزىكىلىق بىلىملەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش بىلىملىرىنى ئەپچىللىك بىلەن ئىشلىتىپ، كارىزلارنى نۇقسانسىز توغرا قېزىپ، سۈيىنى راۋان چىقارغان.

---

چۈشەندۈرمە:

① يۇقىرى دېگىنىمىز000 تۇرپاننىڭ يەر شەكلىگە ئاساسەن يەر تۈزۈلىشى تەدرىجى ئېگىزلەپ ماڭغان يۆلۈنۈشنى كۆرسىتىدۇ.

② تۆۋەينى دېگىنىمىز000 تۇرپاننىڭ يەر شەكلىگە ئاساسەن يەر تۈزۈلىشى تەدرىجى پەسلەپ ماڭغان يۆلۈنۈشنى كۆرسىتىدۇ.

تۇرپاندىن يىغۋېلىنغان كارىز يۆلۈنىشىنى بەلگىلەيدىغان قارا چىراقنى بىرقىسىم مۇتەخەسسىسلەر كارىز چىرىقى دەپ ئاتاپ، كارىز تەشمىسىنىڭ تۈزلىگىگە ھۆكۈم قىلىشتا قارا (نىشان) قىلىنغان دەپ قارىماقتا.

*ماقالىنى يېزىش جەريانىدا ماڭا ياردەم قىلغان كارىزچى ئۇستا ئەرشىدىن لىتىپ، تۇرسۇن لىتىپ، كارىزچى ئەۋلادى رەخمۇتۇل ئابدىسىم، گەپتان ئابلىز باراتلارغا رەھمەت ئېيتىمەن.*

(ئاپتور تۇرپان شەھەر ئەسلى ئۇرۇقچىلىق مەيدانى ئىشخانىسىنىڭ خادىمى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# تارىخ ئاتالغۇچىلىقى ۋە ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم

ئىلشات ئەيسا ئابلاجان يۇسۇپ تەھۇر

20 ـ ئەسىردىكى پەن ـ تېخنىكىنىڭ يۈكسەك تەرەققىياتى ئىلىم ـ پەن تەتقىقات ئىشلىرىدا ئىلىمغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنىڭ قېلىپلىشىشىغا بولغان ئېھتىياجنى شەكىللەندۈردى. بۇنىڭ بىلەن تەرەققىي قىلغان ئەللەردە ئاتالغۇچىلىق ئايرىم پەن شەكلىدە تىلچىلىقتىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، مۇستەقىل تەرەققىي قىلىش يولىغا ماڭدى. ھەر قايسى ئەللەردە ئاتالغۇچىلىققا ۋە ئاتالغۇلارنىڭ قېلىپلىشىشىغا بولغان تەتقىقاتلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاتالغۇلارنىڭ قېلىپلىشىشى خەلقئارالىق مەسىلە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە خەلقئارالىق ئۆلچەملەشتۈرۈش تەشكىلاتى مەيدانغا كەلدى.

ئاتالغۇ ــ ئۇ تۈرلۈك ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردە قوللىنىلىدىغان مەخسۇس خاراكتېرلىك ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىنى ئالغان سۆزلەملەرنى كۆرسىتىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەتتىكى ئېغىز ۋە يازما تىلى سىرتىدا، يەنى تەتقىقاتتا قوللىنىلىدىغان، مەخسۇس كەسپكە ئائىت ئۇقۇملارنى ئىپادە قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان، چەكلىك مەنىلەر بىلدۈرىدىغان بىر ئۇقۇمنىڭ قىسقارتىلىشىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئورتاق تىلدا قوللىنىلىدىغان سۆزلۈكلەرنىڭ مەنىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ قالمايدىغان، ئۆزىگە خاس ساھەسى بولغان سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى ئاتالغۇ دەپ ئاتىلىدۇ. بىر ئاتالغۇ ئادەتتە پەقەتلا بىر ئۇقۇمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇنداقلا شۇ ساھەدىكى كىشىلەرنىڭ بىر قاراشتىلا شۇ ئۇقۇمنى چۈشىنەلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاتالغۇ بىرەر مۇھىم سەۋەب بولمىغان شارائىتتا خالىغانچە ئۆزگەرتىلمەيدۇ، يەنى نىسبىي مۇقىم بولىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭ تىل ئادىتى بىلەن بىردەك بولۇنۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاتالغۇنىڭ مۇھىملىقى ئۇنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشتە ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللىقنى ساقلاپ، بۇ جەھەتتىكى ئالاقىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ باشقا ساھەدىكىلەرنىڭمۇ شۇ ساھەنى تونۇشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. ئاتالغۇ ئاللىقاچان بۈگۈنكى تەتقىقات ئىشلىرىد چوقۇم ھازىرلاشقا، بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى بولۇپ شەكىللىنىپ بولدى. ئاتالغۇنىڭ تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق، ئىلىم ـ پەن ئىشلىرى يۈكسەلگەن مىللەتلەرنىڭ تۈرلۈك ساھەلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، قېلىپلىشىش ۋە ئومۇملىشىش ئەھۋالىنىڭمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى

بايقايمىز. ئەكسىچە، تەرەققىياتى نىسبەتەن ئاستا مىللەتلەردە ئۆز تىلىغا خاس ئاتالغۇلارنىڭ كەملىكى، شۇنداقلا قېلىپلىشىش ۋە ئومۇملىشىش ئەھۋاللىرىنىڭمۇ نەقەدەر ئېچىنىشلىق ھالدا ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ غەربنىڭ زامانىۋى ئىلىم-پېنى بىلەن ئۇچرىشىشى بىر قەدەر بالدۇر باشلانغان بولسىمۇ، بىراق ئارىلىقتا يۈز بەرگەن كۆپ قېتىملىق بوران-چاپقۇنلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تۇرغۇنلۇقىنى، مىللىي مەدەنىيەتكە ئائىت ئىشلىرىنىڭ بولسا بېكىنمىچىلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلاردا رەسمىي يوسۇندا ئاتالغۇچىلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى تولىمۇ كېچىكىپ مەيدانغا چىقتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ئاتالغۇچىلىق ۋە بۇ ھەقتىكى مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەر يېزىلىپ، ش ئۇ ئا ر تىل-يېزىق كومىتېتى ئاتالغۇلارنى بېكىتىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش خىزمەتلىرىنى بىر قەدەر سىستېمىلىق يوسۇندا باشلىدى. شۇندىن باشلاپ ھەر ساھە، ھەر كەسىپكە ئائىت تۈرلۈك ئاتالغۇلار ياسىلىپ، قېلىپلاشتۇرۇلغان ئاتالغۇلار ئېلان قىلىنىپ كېلىنىۋاتىدۇ. بۇ جەرياندا بىر مۇنچىلىغان لۇغەتلەرنىڭ نەشر قىلىنىپ، ئاتالغۇچىلىقتەك بۇ ساھەنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ جەھەتتە ئاز بولمىغان مەسىلىلەرمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە. شۇ سەۋەبتىن گەرچە نۇرغۇن ئاتالغۇلار قېلىپلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ھەتتا شۇ ئاتالغۇنى قېلىپلاشتۇرغانلارمۇ ئۆزلىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاتالغۇ ئامبىرىغا تەۋە بولدى، دەپ ئۆزلىرى ياسىغان ئاتالغۇنى ئىشلەتمەي باشقا تىللار ئارقىلىق شۇ مەنىنى ئىپادىلەشتەك پاجىئە كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى كۆپ خىل چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. قىسقىسى، ئۇيغۇر تىلى ئاتالغۇلىرىنىڭ ياسىلىشىدا مەسىلە كۆرۈلگەنلىكتىن، قېلىپلىلىشىشى، ئومۇملىشىشىمۇ مۇۋاپىقىيەتسىز بولماقتا. ماقالىمىزدا تارىخ پېنى ئاتالغۇلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكچىمىز.

تېما ھەققىدە سۆزلەشتىن ئاۋۋال تارىخ ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى: ئادەتتە تارىخ دېيىلگەندە ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتكەن زاماندىكى ئىش-پائالىيەتلىرىنى بايان ـقىلىدىغان ئۇقۇم بولۇپ، بۇ ئىشلار ھەققىدىكى سىستېمىلىق خاتىرىلەر، ئىزاھلار ۋە تەتقىقاتلار كۆزدە تۇتىلىدۇ.

مەنىدىن ئالغاندا تارىخ ئىلگىرى يۈز بەرگەن ھەممە ئىشقا قارىتىلىدۇ، شۇنداقلا پەقەت ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بۇ خىل مەنىدىكى تارىخ گەۋدىسى ئالەمنىڭ تارىخى، يەر شارىنىڭ تارىخى، قۇشلارنىڭ تارىخى، ۋاقىتنىڭ تارىخى دېگەندەك كۆپ خىل نەرسىلەرگە قارىتىلغان بولىدۇ. ئادەتتە قوللىنىلىدىغان تار مەنىدىكى تارىخ ئۇقۇمى پەقەت يېزىق ۋاسىتىسى ئارقىلىق خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللار ئاساسىدىكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخىنىلا كۆرسىتىدۇ. يەنى تارىخ يېزىق ئىجاد قىلىنغان زاماندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى تارىخ تارىختىن بۇرۇنقى تارىخ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخى ئىنسانىيەت تارىخى ياكى جەمئىيەت تارىخى

www.uyghurkitap.com



دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ سىرتىدىكى تارىخ ئادەتتە تەبىئەت تارىخى دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتىكى تارىخ تەتقىقاتلىرىدا پەقەت جەمئىيەت تارىخىلا كۆزدە تۇتىلىدۇ. تارىخ ئۇقۇمى ھەققىدىمۇ تۈرلۈك قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. «بۈيۈك بىرىتانىيە قامۇسى» «تارىخ ئىستېمالدا پۈتۈنلەي ئوخشاشمىغان ئىككى خىل مەنىگە ئىگە. بىرى ئىنسانلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ۋە ھەرىكەتلەر؛ ئىككىنچىسى بۇ ۋەقەلەرنىڭ خاتىرىلىنىشى ۋە تەتقىقات ئۇسۇلى. ئالدىنقىسى ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەن ئىشلارنى كۆرسەتسە، كېيىنكىسى شۇ يۈز بەرگەن ئىشلارنى تەسۋىرلەش ۋە شۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى كۆرسىتىدۇ»① دەپ ئىزاھلانغان.

ئۇيغۇر تىلىدا بۇ ئۇقۇمنى ئىپادە قىلىدىغان «تارىخ» سۆزى ئەرەبچىدىن كىرگەن بولۇپ، ئۇ كۆپچىلىك تۈركىي تىللاردا «تارىخ» نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. ئەنئەنىۋى تارىخ ئىلمى گىرىك تارىخچىسى ھېرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرى بىلەن باشلانغان. شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو تارىخچىسى سىماچيەن يازغان «تارىخنامە» شەرق ئەللىرىدىكى تارىخچىلىقنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلاردا تارىخ ئىلمى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يازما يادىكارلىقلىرىدىن سانالغان مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدىن باشلاشقا بولىدۇ. مەڭگۈ تاشلاردا ھەقىقىي ۋەقەلەر شۇ زامان تارىخىنى ياراتقۇچى داھىيلار تەرىپىدىن ئەينەن يېزىلىپ قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار ھەقىقىي تارىخ ئەسىرى بولۇشقا مۇناسىپتۇر. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، تارىخ يېزىش ناسىرىدىن بۇرھانىددىن رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ۋە ئەبۇلفۇتۇھ ئەبدۇغەففارنىڭ « تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن چاغاتاي نامى بىلەن ئاتالغان دەۋرگە ئۇلانغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر ئۇيغۇرلاردا تارىخ يېزىش ئەنئەنىسى ھېچ ئۈزۈلۈپ قالمىغان. شۇ دەۋر زىيالىيلىرى تارىخ يېزىپ ئۆز دەۋرىدە بولۇنغان ئىشلارنى كېيىنكىلەرگە بىلدۈرۈشنى ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى ھېسابلاپ بۇ ئۇلۇغ خىزمەتنى داۋام قىلىپ كەلگەن. ئەنئەنىۋي تارىخچىلىقنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەنلىكىدە كۆرۈلگەن. يەنى ئەنئەنىۋى تارىخچىلار كۆپىنچە ۋەقەلەرنى بايان قىلغاندا ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئەدەبىياتنىڭ تۈرلۈك بەدىئىي ۋاسىتىلىرىدىن تولۇق پايدىلانغان. بەزى تارىخچىلار ھەتتا نەزمىي شەكىل بىلەن تارىخ يېزىش يولىنى تاللىۋېلىشقان. بەزىلىرى ئۆز ئەسەرلىرىگە نەزمىي بۆلەكلەرنى قوشۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئىپادىلەشتە پايدىلانغان. ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر تارىخچىلىقىدا كۆپىنچە ئاپتورلار ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى مەنبەداشلىقى نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئۆز ئەسىرىنىڭ دەسلەپكى قىسمىدا ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن، نوھ ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ قىسقىچە بايان قىلىپ كېلىپ، نوھنىڭ ئوغلى تۈرك ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان بىزلەرنىڭ تارىخىمىزنى شۇ خىل رەۋىشتە تەبىئىي ئۇلاپ تارىخىمىزنىڭ بىر پۈتۈن سىخىمىسىنى سىزىپ بېرىشكە تىرىشقان. ئۇيغۇر تارىخچىلىقىدا بۇرۇندىن

بىر قەدەر روشەن ئەكس ئەتكەن ئارتۇقچىلىق شۇكى، ئۇيغۇر تارىخچىلىرى تارىخقا ئائىت كىشى ئىسىملىرى، يەر-جاي ناملىرىنى ئىپادىلەشتە ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىزچىللىققا ئىگە قىلغان. بۇ خەنزۇ تارىخچىلىرىنىڭ يات مىللەتكە ئائىت ناملارنى خاتىرىلەشتىكى كۆپ خىللىقىغا قارىغاندا ئىلغارلىق ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا ئۇچرايدىغان، قوچو يادىكارلىقلىرىدا كۆرۈلىدىغان «ئۇيغۇر»، «ئوغۇز»، «000 قورۇم» ناملىرى 20-ئەسىرگە ئۇلاشقان تارىخچى موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ شۇ خىل شەكىلدە كۆرۈلىدۇ. بۇ تەبىئىيلا تارىخ تەتقىقاتىغا زور قولايلىق تۇغدۇرىدۇ. كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئۇيغۇر تارىخچىلىقىدا بەدىئىي ئەدەبىيات يولىنىڭ كۈچرەك قوللىنىلغىنىغا قارىماي، ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان ئاتالغۇلارغا قەدىمدىن بېرى دىققەت قىلىنىپ كەلگەن.

غەرب ئەللىرىدە يېقىنقى زامان ئىلىم-پەننىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن بىللە، تارىخ ئىلمىنىڭ مەقسىتى ۋە ئۇسۇلى ھەققىدىكى ئىزدىنىش، تەتقىقاتلار، تارىخ پەلسەپىسىنىڭ كاتېگورىيەسى، تارىخ پەلسەپىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى تارىخ ئىلمىنى نوقۇل ھالدىكى تارىخنى بايان قىلىپ بېرىشتىن، تارىخقا بولغان چۈشەنچە ۋە تارىخى قانۇنىيەتلەرگە بولغان ئىزدىنىش باسقۇچىغا يۈكسەلدۈردى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە تارىخ ئىلمى يەنە تەتقىقات نىشانى ۋە ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، تارىخ پەلسەپىسى، يىلنامە ئىلمى، ۋەسىقە ئىلمى، قەدىمكى يېزىق ئىلمى دىگەندەك كۆپلىگەن ساھەلەرگە بۆلۈندى. بۈگۈنكى تارىخ ئىلمى ئاللىقاچان باشقا ئىلىملار بىلەن بىر قاتاردا رەسمىي يوسۇندا تەتقىق قىلىنىش باسقۇچىغا كىرىپ بولغاچقا، بىز ئۇيغۇر تارىخ تەتقىقاتىدا ئۆلچەملەشكەن، بىرلىككە كەلگەن تارىخ ئاتالغۇلىرىنى ئىشلىتىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر.

ئۇيغۇر تىلىدىكى تارىخقا ئائىت ئاتالغۇلارنى تەرجىمە قىلىش، ئۆلچەملەشتۈرۈشتە ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ، ش ئۇ ئا ر مائارىپ نازارىتىنىڭ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ، شۇنداقلا تارىخ تەتقىقاتچىسى ئابلەت نۇردۇن ئەپەندىنىڭ بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلىرى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولدى، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن تىل ۋە تارىخ تەتقىقاتچىلىرى بۇ ساھەگە ئۆز تۆھپىسىنى قوشتى. بىراق ئابلەت نۇردۇن، ۋەلى ئەلى، داۋۇت سايىملار تۈزۈپ، 2003-يىلى نەشر قىلدۇرغان «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى» ناملىق ئەمگىكىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدەك بۇ ساھە بىرلىككە كېلىش ھەقىقەتەنمۇ قىيىن ئىدى. جۇملىدىن نۇرغۇن تارىخىي ناملار مەسىلىسى تا ھازىرغىچە ئىلىم دۇنياسى تەرىپىدىن ھەل بولماي تالاشتا بولۇپ كەلگەنىدى. لېكىن، قىيىن، تەس دەپلا بۇ مەسىلىگە كۆزىمىزنى يۇمۇپ ئېتىبار بەرمەسلىككە، ئۇنى قېلىپلاشتۇرماسلىققا يول يوق. ئۇيغۇر تىلىدا تەتقىقات، ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان خادىملاردا بىرلىكنى ساقلاش ئۈچۈن چوقۇمكى تارىخ ئاتالغۇلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك، بۇ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك بۈگۈنكى تەتقىقات ئۈچۈن

چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك مۇتلەق زۆرۈر شەرت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تارىخ ئاتالغۇلىرىنى ئۇيغۇر-تۈرك مەنبەلىرىدىكى تارىخ ئاتالغۇلىرى، ياۋروپا، يەنى غەرب مەنبەلىرىدىكى تارىخ ئاتالغۇلىرى، 000 -پارس مەنبەلىرىدىكى تارىخ ئاتالغۇلىرى، خەنچە مەنبەلەردىكى تارىخ ئاتالغۇلىرى، ھىندى مەنبەلىرىدىكى تارىخ ئاتالغۇلىرى دېگەندەك مەنبەلەر بويىچە بىر قانچە كاتېگورىيەگە ئايرىش مۇمكىن. ئاتالغۇلار تارىخنى خاتىرىلىگەن مۇشۇ بىرقانچە مەدەنىيەتلىك قەۋملەرنىڭ بۈگۈنگە يېتىپ كەلگەن تارىخ ئەسەرلىرىدىن ھېچبولمىغاندا شۇ دەۋر شارائىتىدا يېزىلغان ئەسەرلەردىن تېپىشىمىز مۇمكىن. بۇ يەردە يەنە بىر مەسىلە شۇكى، باشقىلارنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدىكى ئاتالغۇلارنى تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىپ ئېلىش كېرەكمۇ ياكى ئەسلى فونېتىك ياكى لېكسىكىلىق شەكلى بويىچە بېرىش كېرەكمۇ؟ باشقىلارنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە خاتىرىلىگەن مەلۇماتلىرىنى قانداق قىلىپ ئۆز مەنبەلىرىمىزدىكى، ياكى باشقا مەنبەلەردىكى مەلۇماتلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، توغرىسىنى تاپالايمىز، دېگەندەك مەسىلىلەر چوڭقۇر تەتقىقات ئارقىلىقلا ھەل قىلىش مۇمكىن بولغان مەسىلىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1994-يىلى دېكابىردا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «دۇنيا تارىخى ئاتالغۇلىرى لۇغىتى» 1985-يىلى شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان نۇسخا ئاساسىدا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇنى دۇنيا تارىخى ساھەسىدە بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك بېسىلغان بىر قەدەم دەپ ئېيتىش مۇمكىن. بىراق لۇغەتتىكى شەرھلىق لۇغەت بولۇشى ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاتالغۇلىرىنىڭ ئازلىقىنى، دۇنيا تارىخىغا ئائىت بولۇشى بىزنىڭ تارىخىمىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ لۇغەتنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئىشلىتىش قىممىتىگە تەسىر يەتكۈزگەن.

ئەمدى ئۆزىمىز بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ئاتالغۇلار ھەققىدە توختىلىپ ئۆتسەك، خەنچە مەنبەلەر تارىخىمىز ھەققىدە ناھايىتى مول مەلۇماتلارنى قالدۇرغىنىغا قارىماي، ئوخشاش بىر ئاتالغۇلارنىمۇ ئۆز تىلىنىڭ، ئۆز دەۋرىنىڭ، ھەتتا ئۆز جايىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۈرلۈك شەكىلدە خاتىرىلىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز تىلىمىزدىكى ۋە باشقا مەنبەلەردىكى خاتىرىلەرنىڭ كەمچىل بولۇشى ئۇنىڭ ئەسلى ئۆز تىلىمىزدىكى تەڭدىشىنى تېپىشىنىڭ تولىمۇ تەس ئىكەنلىكىنى بەلگىلەپ قويغان. بىراق ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت تەتقىقاتتا ھېچقاچان خەنچە 24 تارىخ نامى بىلەن ئاتالغان تارىخ كىتابلىرىدىن ئايرىلىپ تەتقىق قىلىش مۇمكىن ئەمەستۇر. بۇ مەسىلىنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ھېس قىلغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي-تەتقىقات باشقارمىسى 1980-يىللارنىڭ باشلىرىدا «24 تارىخ ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە قىلىش، تەھرىرلەش گۇرۇپپىسى» قۇرۇپ، خەنچە تارىخ ئاتالغۇلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە ئۆلچەملىك جىمىسى ئۈستىدە خىزمەتنى تۇنجى قېتىم باشلىدى. مەزكۇر گۇرۇپپا 1983-يىلى

يانۋاردا تۈزگەن «تارىخنامە. پەرغانە تەزكىرىسى» «خەننامە. ۋېي چىڭ، خوچۇيبىڭ تەزكىرىسى» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)نىڭ دەسلەپكى قىسمىدا بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا «ئەمەللەرنى تەرجىمە قىلىشتا مۇمكىن قەدەر ئۇيغۇر تىلىدىن شۇ ئەمەل ئىسمىنىڭ قارشىلىقىنى تېپىپ ئىشلەتتۇق. زادى مۇناسىپ ئاتالغۇ تېپىلمىغاندا مەنىسىنى تەرجىمە قىلىپ ئاندى ئىزاھلىدۇق. تەرجىمە قىلغاندا ئۇيغۇرچە ئاتالمىلارنى ئىشلىتىشتىن تاشقىرى، ئەرەبچە، پارسچە ئەمەل ئىسىملىرىدىن پايدىلاندۇق.»② 000 ئۆزلىرىنىڭ بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى پىرىنسىپال مەيدانىنى شەرھلەپ ئۆتكەن. بۇ قېتىملىق خىزمەتنىڭ پىكىر ئېلىش نۇسخىسىغا كىرگۈزۈلگەن ئېنىدىكىسقا بېرىلگەن سۆزلەردىن 焉支山 — ئالچى تېغى، 安息 ) ئامۇ دەرياسى، 妫水 — s大夏 باكتىرىيە، 前将军 — ئالدىچى سەنگۈن، s贤王 بىلگە تۆرە، بىلگە خان، 骁骑将军 — ئالپ چەۋەنداز سەنگۈن، 特勤 — تېكىن، s翁主 خانىكىچە، 太后 — خان ئانا، 乌孙 — ئۇيسۇن، 姑师 — قوس دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان. ئۆزىمىزدىن بۇرۇنقى ئىلىم ساھەسىدە بولۇنغان تەتقىقاتلار ئارقىلىق، ئېنىقلانغان ناملار ئەينەن ئېلىنغان بولسىمۇ، بىراق ئەمەل-مەنسەپ ناملىرىنى ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىمىزدا ئىپادىلەشتە ئۆزلىرى ئېيتقاندەك ساپ ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرگە ئاۋۋال مۇراجىئەت قىلغان. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ ئۇيغۇر تارىخ ئاتالغۇچىلىقىدا مۇۋاپپىقىيەتلىك بېسىلغان بىر قەدەم ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت نۇرغۇن كىتابلارنىڭ تەرجىمە - تەھرىرلىك خىزمىتىگە قاتناشقان «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تارىخىي ئاتالغۇلار لۇغىتى»(1990) «تارىخ ئاتالغۇلىرى تەرجىمە قوللانمىسى»(1997) «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى»(2003) «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش» (2001) قاتارلىق ئىلمىي ئەمگەكلەرنىڭ ساھىبى بولغان تارىخچى ئابلەت نۇردۇن تارىخىي ئاتالغۇلارنىڭ تەرجىمىسى مەسىلىسىدە كۆز يۇمغۇسىز زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇ نەشر قىلدۇرغان كىتابلىرىدا، بولۇپمۇ 2003 - يىلىدىكى «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى» ناملىق ئەمگىكىدە «قايتا تۈزۈش رەتلەش داۋامىدا ئىلگىرىكى كىتابلاردا خاتا كەتكەن بەزى ئاتالغۇلار تۈزىتىلدى ياكى رەت تەرتىپى توغرىلاندى» »دەپ يازغان. بىراق مەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، تەتقىقاتچىنىڭ بۇ لۇغەت نەشردىن چىقىشتىن ئىككى يىل بۇرۇن نەشر قىلىنغان «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش» ناملىق كىتابىدىكى بىلەن ئوخشاشمايدىغان بەزى تەڭداش ئاتالغۇلارنى بايقاپ قېلىپ تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم. تۆۋەندە پەقەت ئورقۇن ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ قاغانلىرىنىڭ شەجەرىسىدىكى پەرقلەرنىلا كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەن.

«غەربىي يۇرتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش»:

«ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانلىرى ئىدىگىن(تېكىن) ئەركىن — بۇسات — تۇمېد — بايان — بازغان — دۇكتىك —

www.uyghurkitap.com



ۋۇقتېبېر(ئۇتىبەگ) ـ چېڭزۇڭ ـ ئۇتبان ـ قۇشۇ ـ گوربالا ـ بايانچۇر ـ ئېل تېكىن ـ تون باغا ـ تاراس ـ ئايچۇر. قۇتلۇق ـ ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش قۇلۇق بىلگە قاغان ـ ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان ـ كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش قۇچ كۈچلۈك بىلگە قاغان ـ هازار تېكىن ـ غۇز تېكىن ـ كىچىك تېكىن ـ ئۇنى تېكىن ـ ئېنەن تېكىن» »

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى»

«قاغانلىق قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارلىرى

سۇكۈن ئېركىن ـ بۇسات ـ تومىد ـ بايان ـ يېسۇغۇردۇ ـ دۇكېچ ـ ئۇگېتېر ـ دۇتىن ـ ئۇگنېر ـ قۇشۇ

ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى

گوربالا ـ بۇيانچۇر ـ ۋەزىردۇن باغا ـ ئېدىكىن ـ تاراس ـ ئالچۇر. ۋەزىر قۇتلۇغ ـ دىيانەتمەن قاغاننىڭ ئەۋلادى ـ تەڭرى ...بىلگە قاغاننىڭ ئەۋلادى ـ دىيانەتلىك قاغاننىڭ ئەۋلادى ـ قازار تېكىن ـ قۇت تېكىن ـ كاسار تېكىن ـ ئۇكا تېكىن ـ تېكىن ئاكىنېر»⑤

ئۇندىن باشقا ليۇزېشياۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» زور هەجىملىك ئىلمىي ئەمگىكىدە ئۇيغۇر خانلىقى قاغانلىرىنىڭ شەجەرىسى يەنە تۆۋەندىكىدەك بېرىلگەن: «تېركىن ـ بوسات ـ تۇمەت ـ بايان ـ بىي سوغۇردۇ ـ تۇغۇچۇق ـ ۋودىبېربەگ ـ چېك زۇڭ ـ گۇربالا ـ مويۇنچۇر ـ ئېدىكىن ـ تون باغا تارخان ـ تاراس ـ ئېل كۇر ـ قۇتلۇق ـ ؟ـ ؟ـ! ـ قازار تېكىن ـ قۇت تېكىن ـ قوۋۇ تېكىن ـ ئۇكا تېكىن ـ ئوكنېر تېكىن»⑥

تارىخ تەتقىقاتچىسى ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇقنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى هەققىدىكى مەخسۇس ئەسىرى «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» s شەجەرە تۆۋەندىكىدەك بېرىلگەن:

«سۇكۈن ـ بۇسات ـ تومىد ـ بايان ـ باز ـ دۇكېچ (تۇغۇچۇق)ـ ئوكتېبىر ـ چىڭزۇڭ ـ ئۆكتېنان (ئوتبان)ـ قۇشۇخان ـ كۆل بويلا ـ بايانچۇر ـ ئىدىكەن ـ تونباغا ـ تالاس ( 000 ) ـ ئايچۇر ـ قۇتلۇق ـ كۈلۈگ بىلگە ـ ئىنگى ياغلاقار ـ ؟ـ خازار(هازار) تېكىن ـ قۇت تېكىن ـ قۇشۇۋ تېكىن ـ ئوكا تىكىن ـ ئوكنېر تېكىن⑦»

*(ئىزاهات: يۇقىرىدا پەقەت قاغانلارنىڭ ئۆز ئىسمى ياكى شۇنىڭ ئورنىدا كەلگەن ئاتالغۇلارلا ئىشلىتىلدى. ئۇنۋانناملىرى ئاتالمىدى.)*

ئەمدى ئوخشاش ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ قاغانلىرى شەجەرىسى هەققىدىكى چەتئەل ئالىملىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

گۈلچىن چاندارلى ئوغلىنىڭ «ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيەتى» ناملىق ماقالىسىدا كۆرسىتىلىشىچە ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ شەجەرىسى تۆۋەندىكىچە:

«قۇتلۇق بىلگە كۈل قاغان ـ مويۇنچۇر ـ بۆگۈ ـ ئالپ قۇتلۇق بىلگە ـ ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش كۈلۈگ بىلگە ـ ئا چو(فەڭ چېڭ) ـ ئاي تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالپ ئۇلۇغ بىلگە ـ تەڭرىدە بولمىش ئالپ كۈلۈگ بىلگە ـ ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە ـ كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالپ كۈچلۈك بىلگە ـ ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش بىلگە ـ ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ كۈلۈگ بىلگە»⑧

سائادەتتىن گۆمەچىنىڭ «ئۇيغۇر

تۈركلىرى تارىخى ۋە مەدەنىيەتى» ناملىق كىتابىدا كۆرسەتكەن ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ شەجەرىسى تۆۋەندىكىدەك:

«قۇتلۇق بىلگە قاغان ــ تاي بىلگە تۇتۇق ــ ئىل ئەتمىش بىلگە قاغان(مويۇنچور) ــ ئىل تۇتمىش بۆگۈ قاغان ــ تۇن باغا تارقان(ئىشىخ تېلىبردىن) ــ كۆلۈگ بىلگە قاغان ــ قۇتلۇق بىلگە(ئا چور) ــ ئالپ قۇتلۇق بىلگە قاغان ــ ئالپ كۆلۈگ بىلگە قاغان ــ ئالپ بىلگە قاغان ــ كۈچلۈگ بىلگە قاغان ــ قاسار قاغان ــ خۇ(ئالپ كۆلۈگ بىلگە) قاغان ــ قاسار قاغان2 ــ لۇچى تېگىن»[9]

ئۇنىڭدىن باشقا، ۋىكىپېدىيە تور قامۇسىنىڭ تۈركچە «Uygur Kağanlığı» ماددىسىدا:

«قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان ــ بىلگە كۆل قاغان (مويۇنچور قاغان)ــ تەڭرى قاغان (تەڭرى قاغان)ــ ئالپ قۇتلۇق بىلگە قاغان ((تۇن باغا تارقان)ــ كۆلۈگ بىلگە قاغان ــ قۇتلۇق بىلگە قاغان ــ ئاي تەڭرىدە ئۈلۈغ بۇلمىش ئالپ قۇتلۇق ئۈلۈغ بىلگە قاغان ــ ئاي تەڭرىدە قۇت بۇلمىش كۆلۈگ بىلگە قاغان ــ ئاي تەڭرىدە قۇت بۇلمىش ئالپ بىلگە قاغان ــ كۈن تەڭرىدە ئۈلۈغ بۇلمىش ئالپ كۈچلۈگ بىلگە قاغان ــ ئاي تەڭرىدە قۇت بۇلمىش ئالپ بىلگە قاغان (قاسار تېگىن) ــ ئاي تەڭرىدە قۇت بۇلمىش ئالپ كۆلۈگ بىلگە قاغان ــ ۋۇزوڭ (لۇژى قاسار)»[10] دەپ ئېلىنغان.

ۋىكىپېدىيە تور قامۇسىنىڭ ئىنگلىزچە « Uyghur Khagans» ماددىسىدا:

«قۇتلۇغ بىلگە كۆل ( ('ئۇ-لى-'ئىي-لو)ــ ئىل-ئەتمىش بىلگە (بايان چۇر، مو يېن چو)ــ قۇتلۇغ تارقان سەنگۈن (تەڭرى بۆگۈ، تەڭ-لى موئۇ-يۈ)-ئالپ قۇتلۇغ بىلگە (تۇن باغا تارقان)-ئاي تەڭرىدە بۇلمىش كۆلۈگ بىلگە (تو-لو-سسۇ)-قۇتلۇغ بىلگە (ـ -چو)-ئاى تەڭرىدە ئۈلۈغ بۇلمىش ئالپ قۇتلۇغ ئۈلۈغ بىلگە (قۇتلۇغ، كۇ-تۇ-لۇ)-ئاى تەڭرىدە قۇت بۇلمىش كۆلۈگ بىلگە ـ ئاى تەڭرىدە قۇت بۇلمىش كۆلۈگ بىلگە-كۈن تەڭرىدە ئۈلۈغ بۇلمىش ئالپ كۈچلۈگ بىلگە (چۇڭ-تي)-ئاى تەڭرىدە قۇت بۇلمىش ئالپ بىلگە (قاسار، كو- - )-ئاى تەڭرىدە قۇت بۇلمىش ئالپ كۆلۈگ بىلگە (هۇ)-كۆرەبىر (هو- ) ــ ئۆگي»[11] دەپ ئېلىنغان.

يەنە ۋىكىپېدىيە تور قامۇسىنىڭ رۇسچە «Уйгурский каганат» ماددىسىدا:

«قۇتلۇق بىلگە ــ مويۇنچۇر ــ ئىدىگەن ــ دۇنماغا؛ ئالپ قۇتلۇغ بىلگە ــ پاڭگۇەن تېكىن؛ دولوس؛ كۆلۈگ بىلگە ــ ئاچژو خان قۇتلۇغ بىلگە قاغان ــ قۇتلۇق؛ ئاي تەڭرىدە ئۈلۈغ بولمىش ئالپ قۇتلۇغ ئۈلۈغ بىلگە قاغان ــ كۆلۈگ بىلگە قاغان ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش كۆلۈگ بىلگە قاغان ــ بويى خان؛ ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان ــ چېڭدي خان؛ كۈن تەڭرىدە ئۈلۈغ بۇلمىش ئالپ كۈچلۈگ بىلگە قاغان ــ جاۋلى خان؛ ئاى تەڭرىدە قۇت بۇلمىش ئالپ بىلگە (000 ) كۆلۈگ بەگ؛ خان ئاى تەڭرىدە قۇت بۇلمىش ئالپ كۆلۈگ بىلگە قاغان ــ خېسا تېكىن ئۆگي خان ــ ئېنيەن قاغان»[12]دەپ ئېلىنغان.

كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، بۇ تەتقىقاتلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى خەنچە مەنبەلەرنى ئاساس قىلغان هالدا، ئۇيغۇرچە مەڭگۈ تاشلاردا خاتىرىلەنگەن قاغان ناملىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، تولۇق بىرلىككە كەلگەن ئورتاق بىر قاراش تېخى شەكىللەنمىگەن.

www.uyghurkitap.com



چەتئەل ئالىملىرى بۇ خىل نامىلارنى تەتقىق قىلغاندا، كۆپىنچە خەنچە ئەسلى يېزىلىشى ۋە ئوقۇلۇشىنى يازغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ياكى مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان ئۇيغۇر تىلىدىكى نامىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قاغانلارنىڭ ئىسمى ئادەتتە ئۆز ئىسمى، ئۇيغۇرچە يەرلىك ئاتاق نامى، خەنچە ئاتاق نامى قاتارلىقلاردىن تۈزۈلەتتى. مەسىلەن، كۆپىنچە ئىلىم ساھەسىدە ئورقۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ بىرىنچى قاغانى دەپ ھېسابلانغان، 骨力裴罗 نامى بىلەن، 骨咄禄毗伽阙可汗 ئۇنۋانى بىلەن، شۇنداقلا يەنە خەنچىدىكى 怀仁可汗 نامى بىلەن خاتىرىلەنگەن قاغاننىڭ نامى ليۇزېشياۋ ۋە ئابلەت نۇردۇنلار تەرىپىدىن گۇربالا، قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان، رەھىمدىل قاغان، سۆيىنگىل قاغان دېگەن نامىلار بىلەن ئالغان.

ئەھمەد سۇلايمان بۇ نامنى «كۆل بويلا» ئالغان. خەلقئارا تەتقىقاتلاردا بۇ قاغان ئومۇمەن قۇتلۇق بىلگە قاغان ياكى قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان نامى بىلەن ئاتالغان. بىر ئادەمنىڭ بۇنداق كۆپ خىل نامىلار بىلەن ئاتىلىشى بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرغان. تەتقىقاتچىلار بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا كۆپ خىل يول تۇتقان. بەزىلىرى قاغان ئاتاقلىرىنى قىسقارتقان. بەزىلىرى يەنە ئايرىم خاتالىقلارغا يول قويغان. بۇلارنىڭ تارىخىي خاتالىقلىرى ھەققىدە سۆزلەش ماقالىمىزنىڭ مەقسىتى بولمىغاچقا، ئۇ ھەقتە توختالمايمىز. بۇ خىل نامىلارنىڭ بۈگۈنكى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئىشلەشتە، قارىقويۇق خەنچىدىن تەرجىمە قىلىش ھەرگىز كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇنداق بولغاندا، بىزنىڭ تارىخ ساھەيىمىز ئاتالغۇ قالايمىقانچىلىقىغا پېتىپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ نورمال تەتقىقات يولىدا ماڭالمايدۇ. شۇڭا تارىخ ئاتالغۇلىرىنى بولۇپمۇ قەدىمكى زامان تارىخىغا ئائىت بۇنداق ئاتالغۇلار ھەققىدە ئىشلىگەندە تېما ھەققىدە پۈتۈن دۇنيادا ئىشلەنگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن تولۇق تونۇشۇپ چىقىش تولىمۇ زۆرۈر. چۈنكى بۈگۈنكى كۈندە ھەرقانداق بىر ئىلىمدە يەككە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىلىم-پەننى تۆۋەن يولغا كىرگۈزۈپ قويىدۇ. كۆپ خىل تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن مەسىلەن، يۇقىرىقى قاغان نامىلىرىنىڭ قەدىمكى خەنچە يېزىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئەسلى نامى ھەققىدىكى چەتئەل تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر قەدەر نوپۇزلۇق قاراشلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئۆز پىكرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ ئاتالغۇنىڭ توغرا ئىپادىلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. يۇقىرىقى ئورقۇن ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ شەجەرىسىنىڭ تۈرلۈك مەنبەلىرىدىكى سېلىشتۇرمىلىرىدىن ئايرىم پەرقلەر گەۋدىلىنىپ تۇرسىمۇ، بىراق كۆپىنچە قاغان نامىلىرى بىر-بىرىدىن بەكلا پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. دېمەك، بۇ جەھەتتە ئاساسەن ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسىدە پىكىر بىرلىكى شەكىللىنىپ بولغان. بۇنداق نۇقتىلاردا بۈگۈنكى ئۇيغۇرچە ئاتالغۇسىنى بېكىتىشتە شۇ خىل ئورتاق قاراشلاردىن پايدىلانساق تامامەن بولىدۇ.

يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ

ئۇيغۇر تارىخىنىڭ، شىنجاڭ تارىخىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا توغرا بىلىش ۋە چۈشىنىشكە ئېرىشىشىدە ئوينايدىغان رولى ناھايىتى مۇھىمدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن تارىخ ساھەسىدە ئۇيغۇرچە تەتقىقات ۋە تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھەر قانداق بىلىم ئادىمى چوقۇم تارىخ ئاتالغۇلىرىنىڭ بىرلىككە كېلىش مەسىلىسى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىشى ۋە ئۇنى ھەل قىلىش چارىلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشى كېرەك. ئابلەت نۇردۇن ئەپەندىدەك ئۆزى ئىشلەتكەن تارىخ ئاتالغۇلىرىنى ئۆزى ئىنكار قىلىشتەك ئاچچىق ھەقىقەتتىن چوڭقۇر ساۋاق ئېلىپ، ئاددىي ھالدىكى تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى ئەمەس، بەلكى مۇكەممەل تارىخ ئاتالغۇلىرى لۇغىتى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، تارىخ ئاتالغۇلىرىنى توپلاپ، كىتاب قىلىشتا ئابلەت نۇردۇن ئەپەندى زور تۆھپە قوشتى. بۇ جەھەتتە بېسىلغان تۇنجى قەدەملەر ئابلەت نۇردۇن بىر ئۆزىنىڭ غەيرىتى بىلەن ۋۇجۇدقا چىققان بولسا، بۇندىن كېيىنكى مۇكەممەل تارىخ ئاتالغۇلىرى لۇغىتى تارىخ ۋە كىلاسسىك ئەدەبىيات ساھەسىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ باش قوشۇپ، بىرلىكتە ئىشلىشىگە باغلىق ناھايىتى تەخىرسىز خىزمەت بولۇپ تۇرماقتا.


پايدىلانغان مەنبەلەر:

① ۋىكىپېدىيە تور قامۇسى خەنزۇچە «历史» ماددىسىغا قاراڭ.

②« 24 تارىخ ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە قىلىش، تەھرىرلەش گۇرۇپپىسى»: «تارىخنامە.پەرغانە تەزكىرىسى» «خەننامە.ۋېي چىڭ، خوچۈيبىڭ تەزكىرىسى»(پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)» 1983 ـ يىلى يانۋار

ابلەت نۇردۇن، ۋەلى ئەلى، داۋۇت سايىم: «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى»»2003 ـ يىلى

ـ ئابلەت نۇردۇن : «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش» 2001 ـ يىل

⑤ئابلەت نۇردۇن، ۋەلى ئەلى، داۋۇت سايىم:«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى»»2003 ـ يىلى

⑥ ليۇزېيشياۋ:«ئۇيغۇر تارىخى» بىرىنچى قىسىم (1) 1987 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى

⑦ ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق:«ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىل

⑧تۈرك تارىخ جەمئىيىتى تەرىپىدىن 2002 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «تۈركلەر» ناملىق 20 توملۇق چوڭ ھەجىملىك توپلامنىڭ 2 ـ تومىغا كىرگۈزۈلگەن گۈلچىن چاندارلى ئوغلىنىڭ «ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيەتى» ناملىق ماقالىسىدىن

⑨Uygur Kسىن گۆمەچ:«ئۇيغۇر تۈركلىرى تارىخى ۋە مەدەنىيەتى»

⑩ۋىكىپېدىيە تور قامۇسىنىڭ تۈركچە «Uygur Kağanlığı» ماددىسىغا قاراڭ.

(11) ۋىكىپېدىيە تور قامۇسىنىڭ ئىنگلىزچە « Uyghur Khagans» ماددىسىغا قاراڭ.

(12)ۋىكىپېدىيە تور قامۇسىنىڭ رۇسچە «Уйгурский каганат» ماددىسىغا قاراڭ.


(ئاپتورلار: جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتشۇناسلىق ۋە ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ پوسدوكتورى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى

ئەخمەت مۆمىن تارىمى

تەخمىنەن مىلادىيە 745 -يىلى
موڭغۇل يايلىقىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلەر
ئىتتىپاقى كۈچىيىپ، كېيىنكى شەرقىي تۈرك
خاندانلىقىنىڭ هاكىمىيىتىنى قولغا
كىرگۈزۈپ ، ئۆتۈكەن تېغى باغرىنى مەركەز
قىلىپ ئورقۇن ئۇيغۇر خاندانلىقىنى قۇردى.
ئورقۇن ئۇيغۇ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى
يىللىرىد يەنى مىلادىيە 832 - يىلىدىن
كېيىن خاندانلىقتا قاغانلىق هوقۇقىنى
تالىشىش كۆ شلىرى كەسكىنلىشىپ
كەتتى، ئورددىكى ئاقسۆڭەكلە ىسىد
هەسەتخو لۇ32 مە هەپۋ لىق گۇرۇهۋ لىق
يامر32 ەتتى بۇنىڭ بىلەن 840 -
يىلىغىچە بولغان سەككىز يىلدىلا - 40 -
- قىدىن ئۇ- ن تەختكە چىقىشتە- ئەهۋ40
كۆرۈلدى. قەبىلىلەر ئارىسىدىمۇ بۆلۈنۈ .
كېلىپ چىقتى. تاشقى جەهەتتە تا.
خاندىلىقى، قىرغىزلار ۋە . . پىتلار (چۆ.
تۇ(كلىرى) ئورقۇن ئۇيغۇ) ) ندانلىقىغا
خىرىس قىلىپ ، خاندانلىقنىڭ
) چىلىنىشىنى تېزلەتتى، بولۇپمۇ يېنسەي
40 ياسى ۋادىسىدىكى قىرغىزلار پۇ سەتنى
غەنيمە ) بىلىپ) ئورقۇن ئۇيغۇ)
خاندانلىقىغا باستۇرۇپ كىرىش تەييا لىقىغا
چۈشتى. هالبۇكى) ئورقۇن ئۇيغۇ)
خاندانلىقىنىڭ قاغانلىرى ۋە ئو
ئاقسۆڭەكلىرى غەپلە ) ئۇيقۇسىدىن
ئويغانماي، يەندلا هوقۇ40 ما) - مۇلۇ40
ئىمتىيا) تالىشىپ) ئىچكى نىزاغا پاتتى.

مىلادىيە 839 - يىلى بۇيرۇق چۇرۇق قۇ )
قاغانىنىڭ بۇيرۇق ئىنەيۇن كۆ ) بىلەن سايغا
تېكىنىنى ئىسيان كۆتۈرۈش ) ىزىد)
بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە
نارازى بولۇ 39 ) ) پىتلارنىڭ ئاقساقىلى قوي
يەشىنگە 300 تۇيا ) ئاتنى سوۋغا قىلىش
)Dقىلىق شا) پىت ئەسكەرلىرىنى )Dىيە )
ئېلىپ) قۇ ) قاغانغا هۇجۇم قىلدى، قۇ )
ن مەغلۇ ) بولۇ ) ئۆ ىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.
بۇيرۇق چۇرۇق قۇشۇۋ( ›) قاغاننى تەختكە
يۆله ) چىقىرىپ) ئۆزى هاكىمىيە )
يۇ(گۈزدى. شۇ يىلى «ئورقۇن ئۇيغۇ.
خاندانلىقىدا ۋا › قىلىپ، يەنە قاتتىق قا.
يېغىپ، جۇدۇن يۇز بېرىپ قوي،300لارنىڭ
كۆ . قىسمى ئۆلۇ . كەتتى. هەممە يە-نى
-چىلىق قاپلاپ ، جەسەتلە. يوللاردا
دۆۋىلىنىپ كەتتى». ئەلنىڭ بېشىغا ئېغىر
كۈنلە. كەلگەن مۇشۇنداق ۋاقىتتىمۇ.
هۆكۈمرانلار ئىچىد. تەپرىقىچىلىك
توختىمايلا قالماي، . لكى چېكىگە يەتتى.
840 - يىلى قۇشۇۋ ن ۋە بۇيرۇق چۇرۇ
نارازى بولۇ . يۇ . ن سانغۇن كۈلۇ .
قىرغىزلار بىلەن ئىتتىپا . تۈزۈپ، ئون تۈمەن
كىشىلىك قىرغىز ئاتلىق قوشۇنىنى840لاپ
پايتەخت قارابالغاسۇن شەهىرىگە باستۇرۇ .
كىرىپ. قۇشۇۋ نىي ۋە بۇيرۇق چۇرۇقنى
قەتل قىلدى، شەهە گە ئو . قويۇ40
ئو. ىدىكى با لىق ما. - مۇلۇكلە-نى بۇلاڭ -
. لاڭ قىلدى، نەتىجىد. تەبئىي ئاپەتنىڭ.

ۋابانىڭ ۋە كۆلۈ e بىلەن قىرغىزلارنىڭ قوشلاپ زەربىسىگە ئۇچرىغان ئورقۇن ئۇيغۇ لىرى ئېغىر كۆلپەتتىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن ماكانلىرىنى تاشلاپ، قېرىنداشلىرىنىڭ يەرلىرىگە كۆچۈشكە باشلىدى.

ئورقۇن ئۇيغۇ خاندانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئورقۇن دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى ھەققىدە «كونا تاڭنامە . ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» : «كۆلۈگ باغا چۇرۇقتىن نارازى بولۇپ، قىرغىزلارنىڭ ئون تۈمەن كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ كېلىپ ھۇجۇم قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شەھىرىنى ۋەيران قىلدى. قۇشۇۋ قاغان بىلەن چۇرۇقنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئۇيغۇرلار ھەرقايسى تەرەپلەرگە پېتىراپ كەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇيرۇقى ساجى (سابچى)، قاغاننىڭ جىيەنى مەڭلىك تېكىن (ياكى پان تېكىن) ۋە ئىنىسى نارۇ (ياكى نېفىن) قاتارلىق بەش ئاكا - ئۇكا ئون بەش قەبىلىنى باشلاپ غەربكە - قارلۇقلار تەرەپكە ماڭدى. بىر قىسمى تىبەتلەر يېرىگە ، يەنە بىر قىسمى ئەنشىگە (ھازىرقى كۇچار، قاراشەھەر ئەتراپى)كەتتى. قاغان ئوردىسىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى 13 بىلە ئۇكا تېكىننى قاغان قىلىپ تىكلەپ، جەنۇبقا كۆچۈپ كېلىپ تاڭ خاندانلىقىغا بېقىندى »① خاتىرىلەنگەن بولسا، «يېڭى تاڭنامە . ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى »13: «كۆلۈگ باغا قىرغىزلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئون تۈمەن كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ كېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. قاغان ۋە چۇرۇق ئۆلتۈرۈلدى، قوۋملىرى پېتىراپ كەتتى. ۋەزىر ساجى ۋە مەڭلىك تېكىن 15 قەبىلىنى باشلاپ قارلۇقلار تەرەپكە كەتتى. بىر تارمىقى تىبەتلەر يېرىگە ، يەنە بىر تارمىقى ئەنشىگە (ھازىرقى كۇچار، قاراشەھەر ئەتراپى) كەتتى. قاغان ئوردىسىنىڭ ئەتراپىدىكى 13 قەبىلە ئۇكا تېكىننى قاغان قىلىپ تىكلەپ، جەنۇبقا كېلىپ ئورۇنلاشتى » ② دەپ خاتىرىلەنگەن. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»نىڭ 264 - جىلدىدا بولسا :«... ئۇلارنىڭ ۋەزىرى ، مەڭلىك تېكىن قاتارلىقلار 15 قەبىلە بىلەن قارلۇقلار تەرەپكە ماڭدى. بىر قىسمى تىبەتلەر يېرىگە، بىر قىسمى ئەنشىگە (ھازىرقى كۇچار، قاراشەھەر ئەتراپى) كىردى» » دېيىلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئورقۇن ئۇيغۇر خاندانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئورقۇن دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار چوڭ جەھەتتىن ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ غەربكە ۋە جەنۇبقا كۆچكەن. ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئورقۇن ئۇيغۇ خاندانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان قارابالغاسۇننىڭ قىرغىزلار تېپىدىن ۋەيران قىلىنۋېتىلىشى قاغاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئورقۇن دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇ قەبىلىلىرىنىڭ ئەتراپتىكى جايلار كۆچۈ كېتىشى قاندقتۇ ئۇيغۇ ھاكىمىيتىنىڭ پۈتۈنلەي يوقالغانلىقىدىن ۋيغۇرلارنىڭ دۆلە قۇرۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇ قالغانلىقىدىن بىر مەيدۇ. چۈنكى. «كۆچمەن خەلقلە نىڭ دۆلە . تەشكىلاتلىرى ئۆ ىدىن كۆچلۈكر دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمىغا يولۇققاند ئەلۇ... چو. چىقىملار ئۇچرايدۇ، لېكىن ئۇلاردا تولۇ مۇنقە بولۇ كېتىشتىن قۇتۇلۇ قېلىشنىڭ ئا ېگەند مۇند ئىككى خىل

www.uyghurkitap.com



ئىمكانىيىتى با : بىرى، دۈشمەن شۇ چاغنىڭ ئۆ ىد: يېتىپ با: لمايدىغان يىر يونلار47 (تەشكىللىك ياكى تە(تىپسىز هالد) تېزلىكتە كۆچۈ ) كېتىش) ئىككىنچىسى) ئىمكانىيە ) بولسا بىسىپ كەلگۈچىگە قوشۇلۇ › ٔ كېتىپ› ئۇنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشىغا ئىشتىر› قىلىش» . . چە قىرغىزلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇستىگە تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ هۆكۈمران سىنىپىنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتەلمىگەن ياكى بويسۇندۇرالمىغان، قاغاننىڭ ئاغا ـ ئىنىلىرى، ـ 47 نتلىرى، ئەمەلدارلىرى، ئېسىلز. . ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كۆپچىلىكى يەنىلا ئۆ ـ قوۋمىلىرىنى كونترول قىلىپ تۇرغان. ئورقۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى كۆچۈشى قانداقتۇر بىر پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى بولماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭلا ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مەركىزىي رايونى بولۇپ كېلىۋاتقان موڭغۇل يايلىقىدىن يەنە شۇ ئورقۇن ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان، ئۆز قېرىنداشلىرى بۇرۇندىن ياشاپ كېلىۋاتقان خېشى كارىدورى ۋە يارىش(جۇڭغار)،تۇرپان ـ تارىم رايونلىرىغا يۆتكىلىشى ئىدى⑤.

«كونا تاڭنامە» «يېڭى تاڭنامە» «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»دىكى خاتىرىلەر بويىچە ئۆزۈندىن بۇيان بەزى تەتقىقاتچىلار ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۇيغۇر قوۋمىلىرى ئۈچ تارماققا بۆلۈنۈپ غەربكە كۆچكەن، بىر قىسمى قارلۇقلار تەرەپكە ماڭغان، بىر قىسمى ئەنشىگە، بەشبالىققا ۋە قوچو(تۇرپان)غا ماكانلاشقان، بىر قىسمى تىبەتلەر يېرىگە كىرىپ گەنجۇغا ماكانلاشقان، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار دەسلەپتە بەشبالىق ئەتراپىدىكى قارلۇقلارنىڭ يېرىگە كەلگەن بولۇشى، كېيىن ئەھۋالدا ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكتىن (يەنى قىرغىز ئاقسۆڭەكلىرى ئورقۇن دەرياسى بويىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختىنى ئىشغال قىلغانلىقىغىلا قانائەت قىلماي، پېتىراپ كەتكەن ئۇيغۇرلارغا داۋاملىق قوغلاپ زەربە بەرگەن بولۇپ، 842 ـ يىلى يازدا ئۇلار غەربكە كۆچكەن مەڭلىك تېكىن باشچىلىقىدىكى 15 قەبىلىگە ئىككىنچى قېتىم زەربە بېرىپ، ئۇلارنى قاتتىق زىيانغا ئۇچراتقان)، ئامالسىز بىر قىسمى تىبەتلەر يېرىگە ــ گەنجۇغا ، بىرقىسمى ئەنشىگە كەتكەن بولۇشى مۇمكىن⑥. كونكرېت ئېيتقاندا، «كونا تاڭنامە». «يېڭى تاڭنامە». «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىكى «غەربكە قارلۇقلار تەرەپكە كەتتى» دېيىلگەن ئۇيغۇرلار دەسلەپتە ئالتاي تېغىدىن ئۆتۈپ جۇڭغارىيەدىكى قارلۇقلارنىڭ قېشىغا كەلگەن⑦. ۋاهالەنكى، بۇلار تېخى مۇستەهكەملىنىپ بولالمىغاچقا، قىرغىزلارنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىگە تاقابىل تۇرۇپ بولالماي، بىر قىسمى يەنىلا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا قېلىپ قىرغىزلار بىلەن تۇتۇشۇپ تۇرغاندىن باشقا، بىر قىسمى تىبەتلەر ئىگىلەپ تۇرغان خېشى كارىدورىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قېشىغا ــ گەنجۇ ، لياڭجۇ، چىنجۇ، سۇجۇ ئەتراپلىرىغا كەتكەن. مانا بۇلار تارىخنامىلەردە «تىبەتلەر يېرىگە كەتتى» دېيىلگەن ئۇيغۇرلاردۇر. يەنە

بىر قىسمى مەڭلىك تېكىن باشچىلىقىدا تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ ئەنشىگە ـــ قاراشەھەر، كۇچار ئەتراپىغا كەلگەن. مانا بۇلار«ئەنشىگە كەتتى» دېيىلگەن ئۇيغۇرلاردۇر. يەنە بىر قىسمى بولسا يەتتىسۇ، سۇياب دەرياسى ۋە كۇكئار . (پامىر) ئەتراپىغا كېلىپ ماكانلاشقان⑧. بۇنىڭدىن بىلىشكە بولىدۇكى، ئورقۇن ئۇيغۇر خاندانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار غەربكە ئۈچ تارماققا بۆلۈنۈپ ئەمەس، بەلكى بىر تارماق بويىچە كۆچكەن بولۇپ ، كېيىن قىرغىزلارنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشى تۈپەيلىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەن⑨.

مەڭلىك تېكىن باشچىلىقىدىكى بىرقىسىم ئۇيغۇرلار ئەنشىگە ـــ قاراشەھەر، كۇچار ئەتراپىغا كەلگەندىن كېيىن ، 842-يىلى مەڭلىك تېكىن ئۆزىنى يابغۇ دەپ جاكارلىغان. چۈنكى بۇ چاغدا جەنۇپقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار تىكلىگەن ئۇكا قاغان تېخى هايات ئىدى هەم ئۇ هەرقايسى ەرەپلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق قاغانى ئىدى. كېيىن مەڭلىك تېكىن ئۇكا قاغاننىڭ ئۆلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئىنىسى ئوكنىر(ئىنان) قاغان ۋە ئادەملىرىنىڭ پېتراپ كەتكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن 848-يىلى 1-ئايدا ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاپ ⑩) هاكىمىيەت تىكلىگەن (تەتقىقاتچىلار بۇ هاكىمىيەتنى «غەربىي ئۇيغۇرىيە دۆلىتى» دەپ ئاتايدۇ). ۋاھالەنكى، كېيىنچە «هاكىمىيەتتە مالىمانچىلىق يۈز بەرگەن»» يەنى 870-يىلى ئەتراپىدا مەڭلىك تېكىن بەشبالىقتىكى سەردارى بۆگۈ تېكىن (بۆگۈچىن) تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. مەڭلىك تېكىننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، بۆگۈ تېكىننىڭ قوچو قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۆز ئالدىغا هاكىمىيەت قۇرۇۋېلىشى بىلەن مەڭلىك تېكىننىڭ ئۇرۇق - جەمەتى، بۇيرۇق - تارقانلىرى ۋە بىر قىسىم ئادەملىرى بۆگۈ تېكىننىڭ رەھبەرلىكىگە ئىتائەت قىلىشنى خالىماي ئۆز ئالدىغا يول تۇتۇشقان⑪ ، يەنى ئۇلاردىن بىرقىسمى خېشى رايونىدىكى گۇاجۇ، شاجۇغا كەتكەن⑫. نەتىجىدە «مىلادىيە 870-يىلى مەڭلىك تېكىن ئۆلۈپ ئۇزۇنغا بارماي، غەربىي ئۇيغۇرىيە دۆلىتى پارچىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن هەم گەنجۇ ئۇيغۇر خاندانلىقى، قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقى ۋە قاراخانىيلار خاندانلىقى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قۇرۇلغان»⑬. جۈملىدىن تاكى مۇشۇ مەزگىلگىچە غەربىي ئۇيغۇرىيە دۆلىتىگە تەۋە بولۇپ تۇرۇۋاتقان خېشى ئۇيغۇرلىرى 875-يىلىدىن كېيىن ئۆزئالدىغا هاكىمىيەت قۇرۇش يولىغا ماڭغان⑭ . شۇنىڭدىن كېيىن ، خېشى ئۇيغۇرلىرى ئىچكى جەھەتتىن بىرلىككە كەلگەن. بولۇپمۇ مەڭلىك تېكىننىڭ ئۇرۇق - جەمەتى خېشى رايونىغا كەلگەندىن كېيىن تەدرىجى هالدا بۇ يەردىكى هەر قايسى ئۇيغۇرلارنى بىرلىككە كەلتۈرىدىغان ئۇيۇشتۇرغۇچى كۈچكە ئايلىنىپ، خېشى ئۇيغۇرلىرى تەدرىجى بىرلىككە كېلىشكە باشلىغان. جۈملىدىن ئۇلار گەنجۇ رايونىنى مەركەز قىلىپ ، كۈچىنى زورايتىپ، ئەڭ ئاخىرى مۇستەقىل بىر سىياسىي، هەربىي گورۇھ سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىققان⑮.

خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ سەردارىنىڭ ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاپ خاندانلىق قۇرغانلىقى ھەققىدە، دۇنخۇاڭ ۋەسىقىلىرىگە ئاساسلانغاندا، 875 - 885 - يىللاردا هۆكۈم

www.uyghurkitap.com



سۇرگەن بىلگە قاغان تۇنجى قاغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوردىسى دەسلەپتە گەنجۇ شەھىرى ئەتراپىدا، يەنى ئېرغۇنا دەرياسى بويىدا بولغان. بۇ خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ 875 ـ يىلى رەسمىي مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرۇپ چىققانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ [16]. ئۇنداقتا خېشى ئۇيغۇرلىرى خاندانلىق قۇرغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قاغانى ئۇيغۇرلارنىڭ قايسى تارمىقىدىن كېلىپ چىققان؟ باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، 870 ـ يىلى ئەتراپىدا مەڭلىك تېكىننىڭ ئۇرۇق ـ جەمەتى خېشى رايونىغا كەلگەندىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا ھەر قايسى ئۇيغۇرلارنى بىرلىككە كەلتۈرىدىغان ئۇيۇشتۇرغۇچى كۈچكە ئايلانغان، ئۇنىڭ ۋارىسى قاغانلىق تەختىنىڭ قانۇنلۇق ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، گەنجۇ ئۇيغۇر قاغانى بىلەن كېيىنكى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىدىقۇتى ئوخشاش بىر ئۇرۇقتىن كېلىپ چىققانلىقى مەلۇم [17].

گەنجو ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تارىخى ماتېرىياللار ناھايىتى ئاز. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىدە بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. دۇنخۇاڭ ۋەسىقىلىرىگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 870 ـ يىلى غەربىي ئۇيغۇرىيە خاندانلىقىنىڭ ئاساسچىسى بولغان مەڭلىك تېكىننى ئۆلتۈرۈپ قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقىغا ئاساس سالغان بۆگۈ تېكىن 876 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئىۋىرغول (يەنى قومۇل) نى ئىگىلىگەن [18]، بۇنىڭ بىلەن قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقى گەنجۇ ئۇيغۇر خاندانلىقىغا قوشنا بولۇپ قالغان. گەنجو ئۇيغۇر خاندانلىقى ئالدى بىلەن قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقى بىلەن بولغان دىنىي مۇناسىۋەتلەرنى كۈچەيتكەن. بۇ چاغدا قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ بۇددا راھىبلىرى دائىم گەنجو ئۇيغۇر خاندانلىقىغا كېلىپ دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان، ھەتتا گەنجو ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ بۇددا راھىبلىرى بىلەن بىللە ئىران، ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا بارغان. ئېھتىمال، ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىمۇ كۆپ راۋاجلانغان بولسا كېرەك، لېكىن بۇ ھەقتىكى تارىخى ماتېرىياللار ناھايىتى ئاز [19].

مىلادىيە 11 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، گەنجو ئۇيغۇر خاندانلىقى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاجىزلىششقا قاراپ يۈزلەندى. جۈملىدىن ئوردىدىكى ئەمەلدارلار ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى سەردارلار كۈچىيىپ كېتىپ، قاغاننىڭ نوپۇزى تۆۋەنلەپ كەتتى، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىچكى ماجراسى ئۇزۇنغىچە داۋام قىلىپ، ئوردىدا سىياسىي ئۆزگىرىشلەر توختىماي يۈز بېرىپ، بەزى قەبىلىلەر قارشىلىق كۆرسىتىپ ھاكىمىيەت ئاجىزلاپ كەتتى. نەتىجىدە خاندانلىقنىڭ ئىگىلىكى خارابلىششقا يۈزلەندى، قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان سودا ـ تىجارەتلىرىنىڭ كۆلىمىمۇ بەك تارىيىپ كەتتى. مەملىكەت سىياسىي جەھەتتە مۇقىم بولمىغان، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئاجىزلاشقان مۇشۇنداق چاغدا، تاڭغۇتلار تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېلىپ، گەنجو ئۇيغۇر خانلىقىغا ئېغىر خەۋپ تۇغدۇردى.

1028 ـ يىلى تاڭغۇتلارنىڭ سەردارى لى يۈەنخاۋ گەنجۇ ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ پايتەختى گەنجۇنى ئىگىلىگەندىن كېيىن قاغان گەنجۇدىن قېچىپ چىقىپ، ئۇيغۇر

قوشۇننى قايتا تەشكىللەپ تاڭغۇت قوشۇنىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. ئەمما مەغلۇپ بولۇپ يارىلىنىپ چېكىندى. ئۇ ھەرقايسى جايلاردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئالاقىلىشىش ۋەزىپىسىنى ئۆزىنىڭ ئوغلىغا تاپشۇرۇپ، قايتىدىن قوشۇن تەشكىللىدى. تاڭغۇت قوشۇنى ئۇنىڭ ئوغلىنى ئەسىرگە ئالغاندىن كېيىن، قاغان چىلانتاغ (چىلىيەنشەن) نى بويلاپ شەرققە يۈرۈش قىلدى ھەم چىڭتۇشەن تېغىغا كەلگەندە بۇرۇنقى يارىسى قوزغىلىپ قازا تاپتى، شۇنىڭ بىلەن شەرققە قىلغان يۈرۈش مەغلۇپ بولدى (20). قاغانىنىڭ ئوغلى تاڭغۇتلارنىڭ قولىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن قالدۇق ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى باشلاپ، غەربىدىكى سۇجۇ، گۇاجۇ ۋە شاجۇ رايونلىرىغا كېلىپ تاڭغۇتلار بىلەن داۋاملىق قارشىلاشتى. بۇ چاغدا تاڭغۇتلارنىڭمۇ سۇجۇ، گۇاجۇ، شاجۇغا ئىلگىرىلەپ ھۇجۇم قىلغۇدەك مادارى تېخى يوق ئىدى. ھالبۇكى، 1032-يىلى (ياكى 1033-يىلى) تاڭغۇت قوشۇنى لياڭجۇنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارغا باش -ئېگىشنى خالىمىغان نەچچە تۈمەن ئۇيغۇر جەنۇبقا كۆچۈپ كېتىپ ، گۇاجۇ، شاجۇ، سۇجۇدىكى ئۇيغۇرلار تېخىمۇ يېتىم قالدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا تاڭغۇتلارنىڭ سەردارى لى يۈەنخاۋ 1036 - يىلى يەنە غەربتىكى ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلدى ھەم گۇاجۇ، سۇجۇ، شاجۇلارنى بىر يوللا تارتىۋالدى. بۇ ھەقتە «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 485- جىلد «تاڭغۇتلار تەزكىرىسى»» : «(لى يۈەنخاۋ) ... گۇاجۇ، شاجۇ، سۇجۇ ئۈچ ئايماقنى ئالدى» دەپ خاتىرىلەنگەن(21). لى يۈەنخاۋ خېشى كارىدورىنى تامامەن ئىگىلىگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنى ئۆزىنىڭ ئارقا تەرىپىگە تەھدىت سالىدىغان مۇھىم كۈچ دەپ قاراپ، نۇرغۇن لەشكەر قويۇپ ئۇلاردىن مۇداپىئەلەندى(22). 11 - ئەسىرنىڭ 40 . يىللىرىغا كەلگەندە خېشى رايونىدا 160 يىل ئەتراپىدا ھۆكۈم سۈرگەن گەنجۇ ئۇيغۇر خاندانلىقى تامامەن ھالاك بولدى (23) (مۇشۇ ۋاقىتتىن كېيىن «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ نام گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن).

ئەمما ھاكىمىيەتنىڭ ئاخىرلىشىشى ھەرگىزمۇ گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تارىخ سەھنىسىدىن پۈتۈنلەي غايىپ بولغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بەلكى ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن كۆچۈش، يۆتكىلىش، ھەتتا قايتىدىن باش كۆتۈرۈشتەك تارىخى ) (ياننى باشتىن كەچۈرگەن. جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى پاناھ ئىزدەپ چىڭخەي- تىبەت ئېگىزلىكىدىكى تىبەتلەرنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ ئارىسىغا كەتكەن(24)، بىر قىسمى دۇنخۇاڭنىڭ غەربىدىكى تەڭرىتاغنىڭ ۋە ئالتۇنتاغنىڭ كۈنگەي- تەسكەي تەرەپلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىغا ، يەنى قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقى ۋە ئۇدۇن (خوتەن) خاندانلىقىنىڭ تەۋەسىگە كۆچۈپ كەتكەن، ئازساندىكى بىر قىسمى سۇڭ سۇلالىسى تەۋەسىگە كەتكەن، يەنە بىر قىسمى تاڭغۇت دۆلىتىگە ئەل بولغان( تاكى مىلادىيە 1227 - يىلى چىڭگىزخان تاڭغۇت خاندانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىنلا ئۇلار تاڭغۇتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغان) (25). گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىرقىسمى قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقى تەۋەسىگە كۆچكەندىن كېيىن،

www.uyghurkitap.com



قوچو ( تۇرپان ) ئۇيغۇرلىرىغا ئىككى چوڭ ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن: بىرى، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانىنىڭ ۋارىسلىرىدا ئۆزگىرىش بولغان. يەنە بىرى، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تېررىتورىيىسىدە ئۆزگىرىش بولغان.

بىرىنچى ئۆزگۈرۈش: تارىخىي ماتېرىياللاردا قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانلىرىنىڭ نەسەبى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ئىنتايىن كەمچىل بولۇپ، بۇ ھەقتە ئېنىقراق بىر ئۇچۇرغا ئېرىشىش تەس. ھالبۇكى، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالدۇق قىسمى قوچوغا كەلگەندىن كېيىن، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانىنىڭ ۋارىسلىرىدا ئۆزگىرىش بولغان بولۇپ، بۇ ئۆزگۈرۈش خىتان خاندانلىقى ھالاكەتكە يۈزلىنىپ ، خىتانلارنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان يەلىلىغ تايشى غەربكە كۆچۈشكە ئاتلانغاندىلا ئاندىن ئاشكارىلانغان. جۈملىدىن «لياۋ سۇلالىسى تارىخى.تيەنزوخان ھەققىدە خاتىرە» خاتىرىلىنىشىچە، يەلىلىغ تايشى 1123 ـ يىلى 2 ـ ئايدا كۆك ئۆكۈز، ئاق ئاتلارنى ئۆلتۈرۈپ ئاسمان ـ زېمىنغا، ئەجداتلىرىغا ئاتاپ نەزىر قىلىپ، غەربكە سەپەر قىلىشقا تۇتۇنغاندا، ئاۋال ئۇيغۇر خانى بىلگەگە مەكتۇپ يوللاپ، « ئۆتمۈشتە ئۇلۇغ پىشۋا خانىمىز (يەنى لياۋ تەيزۇ ئاپاگى) بۆگۈ قاغان شەھىرى (يەنى ئورقۇن ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ پايتەختى قارابالغاسۇن شەھىرى)دىن ئۆتكەندە، ئەلچى بىلەن گەنجۇغا مەكتۇپ يوللاپ، پىشۋا بوۋىڭىز ئورمۇزد قاغانغا (( ـ بوۋىلىرىڭىزنىڭ ماكانىنى سېغىنغان بولسىڭىز، شۇنداقلا قايتىپ بېرىشتىن غەم يېگەن بولسىڭىز، مانا مەن ھازىر بۇ جايلارنى ئىگىلىدىم، سىزگە ئايانماستىن قايتۇرۇپ بېرەي، مېنىڭ ئىلكىمدىكىسى سىزنىڭ ئىلكىڭىزدىكىدۇر، دېگەن، پىشۋا بوۋىڭىز دەرھال جاۋاپ مەكتۇپ يوللاپ تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈپ، ئېلىنىڭ ھازىرقى ماكانىغا كۆچكەندىن كېيىن نەچچە ئەۋلادقىچە ياشاپ كەلگەنلىكىنى، پۈتۈن ئەلنىڭ ھازىرقى ماكانغا مېھرى چۈشۈپ قالغانلىقتىن باشقا جايلارغا كۆچۈشنى خالىمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۆزىنىڭمۇ قەدىم ماكانىغا قايتىپ بارالمايدىغانلىقىنى ئېيتقان.بۇ، مېنىڭ ئېلىم بىلەن سىزنىڭ ئېلىڭىزنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشتىن بۇيان ئىجىل ئۆتۈپ كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ھالا بۆگۈنكى كۈندە مەن غەربكە سەپەر قىلماق ئۈچۈن سىزنىڭ ئېلىڭىزدىن يول ئالماقچى بولۇپ تۇرۇپتىمەن، بۇنىڭدىن ھەرگىز شۈبھىلەنمىگەيسىزلەر» دېگەن (26). بۇ يەردىكى ئۇيغۇر خانى بىلگە دەل قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ خانى بولۇپ، يەلىلىغ تايشىنىڭ گەنجۇ ئۇيغۇر قاغانى ئورمۇزدنى ئۇنىڭ پىشۋا بوۋىسى دېگىنىدىن بىلگەنىڭ گەنجۇ ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ نەسەبىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. قارىغاندا، جەڭگىۋارلىقى يەنىلا ئۈستۈن بولغان گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالدۇق قىسمى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ زېمىنىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇن ـ تىنسىزلا بىر قېتىملىق سىياسىي ئۆزگۈرۈش قوزغاپ، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانلىق تەختىگە چىققان بولسا كېرەك.

ئىككىنچى ئۆزگۈرۈش: گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالدۇق قىسمى قوچوغا كىرىپ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەندىن كېيىن،

ھاكىمىيەتىنىڭ شەرقىي چېگرىسىنىمۇ زور دەرىجىدە كېڭەيتكەن. جۈملىدىن قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەرقىي چېگرىسى خېشى كارىدورىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بويلاپ شەرققە سىلجىغان، يەنى جەنۇبتا كۆكنۇرغىچە سوزۇلۇپ ، ئۇدۇن (خوتەن) نىڭ شەرقىي، تىبەتلەرنىڭ غەربىي شىمالىغا يەتكەن. شۇڭا، « دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك » تىبەتلەرنىڭ زېمىنى« شىمالدا ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىگە تۇتىشىدۇ » دېيىلگەن (27). شىمالدا بولسا مەيبۇلاقنىڭ شىمالىغىچە سوزۇلغان(28). بۇ تەۋەلىكتىكى بارلىق ئۇيغۇرلار دېگۈدەك بىر تۈغ ئاستىغا ئۇيۇشۇپ، قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقىنى تېخىمۇ زورايتقان .

---

ئىزاھات:

① لىيۇ شيۇ: «كونا تاڭنامە» 195 - جىلد «ئۇيغۇرلار - «كىرىسى»« جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1975 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

② ئوۋياڭ شيۇ، سۇڭ چى : «يېڭى تاڭنامە» 142 - جىلد «ئۇيغۇرلار : «كىرىسى»« جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1975 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

.سىماگۇاڭ:«ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» T 264 249 - جىلد، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1956 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

④ ⑤ ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق: «ئورخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى.

⑥ ⑨ سۇ بېيخەي، لى شيۇمېي :«ئورخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان زېمىنى ۋە موڭغۇل يايلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى» «دۇنخۇاڭشۇناسلىق مەجمۇئەسى» (خەنچە) 1990 - يىللىق 2 - سان (ئومۇمىي 18 - سان).

⑦ ⑧ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق: « يىپەك يولى ۋە ئۇيغۇرلار »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2010 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى.

⑩لىيۇ شيۇ: «كونا تاڭنامە» 195 - جىلد «ئۇيغۇرلار :«كىرىسى»« جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1975 - يىلى خەنچە نەشرى ؛ سىماگۇاڭ: « ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر » 428 - جىلد، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1956 - يىلى خەنچە نەشرى.

(11) (12) چېن بىڭيىڭ:« يەنە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا»« «دۇنخۇاڭشۇناسلىق مەجمۇئەسى»(خەنچە) 1990 - يىللىق 2 - سان(ئومۇمىي 18 - سان).

(13) چېن جياخۇا قاتارلىقلار:«سوڭ،لياۋ،جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى مىللەتلەر تارىخى» 321 - 322 - بەتلەر، سىچۈەن مىللەتلەر نەشرىياتى 1996 - يىلى خەنچە نەشرى.

(14) چيەن بوچۈەن:« ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنخۇاڭدىكى تارىخى»»« دۇنخۇاڭشۇناسلىق مەجمۇئەسى »(خەنچە) 1989 - يىللىق 1 - سان (ئومۇمىي 15 - سان ).

(15) (16) لى شۇخۇي:« گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىش(2) - ئۇغۇزلار ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات - 10 »-

(17) «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتوتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2007 - يىلى 7 - ئاي 28 - قىسىم 4 - سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(18) جاڭ گۇاڭدا، روڭ شىنجياڭ:« شىجۇ ئۇيغۇرلىرىغا دائىر بىر پارچە خەنچە دۇنخۇاڭ ھۆججىتى »« « بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتىتى ئىلمىي ژۇرنىلى »(خەنچە) 1989 ـ يىللىق 2 ـ سان.

(19) ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق : «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى »»571 ـ 597 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىل 1 ـ نەشرى.

(20) تۆمۈر: «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1999 ـ يىل7 ـ ئاي خەنچە ،1 ـ نەشرى.

(21) « سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»485 ـ جىلد «تاڭغۇتلار تەزكىرىسى »« جۇڭخۇا كىتاپچىلىق ئىدارىسى 1977 ـ يىلى خەنچە نەشرى.

(22) گاۋ زىخۇ :« گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ گەنجۇنى قولدىن بېرىپ قۇيۇشىدىكى ئىجتىمائىي سەۋەبلەر —— گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ھەققىدە مۇھاكىمە« » » « گەنسۇ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى »(خەنچە) ژۇرنىلى 1983 ـ يىللىق 1 ـ سان.

(23) (ياپونىيە) موريياسۇ تاكائو: «شاجۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە غەربىي ئۇيغۇرىيە دۆلىتى»»«دۇنخۇاڭشۇناسلىق مەجمۇئەسى» 2000 ـ يىللىق (خەنچە) 2 ـ سان(ئومۇمىي 38 ـ سان).

(24) لى فۇتۇڭ:« سېرىق ئۇيغۇرلار ھەققىدە »« « چىگرا سىياسىيسى مۇھاكىمىسى»(خەنچە)« 1943 ـ يىلى 3 ـ توم 8 ـ سان.

(25) تۆمۈر: «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1999 ـ يىل7 ـ ئاي (خەنچە) 1 ـ نەشرى.

(26) « لياۋ سۇلالىسى تارىخى» 30 ـ جىلد « تيەنزوخان ھەققىدە خاتىرە »»» جۇڭخۇا كىتاپچىلىق ئىدارىسى 1974 ـ يىلى خەنچە نەشرى.

(27) مەھمۇد كاشغەرى:« دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك » 1 ـ توم 461 ـ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىل 1 ـ نەشرى.

(28) تاڭ كەيجيەن:« گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالدۇق قۇۋمىلىرىنىڭ كۆچۈشى ۋە ئۇلارنىڭ شىجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى » » « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنچە) 1984 ـ يىللىق 3 ـ سان.

(ئاپتور شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# تاللىقبۇلاق مىڭئۆيى توغرىسىدا

ئەنۋەر مۇھەممەت

1. جۇغراپىيەلىك ئورنى ۋە ھازىرقى ساقلىنىش ئەھۋالى

تاللىقبۇلاق مىڭئۆيى-تۇرپان شەھىرىنىڭ تەحمىنەن 6 كىلومېتىر شىمالىغا، يەنى ئىدىقۇتتېغىنىڭ غەربىدىكى تاللىقبۇلاق غولىنىڭ ئىچىگە جايلاشقان، يەر قاتلىقى شېغىل تاشلاردىن تەركىب تاپقان. جۇغراپىيەلىك ئورنى: شىمالىي كەڭلىك. 42° 59 45.6 شەرقىي ئۇزۇنلۇق 2 28.8 89 ° 12. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 185.5مېتىر.

تاللىقبۇلاق مىڭئۆيىدە ھازىر 10 8.8 ساقلىنىپ قالغان، بۇ غارلار تاغ باغرىنى كولاش ۋە كېسەك بىلەن قوپۇرۇپ ياساش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. 1- نومۇرلۇق غار بىلەن 5 -نومۇرلۇق غار بىر گۇرۇپپا بولۇپ، ئەڭ ئاستىنقى قىسمىغا جايلاشقان. 6-7-نومۇرلۇق غار بىر گۇرۇپپا بولۇپ، ئاساسەن تۈز يەرگە جايلاشقان، 8-9-نومۇرلۇق غارلار بىر يەردە بولۇپ، 9- نومۇرلۇق غار 8- نومۇرلۇق غارغا قارىغاندا ئېگىزرەك يەرگە جايلاشقان.

10-نومۇرلۇق غار 9- نومۇرلۇق غارنىڭ 50 مېتىر شىمالىدىكى تاغ چوققىسىدا بولۇپ، يەر شەكلى ئەڭ ئېگىز يەرگە جايلاشقان. 10-نومۇرلۇق غارنىڭ ئاستىنقى تەرىپىدە بىر بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى (1-نومۇرلۇق بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى). ئۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بۇزۇلۇپ كەتكەن ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ ئىزى بار، بۇنىڭ پەقەت ھۇلىلا ساقلىنىپ قالغان كەينى تەرىپىدە بىر رەت راھىبلارنىڭ ھۇجرىسى ساقلىنىپ قالغان.

غولنىڭ شەرقىي تاغ باغرىدا ئىككى بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى بار بولۇپ (2-نومۇرلۇق بۇددا ئىبادەتحانا حارابىسى). 2- نومۇرلۇق بۇددا ئىبادەتحانا خارابىسىنىڭ شىمالىدا كۆلىمى كىچىكرەك ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ ئىزى ساقلانغان (3-نومۇرلۇق بۇددا دىنى ئىبادەتخانا خارابىسى). 3-نومۇرلۇق بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ تەخمىنەن 20 مېتىر شەرقىدە بىر بۇددا مۇنارى (2-نومۇرلۇق بۇددا مۇنارى) بولۇپ، چاسا شەكىللىك، گۈمبەز تورۇسلۇق، تۆت تېمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھەر بىر ئارىلىقتا ئەگمە شەكىلدىكى ئىشىك ئورنىنىڭ ئىزى بار. غولنىڭ جەنۇبىدا بىر بۇددا مۇنارى (1-نومۇرلۇق بۇددا مۇنارى) . بۇ بۇددا مۇنارىمۇ چاسا شەكىللىك، گۈمبەز تورۇسلۇق بولۇپ، شىمالىي تېمى بىرقەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان، ئىشىكى شىمالغا قارىتىپ ئېچىلغان.

2. تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى

1902- 1903-يىللىرى ۋە 1905-- 1907-يىللىرى گېرمانىيەلىك گرۇنۋېدىل باشچىلىقىدىكى تۇرپاننى تەكشۈرۈش ئەترىتى ئىلگىرى-كېيىن ئىككى قېتىم بۇ

ئورۇننى تەكشۈرۈپ، كۆپلىگەن تام رەسىم ۋە ھۆججەتلەرنى ئېلىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قىسمەن غارلارنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسى ۋە تام رەسىملىرىنى سىزىپ بۇ توغرىلىق بىرقەدەر ئىنچىكە توختالغان ①.

1914 - يىلى 5 - ئايدا، ئودىنبۇرگ باشچىلىقىدىكى چارروسىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى شىنجاڭنىڭ چۆچەك، گۇچۇڭ، ئۈرۈمچى، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، دۇنخۇاڭغا بېرىش جەريانىدا بۇ ئورۇنلارنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، قېزىش ئېلىپ بېرىپ، كۆپلىگەن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كەتكەن. بۇ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى ئىچىدىكى فوتوگراف دودىن رەسىم تارتىش ۋە ئۆلچەپ سىزىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان. ئۇ مۇشۇ «جۇڭگو - شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش خارابىلىرى» دېگەن كىتابىدىمۇ ،تاللىقبۇلاق دېگەن نامنى تىلغا ئالغان ② . 1928 - يىلى خۇاڭ ۋېنبى باشچىلىقىدىكى تۇرپاننى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ جاينى تەكشۈرگەن. بۇ توغرىلىق: «5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سەھەردە، مەن قادىر بىلەن ئەترەتنى باشلاپ، يالقۇنتاغنى بويلاپ، غەربكە قاراپ مېڭىپ، چۆل - قۇملۇقلاردىن ئۆتۈپ، بىر قۇرۇق غولغا يېتىپ كەلدۇق. غولنىڭ غەربىدە ئىككى ئورۇندا بۇددا غارلىرى بار بولۇپ، تام رەسىملىرىنىڭ كۆپ قىسمى بۇزۇۋېتىلگەن. تاغ ئۈستىدە بىر قەدىمىي بۇتخانىنىڭ ئىزى بار، غولنىڭ شەرقىدە ئىككى قەدىمىي خارابە ئىزى بار. بىز تەخمىنەن ئۈچ چاقىرىم يول يۈرۈپ تاللىقبۇلاققا كەلدۇق، بۇ ئورۇندا 10دىن ئارتۇق بۇددا ئىبادەتخانا خارابە ئىزى بولۇپ، تاغنى كولاپ، تاغ باغرىغا ياسالغان. غارلاردىكى تام - رەسىملىرىنىڭ كۆپ قىسمى بۇزۇۋېتىلگەن، لېكىن تام - رەسىملىرىنىڭ يېنىغا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بېغىشلىمىلارنىڭ يېزىلغانلىقى بايان قىلىنغان » . خۇاڭ ۋېنبى تەكشۈرگەن ئورۇن بولسا، بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن تاللىقبۇلاقنى كۆرسىتىدۇ.

تاللىقبۇلاق مىڭئۆيىنىڭ تارىخىنىڭ ئۇزۇنلىقى، ياسىلىشىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، ئىلمىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى قاتارلىقلارغا ئاساسەن، 1999 - يىلى 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ ئورۇننى 4 - تۈركۈمدىكى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت - يادىكارلىق ئورنى قىلىپ ئېلان قىلدى. نۆۋەتتە تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى بۇ ئورۇنغا قارىتا قوغداش، پىلانلىرىنى تۈزەش خىزمىتىنى ئىشلەش ئالدىدا تۇرماقتا.

3. غارلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1 - نومۇرلۇق غار، غولنىڭ جەنۇبىدىكى تىك يارغا جايلاشقان، غار ئېغىر دەرىجىدە ئۆرۈلۈپ كەتكەن، پەقەت كىچىك بىر بۆد تەكچىسىنىڭ ئىزىلا ساقلىنىپ قالغان، بۇ غاردا تام رەسىم يوق..

2 - نومۇرلۇق غار، غولنىڭ غەربىدىكى 1 - نومۇرلۇق غارنىڭ يېنىدا، بۇ عار ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك، گۈمبەز تورۇسلۇق، غارنىڭ ئالدى قىسمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن، ئۈستى قىسمى ۋە تۆت ئەتراپىدىكى لاي - سىيپاقلارنىڭ كۆپ قىسمى چۈشۈپ كەتكەن، تام رەسىملىرى يوق .

3 - نومۇرلۇق غار، غولنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان، 2 - نومۇرلۇق غار بىلەن ياندىشىپ تۇرىدۇ، بۇ غارمۇ ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك، گۈمبەز تورۇسلۇق، غارنىڭ

ئالدى قىسمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن، ئۈستى قىسمى ۋە تۆت ئەتراپىدىكى لاي - سىپاقلارنىڭ كۆپ قىسمى چۈشۈپ كەتكەن، تام رەسىم يوق .

4 - نومۇرلۇق غار، غولنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان، 3 - نومۇرلۇق غار بىلەن ياندىشىپ تۇرىدۇ. تىك، ئەگمە تورۇسلۇق، غارنىڭ ئىككى يېرىدە ئىشىك بولۇپ، تام رىسىم يوق .

5 - نومۇرلۇق غار، غولنىڭ غەرب -ەرىپىگە يەنى 4 - نومۇرلۇق غار بىلەن ياندىشىپ تۇرىدۇ، ئالدىدىكى ئۆينىڭ ئىككى تەرىپىدە غار ئىشىكى بار ، بۇ غارمۇ يۇمىلاق، ئەگمە تورۇسلۇق، ئىككى غارنىڭ ئىشىكى ئەگمە شەكىلدە، غارنىڭ سول ئىشىكىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، ئالدىدىكى ئۆينىڭ ئالدى تېمىدا ئىككى بۇد تەكچىسى بار، ئۇدۇلىدا توققۇز كىچىك بۇد تەكچىسى ۋە تۇرخۇنىنىڭ ئىزى بار. كەينى ئۆينىڭ ئىشىكى ئەگمە شەكىللىك بولۇپ، تۆت ئەتراپىدا بەش بۇد تەكچىسى بار، كەينى غارنىڭ تورۇسىغا سۈچېچەكى سىزىلغان. سۈچېچەكى بەرگىسىنىڭ ئارىلىقىغا ئۇيغۇر يېزىقىغا ئوخشاش خەتلەر يېزىلغان .

6 - نومۇرلۇق غار، غولنىڭ غەرب تەرىپىگە، يەنى 5 - نومۇرلۇق غارنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. بۇ غار چاسا شەكىللىك،گۈمبەز تورۇسلۇق، كېسەكتىن ياسالغان، كېسەكلەر بىرقەدەر مۇكەممەل ساقلانغان، غارنىڭ تورۇسىغا سۈچېچەكى سىزىلغان. گۈلنىڭ ئىچىدە بەش دانە يۇمىلاق چەمبەر سىزىلغان، يۇمىلاق چەمبەرنىڭ بىرى تورۇسنىڭ مەركىزىگە، قالغان تۆتى ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ھەربىر چەمبەرنىڭ ئىچىگە بۇددىستۋانىڭ سۈرىتى سىزىلغان.

7 - نومۇرلۇق غار، غولنىڭ غەربىگە، يەنى 6 - نومۇرلۇق غارنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. بۇ غار چاسا شەكىللىك، گۈمبەز تورۇسلۇق، كېسەكتىن ياسالغان، كۆپ قىسمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن، ئازراق بىر قىسىم تام رەسىملىرىنىڭ پارچىلىرى ساقلىنىپ قالغان.

8 - نومۇرلۇق غار، غولنىڭ غەربىگە، يەنى 6 - نومۇرلۇق غارنىڭ شىمالىدىكى بىرقەدەر ئېگىزرەك جايغا جايلاشقان. ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك، گۈ999 تورۇسلۇق، تىك يارنى كولاپ ياسىغان، تام رەسىمى يوق.

9 - نومۇرلۇق غار، 8 - نومۇرلۇق غارنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك، گۈمبەز تورۇسلۇق. بۇ غارمۇ يارنى كولاپ ياسىغان بولۇپ، غار ئىشىكى ئۆرۈلۈپ كەتكەن، شەكلىنى پەرق ئېتىش

D. غار ئىككى قېتىم رېمونت قىلىنغان. 1 - قېتىم ياسالغاندا، غارنىڭ كەينى تەرىپى كېسەك تام قىلىپ ئېتىۋېتىلگەن. 2 - قېتىم رېمونت قىلىنغان ۋاقتى، ئالدىنقى ئەسىرلەردە يەرلىك خەلقلەر بۇ ئورۇننى ۋاقىتلىق تۇرالغۇ قىلغان، غار بۇلۇڭىدا بىر تۇرخۇن بار، ئالدى غارنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىگە ئالتە دانە كىچىك بۇد تەكچىسى ياسالغان. بۇ غارنىڭ ئۇدۇل تېمىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر مۇنارنىڭ پارچىسى ساقلانغان، ئەتراپىغا گۈل - گىياھلارنىڭ رەسىمى سىزىلغان، غار ئىشىكىنىڭ سول تەرىپىدە بىر ھايۋاننىڭ رەسىمى سىزىلغان، بۇ ھايۋاننىڭ ئۈچ پۇتى ساقلىنىپ قالغان ، پۇتىنىڭ ئاستى قىسمىغا تاجىسىمان يوپۇرماقلار سىزىلغان.

10 - نومۇرلۇق غار، غولنىڭ غەرب تەرىپى، يەنى 9 - نومۇرلۇق غارنىڭ شەرقىي شىمالىغا تەخمىنەن 50 مېتر كېلىدىغان تاغ

www.uyghurkitap.com



ئۈستىگە جايلاشقان. بۇ غار ئۈزۈنچاق، چاسا شەكىللىك، گۈمبەز تورۇسلۇق، غارنىڭ كۆلىمى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن تام رەسىملەر ئاساسىي جەھەتتىن ياخشى ساقلانغان، رەسىملەر ناھايىتى رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان. سول تەرىپىدىكى تامنىڭ مەركىزىگە بىر بۇددىستۋانىڭ سۈرىتى سىزىلغان، ئوڭ تەرەپتىكى تامنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا خىش قۇرۇلمىلىق مۇنارنىڭ رەسىمى سىزىلغان، تورۇسىغا ئىككى رەت ھەر بىر رەتتە سەككىزدىن 16 بۇدنىڭ رەسىمى سىزىلغان.

4.بۇددا مۇنارى ۋە بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى

1.بۇددا مۇنارى

1- نومۇرلۇق بۇددا مۇنارى تاللىقبۇلاق غولىنىڭ ئېغىزىغا جايلاشقان. تەكشى، چاسا،گۈمبەز تورۇسلۇق غار. بۇ غارنىڭ شىمالىي تېمى بىرقەدەر مۇكەممەل . قلانغان، تورۇسىنىڭ قىسمەن جايلىرى ساقلىنىپ قالغان، ئىشىكى شىمالغا قارىتىلغان. دۈدىنىنىڭ 1914-يىلى تارتقان سۈرىتىگە قارىغاندا ، ئەينى ۋاقىتتا، بۇ مۇنار بىرقەدەر مۇكەممەل ساقلانغان، مۇنارنىڭ ئۈستى قىسمى بېزەكلىك مىڭئۆيى ۋە كىچىك ھاسا بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىدىكى كۆپ قىرلىق بۇددا مۇنارىنىڭ شەكلى بىلەن ئوخشاش.

2- نومۇرلۇق بۇددا مۇنارى، تاللىقبۇلاق غولىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان، 3- نومۇرلۇق بۇددا ئىبادەتخانىسى بىلەن يېقىن. بۇ غارمۇ تەكشى، چاسا،گۈمبەز تورۇسلۇق غار، بۇ بۇددا مۇنارى كېسەك بىلەن ياسالغان. كېسەكنىڭ سىرتى لاي بىلەن سۇۋالغان، بۇددا مۇنارىنىڭ جەنۇبىي تېمى ۋە شەرقىي تېمى گۈمبەز شەكلىدە بولۇپ، غارنىڭ پۈتۈن شەكلىدىن قارىغاندا، تۆت تامنىڭ ھەربىر قىسمىغا بىردىن ئەگمە ئىشىك قويۇلغان.

2. بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى

1-نومۇرلۇق بۇددا ئىبادەتخانىسى، غولنىڭ شەرقىگە، 10-نومۇرلۇق غارنىڭ ئاستى تەرىپىگە جايلاشقان. غارنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بىرئۆينىڭ ھۇلى ساقلىنىپ قالغان، ئىككى تەرىپى كارىدورلۇق، كەينى تەرىپىدە بىر رەت راھىبلار ھۇجرىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ھۇجرىنىڭ ھۇلى ياخشى ساقلانغان.

2-نومۇرلۇق بۇددا ئىبادەتخانىسى، غولنىڭ شەرق تەرىپىگە، 2-نومۇرلۇق بۇددا مۇنارىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، بۇ بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى بىرقەدەر ئېنىق، روشەن مەركىزى قەسىر قۇرۇلمىلىق.

3-نومۇرلۇق بۇددا ئىبادەتخانىسى، غولنىڭ شەرقىگە، 2 -نومۇرلۇق بۇددا مۇنارى بىلەن بولغان ئارىلىقى 20 مېتر كېلىدۇ، ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ ئىزى ساقلانغان، تېمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن.

5. خاتىمە

تاللىقبۇلاق مىڭئۆيى قەدىمكى تۇرپان رايونىدا بىرقەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان غارلارنىڭ بىرى، لېكىن بۇ غارلارنىڭ قايسى ۋاقىتتا ياسالغانلىقى يازما ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنمىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، تاللىقبۇلاق مىڭئۆيىدىكى بۇدلار بۇزۇۋېتىلگەن، تام رەسىملىرى بار غارلارمۇ كۆپ ئەمەس، بىر قىسىم غارلارغا قارىتا رەتلەش ۋە ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇڭا، يىل-دەۋرىگە ھۆكۈم قىلىش بىرقەدەر تەس غارلارنىڭ

شەكلىدىن قارىغاندا،6 ـ 7 ـ نومۇرلۇق غارلار گۈمبەز تورۇسلۇق غارلار بولۇپ، 2 ـ 3 ـ 9 ـ 10 ـ نومۇرلۇق غارلار ئۇزۇنچاق، ئەگمە شەكىللىك غارلاردۇر. 9 ـ نومۇرلۇق غاردا كۆپلىگەن ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بېغىشلىمىلار بار، لېكىن،بۇ بېغىلشلىمىلار ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇۋېتىلگەن، بۇ بىزنىڭ ئوقۇشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىزغا زور قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. 9 ـ نومۇرلۇق غار ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىق دەۋرىدە ياسالغان بولۇشى مۇمكىن ، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

چۈنكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدە، بۇددا دىنى ناھايىتى روناق تاپقان بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئېچىدىن كۆپلىگەن بۇددا دىنىنى ئۆگەنىدىغان راھىبلار يېتىشىپ چىققان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى موڭغۇل خانلىقىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا ئەمەلدار، تەرجىمان قاتارلىق مەنسەپلەردە ئولتۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا، تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تارىخىي ھۆججەتلەردىن قارىغاندا، كۆپلىگەن بۇددا دىنى ھۆججەتلىرى ئۇيغۇر يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇددا دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولغان⑤.

غەربىي شيا سۇلالىسىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە كۆپلىگەن ئۇيغۇر راھىبلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، نوم تەھسىل قىلىپ، غەربىي شيا يېزىقىدا يېزىلغان. گادىنجۇر نوم»نى ئۇيعۇرچىعا تەرجىمە قىلعان. دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان غەربىي شيا يېزىقىدا سىزىلغان بىر پارچە رەسىمدە بىر ئۇيغۇر راھىبىنىڭ بارلىقى ئىسپاتلاندى⑥.

ئۇنىڭدىن باشقا، دۇنخۇاڭدىن قېزىۋېلىنغان غەربىي شيا يېزىقىدا يېزىلغان قولىيازما ھۆججەتلەردىمۇ ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەرپلەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ⑦. ئەينى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار بىلەن غەربىي شيا سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق بولغاچقا، تۇرپاندىن ناھايىتى كۆپلىگەن غەربىي شيا يېزىقىدا يېزىلغان نوم پارچىلىرى قېزىۋېلىندى، بۇنىڭدىن غەربىي شيا بۇددا نوملىرىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىقىغا سىڭىپ كىرگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ستاتىسكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان رايونىدىن قېزىۋېلىنغان غەربىي شيا يېزىقىدا يېزىلغان قولىيازما ھۆججەتلەرنىڭ سانى 11 پارچىدىن ئاشىدۇ ⑧. 1988 ـ يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تاللىقبۇلاق مىڭئۆيىگە قارىتا كاربون 14 ئوكسىدى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ، 9 ـ نومۇرلۇق غارنىڭ يىل ـ دەۋرىنى 60100 ±920 يىل، 6 ـ نومۇرلۇق غارنىڭ يىل ـ دەۋرى 1260±2510 يىل دەپ يەكۈن چىقاردى ⑨. بولۇپمۇ، 9 ـ نومۇرلۇق غاردىكى بىر بۇددا رەسىمى بىلەن دۇنخۇاڭدىكى 465 ـ نومۇرۇلۇق غاردىكى بۇددا رەسىمى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش T⑩ شۇڭا بىز تاللىقبۇلاق مىڭئۆيىنىڭ ياسالغان ۋاقتىنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىگە تەۋە دەپ ھۆكۈم قىلالايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

## ئىزاھات:

① گرۈنۋېدىل (گېرمانىيە). شىنجاڭدىكى قەدىمي بۇددا ئىبادەتخانىلىرى: 1905 - 1907 - يىللىرىدىكى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى》، جاۋ رۇڭمىن،ۋۇشىنخۇا
تەرجىمىسى. جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى. 2007 - يىلى نەشرى.
②ۋېنجىن، فاڭ جيۇجوڭ تەرجىمىسى. جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 2006 - يىلى. 47 - 57 - بەتلەر.

2خۇاڭ ۋېنبى:‹‹تۇرپان ئارخېئولوگىيە خاتىرىلىرى››، جۇڭگو پەتلەر ئاكادېمىيىسى، 1957 - يىل، 7 - - .
جۇڭگو تام رەسىملىرى توپلىمىنى تۈزۈش كومىتېتى تۈزگەن:‹‹جۇڭگو تام رەسىملىرى توپلىمى:شىنجاڭ(6) تۇرپان››› لياۋنىڭ گۈزەل - سەنئەت نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
⑤ دۇدىن (رۇسىيە)))جۇڭگو شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش خارابىلىرى》. خې ۋېنجىن،فاڭ جيۇجوڭ تەرجىمىسى، جۇڭگو كىتابچىلىق نەشرىياتى، 2006 - يىلى،48 - - .
⑥ شى جىنبو:‹‹غەربىي شيا بۇددا دىنى تارىخدىن قىسقىچە بايان››، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىلى، 78 - - .
ياڭ فۇشۆ:‹‹ئۇيغۇر ھۆججەتلىرى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى››، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2003 - يىل، 480 - 481 - بەتلەر.
⑦ ياڭ فۇشۆ:‹‹ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي شيا لارغا بولغان تەسىرى توغرىسىدا››› ‹‹سۇڭ تارىخى توغرىسىدا مۇھاكىمە››› 5 - توپلام، خېبېي ئۇنىۋېستېتى نەشرىياتى،2003 - يىل، 179 - 194 - بەتلەر.
⑧ گېرمانىيە ھامبورۇگ ئۇنىۋېرستېتى ۋاڭ دىڭ ئەپەندىنىڭ دوكلاتىدىن ئېلىندى.
⑨ ليۇخۇڭلياڭ:ئىدىقۇت تاش كېمىرلىرنى كاربون 14ئوكسىدى ئارقىلىق تەكشۈرۈش مۇلاھىزىسى》4 :شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى》 1993 - يىل،3 - سان،122 - 122.
⑩ ‹‹4 - نۆۋەتلىك شىزاڭ ئارخېئولوگىيەسى ۋە سەنئىتى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى››› بېيجىڭ،2009 - يىل،568 - 603 - بەتلەر

(ئاپتور: تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ كەسپى خادىمى)

تەھرىرلىگۈچى:603كىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

غەيرەتجان ئوسمان
海热提江·乌斯曼
Gayratjan Osman

# 吐鲁番学研究

吐鲁番学研究 2014 年第一期 维吾尔文 （总二十九期）

吐鲁番学研究编委会
主 任：阿布拉·卡斯木 副 主 任：艾里肯·巴拉提 艾尔肯·伊明尼牙孜
总 编：艾里肯·巴拉提 主 编：艾尔肯·伊明尼牙孜
编 辑：阿不都古力·阿部力米提、艾尔肯·伊明尼牙孜、祖力菲亚·买买提、吾买尔·卡得尔

## 目 录

### 吐鲁番学研究

博物学与吐鲁番博物馆的展望 …………… 再同古力·阿不都热合曼 … 2
关于吐鲁番出土文书的数量及语种概述 …………… 古丽努尔·汉木都 … 12

### 考古研究

1898 至 1909 年俄国考察队在吐鲁番的两次考察概述 …………… 张惠明/文 … 依明江·塔吉/ 译 … 22
试论吐峪沟石窟 …………… 吾买尔·卡得尔 … 32

### 高昌文化研究

晋唐时期吐鲁番文明概述 …………… 艾尼瓦尔·卡斯木 … 62
浅谈西域音乐对中原的影响 …………… 玉苏普·艾合买提 … 84
高昌朝代的钱币 …………… 买买提·图拉普 … 88

### 历史人物

乡村格言母亲们 …………… 亚库普·伊斯马义 … 95
维吾尔族神话传说中的女性形象 …………… 海拉提江。乌斯曼/文 …………… 穆海麦提艾力·艾尼外尔/译 … 97

### 吐鲁番文史研究

吐鲁番坎儿井开挖技术的考究 …………… 阿不来提·阿不拉 … 127
浅谈历史术语与维吾尔历史术语的重要性 …………… 伊力夏提·艾莎 … 135
甘州回鹘汗国与高昌回鹘王国的关系 …………… 阿合买提·买明 … 145

### 吐鲁番文物研究

大桃尔沟千佛洞 …………… 艾尼瓦尔·买买提 … 154